تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

# رەڭدار ھايات



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

رەڭدار ھايات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

رەڭدار ھايات



ISBN 978-7-5371-6126-8

باھاسى: 18.00 يۈەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور ئادرېسى

تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

# رەڭدار ھاياج



(رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : ئابلىكىم ھەسەن
ئامىنە مەخسۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# رەڭدار ھايات

(رومان)

ئاپتورى : تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 8.625
2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—6126—8
سانى : 1—4000
باھاسى : 18.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

زەڭگەر ئاسمان بېتىدە يېڭى ئېتىلغان پاختىدەك سۇس چېچىلىپ تۇرغان ئاپئاق بۇلۇتلار قۇياش نۇرىدا قاشتېشىدەك چاقناۋاتاتتى. قۇياشنىڭ كۇچلۇك تەپتىدىن زېمىننىڭ باغرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. تونۇردەك قىزىرىپ كەتكەن بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدا نە بىرەر قۇش، تۇپرىقىدا نە بىرەر ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. پايانسىز تاش سايىنىڭ بىر چېتىدىكى قۇمتاش دۆڭلۈكنىڭ باغرىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرغان دەريانىڭ سۇيى ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن هارغان ئادەمدەك جىمجىتلا ئېقىۋاتاتتى. مۇشۇ شاۋقۇنسىز دەريالا بۇ سايلىقتا هاياتلىقنىڭ نام - نىشانىدىن خەۋەر بېرىۋاتقان بىردىنبىر مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزىدەكلا بىلىنەتتى. دەرياغا پاراللېل ياندىشقان ئەگرى - بۈگرى ساي يولىدا يىراقتىن بىر ئاق مىنىبۇس كېلىۋاتاتتى. دەريا بويىدا تۇرۇپ يىراقتىن قارىغاندا، بۇ مىنىبۇس تاقىرباش سايلىقنىڭ ئۇچەيدەك تارچۇق يولىدا قوڭغۇزدەك كۆرۈنەتتى. هارغىن ئادەمنىڭ قەدەملىرىدەك ئاستا كېلىۋاتقان مىنىبۇس ئېگىز - پەس كاتاڭ يولىدىن قىيىسىپ چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى تارام - تارامغا بۆلۈنگەن ئاشۇ دەريانىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. مىنىبۇسنىڭ توختىشى بىلەن كابىنكىنىڭ سول تەرەپ ئىشىكىدىن كۆتمەك بۇرۇتلۇق سېمىز شوپۇر يەرگە چۈشتى ۋە مىنىبۇسنىڭ ئوڭ تەرەپ ئىشىكى ئالدىغا ئۆتتى. مىنىبۇسنىڭ چوڭ ئىشىكىمۇ ئېچىلدى.

— ئاكىلار، بىردەم هاۋالانغاچ قورسىقىمىزنى ئەستەرلىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقساقمىكىن، — شوپۇر مىنىبۇسنىڭ چوڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشىكتىن ئىچىگە قاراپ شۇنداق دېدى ۋە كابىنكا دېرىزىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىچىدىن بىر دانە ناننى ئالدى.

— ئوبدان گەپ بولدى، — دېدى مىنىبۇسنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئۇزۇن ساقاللىق ئەر يېنىدىكى كالتا ساقاللىق ھەمراھىغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە مىنىبۇستىن چۈشۈپ، بىردىن ناننى كۆتۈرۈشكىنىچە دەريانىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى.

— ئاچا، سىلىمۇ نان يەۋالامدىلا ـ يا؟

شوپۇر مىنىبۇسنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، سول يان تەرەپتىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە پېشانىسىنى تىرەپ ئۇخلاپ قالغان ئايالغا قاراپ سورىدى. ئايالنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى ئالدىغا ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، بېشىغا گۈش رەڭ ياغلىق چىگكەن، ئۈستىگە ھال رەڭ كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئايال شوپۇرنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈردى ۋە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى شوپۇرغا ھودۇققاندەك بىر خىل تەرزدە تىكتى.

— ھە، كەلدۇقمۇ ئۇستام؟ — ئالدىراپ سورىدى ئايال شوپۇردىن.

— ياق، ئىنى، باشقىلار ئىقىن بويىغا نان يېيىشكە ماڭدى. سىلىمۇ ئاز ـ پاز نان يەۋالامدىلىكىن.

ئايالنىڭ يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغان بولۇپ، چىرايى چىلگە قوغۇندەك يۇمىلاق ئىدى. ئايال ھەسرەت ۋە مۇڭ تۇكۇلۇپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىنى دەريا تەرەپكە تىكتى ـ دە، شوپۇرغا بۇرۇلۇپ ئېيتتى:

— يەۋالسام يەۋالاي، قورسىقىم ئاچقاندەكمۇ قىلىدۇ.

ئايال ئاستا ئېڭىشكىنىچە ئۇلىڭ قولىدا قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، مىنىبۇسنىڭ ئىشىكىدىن يەرگە چۈشتى. دەريا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېتىپ، كۆڭلى ساپ ھاۋادىن باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ

قالغاندەك ئۆزىنى ئازادىلىك ئىچىدە ھېس قىلدى . ئۇ سۇپسۇزۇك سۇلىرى يېنىك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈيىنىڭ بويىغا كەلدى ۋە يەردە زوڭـزىيىپ ئـولتۇردى ، ئاندىن سومكىسىنى ئېچىپ ، ئىچىدىن بىر دانە ياغ ناننى ئالدى . ناننى قولىدا تۇتۇپ سۇ يۈزىدە بىردەم لەيلىتىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئىككى قىلىپ پارچىلىدى ۋە ئوڭ قولىدىكى بىر پارچىسىنى بىر چىشلەم ، بىر چىشلەمدىن ئۈزۈپ يېيىشكە باشلىدى . ئايال ناننى يەۋاتقان شۇ پۇرسەتنىڭ ئۆزىدە بىردىنلا شەرق تەرەپتىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز كەلدى . ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى .

ئايالدىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلىقتا ئولتۇرغان نان يەۋاتقان ساقاللىق ئەرلەرمۇ ئاسمان بوشلۇقىغا قاراشتى . كۆزگە قۇشچە-لىك كۆرۈنگەن كۈمۈش رەڭلىك بىر ئايروپىلان كۆك بوشلۇقىدا ئۇلارنىڭ كۆزىچە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى .

— توۋا ، مۇشۇ ئايروپىلاندا ئولتۇرىدىغانلارمۇ بىزگە ئوخ-شاش پۇتى ئاستىدا ، بېشى ئۈستىدە ئادەملەردۇر - ھە ! — دېدى شالاڭ ساقاللىق بىر ئەر يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ .

— ھەي ئۇكام ۋوي ، سەن ئايروپىلاندا ئولتۇرىدىغانلارنى بوش كۆرمە جۇمۇ . ئۇلار دېگەن چوڭ - چوڭ كاتتىۋاشلار ، پۇلى كۆپ سودىگەرلەر .

— ھەي ... تەڭشەلمىگەن جاھان - دە ، بۇ . باي كەمبەغەل دەپ ئايرىۋاتىمىز بىر - بىرىمىزنى ، ئوخشاش ئادەم تۇرۇپ . يەنە تېخى بەزىلىرىمىز ھاۋادا ئۇچساق ، يەنە بەزىلىرىمىز مانا بىزگە ئوخشاش توپا يولدا ماڭىمىز .

— بىزگە مۇشۇ مىنىبۇسنىڭ نېسىپ بولغىنىنىڭ ئۆزى كاتتا ئىلتىپات دېسەك بولىدۇ . بۇرۇنقى زاماندىكى ئاتا - بوۋىلى-رىمىز بۇ يوللارنى تېخى پىيادە بېسىپتىكەندۇق .

يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ، ئايالنىڭ چىرايى مۇڭلىنىشقا باشلىدى . ئۇ بوشلا نەملەشكەن كۆزلىرىنى يىراقلاپ

www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاندىن يۈتكىدى ۋە ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئاھ، سۆيۈملۈك قىزىم، ماھىرە! سەن مەندەك تومپاي ياشىمايسەن، بەختسىز بولۇپمۇ قالمايسەن، خورلۇق تارتمايسەن. ئاۋۇ كىشىلەر ساڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئايروپىلاندا ئۇچىدىغانلىقىنى دېيىشتى. سەن ئاشۇنداق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئالەمنى كېزىپ بەختلىك ياشارسەن، خۇدايىم... توغرا، مەن بىر ئايال، يەنە كېلىپ ئاجىز بىر ئايال. ئەمما مەن ئاجىزلىقىمنى تەن ئالمىدىم. سېنى ياپونىيىدە ئوقۇتۇۋاتىمەن. سېنى ئاشۇنداق يۇقىرى مەلۇماتلىق قىلىپ تەربىيىلەش يۈرىتىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىمدىن خۇشالمەن قىزىم. مەن سەندىن سۆيۈنىمەن، چەكسىز پەخىرلىنىمەن...»

— يۈرۈڭلار ئاكىلار، ئەمدى يولغا چىقايلى.

ئايال، شوپۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خىيالدىن ئۆزىنى يىغدى - دە، دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى. باشقا يولۇچىلارمۇ ئورنىدىن قوزغىلىشىپ، مىنىبۇس تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئايال ئەمدى باشقىچە روھلۇق ۋە باشقىچە تېتىك كۆرۈنەتتى. يولۇچىلار مىنىبۇسقا چىقىپ ئۆز جايلىرىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، شوپۇر مىنىبۇسنى قوزغىدى...

مىنىبۇس تۈز يولغا ئۇلاشقاندىن كېيىن، شامالدەك يۈرۈپ كەتتى ۋە شۇ ماڭغانچە يېزىنىڭ قاتناش بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. ئاق، يۇمىلاق ئايالمۇ باشقىلار قاتارى يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ مىنىبۇستىن چۈشۈپ، بېكەتنىڭ ئۆزىگە ناتونۇش قورۇسىغا دېلىغۇللۇق ئىچىدە نەزەر تاشلىدى. كىچىك ھەم ئادەمگە قالايمىقان تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ قاتناش بېكىتىدە بىر ئاپتوبۇس ۋە بىرنەچچە مىنىبۇس توختاقلىق ئىدى. قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىغان چوڭ ئاپتوبۇستىن پاختىكارلار چۈشۈۋاتاتتى. بېكەتنىڭ قورۇسىدا يۈزگە يېقىن ئادەم نېمىلەرگىدۇر ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئاق، يۇمىلاق ئايال بېكەت-

نىڭ بىر چېتىگە بېرىپ توختىدى ۋە بېكەتتە بولۇۋاتقان ئالدىراشلىقلارغا بىر چەتتە قاراپ تۇردى .
— هوي ، ئۇزۇن چاچلىق خېنىم ! ...
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ، ئاق ، يۇمىلاق ئايال تېزلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى . ئۆزىدىن ئون قەدەم نېرىدا پاكار بويلۇق ، سېمىزغىنە كەلگەن ، چىرايى ئاق سېرىقراق ، قوي كۆزلۈك بىر ئايال كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى .
— هەي ، تىنچلىقمۇ ؟ — دەپ سالام قىلدى ئۇ ئايال .
— تىنچلىق ، — ئۆزىدىن ئەھۋال سورىغان ئاق سېرىق ئايالنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ئاق پىشماق ئايال .
— ئىسمىڭىز نېمىكىن ؟
— هېنىمبانۇ .
— نەدىن كەلدىڭىزكىن ؟
— خوتەندىن .
هېنىمبانۇ ئاق سېرىق ئايالغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بەردى ۋە كەينىدىنلا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بۇ ئايالغا قاراپ نېمىگىدۇر مەڭدەپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا پەيدا بولغان هودۇقۇش ئالامىتىنى كۆرگەن ئاق سېرىق ئايال دەرھال ئۆزىنى تونۇشتۇردى .
— ئىسمىم خاسىيەت . ماڭا يەنە بىر ئايال ئىشلەمچى كېرەكتى . كۆرگەنسىز ، ئىشلەمچى دېسە شۇنچە كۆپ ، ئەمما ، نېمىشقىكىن سىز كۆزۈمگە باشقىچىلا ئىسسىق كۆرۈندىڭىز . ئېيتىڭە ، مېنىڭ پاختىلىقىمدا ئىشلەشنى خالامسىز ؟
هېنىمبانۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى :
— ئاۋۋال ئىش هەققىمنى دېيىشەيلى ، ئاندىن بىر گەپ بولسۇن . هەر تېرىم پاختىنىڭ كىلوسىغا قانچە پۇل بېرىلا ؟
— بايا سىزگە ئوخشاش خوتەندىن كەلگەن تۆت چوكان بىلەن كىلو بېشىغا سەككىز مودىن بېرىدىغان بولۇپ كېلىشكەندىم .

سىزچە شۇ بويىچە بولسا قانداق بولار، ھىنىمبانۇ خېنىم؟

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، باشقىلار بىلەن كېلىشكەندەك بولسۇن. بىر يۇرتلۇق ئاياللار بىلەن بىللە ئىشلىسەم ئۆزۈممۇ خاتىرجەم بولارمەن.

خاسىيەت ئىسىملىك ئايالنىڭ چىرايى «ۋىلىلدە» ئېچىلدى.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، ئۇ ئاياللارنىڭ قېشىغا بارايلى.

ئۇلار يوك - تاقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان تۆت ئايالنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە بىر ناتونۇش ئايالنى باشلاپ كەلگەن خاسىيەتنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

خاسىيەت ئىسىملىك ئايال ئۇلارغا ھىنىمبانۇنى تونۇشتۇردى.

— بۇ خېنىممۇ خوتەنلىك ئىكەن، ئىسمى ھىنىمبانۇ.

ئۇلار ھىنىمبانۇ بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۆزئارا ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى. خاسىيەت بىر ھىنىمبانۇغا، بىر ئالدىدا تۇرغان ئاياللارغا قاراپ قويۇپ ئاياللارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى:

— بۇ ئېگىز بوي، قارا قاش چوكان زۈپتۈمە، ماۋۇ ئوتتۇرا بويلۇق، مىغداق چوكان زىنۇىدە، ئاۋۇ غۇنچە بوي، ئاق سېرىق چوكان نىۋىيە، ئاۋۇ بۇغداي ئۆڭ، قوش قاپاق چوكان ھەمىدە بولىدۇ.

ھىنىمبانۇ ئاياللارغا قايتىدىن يەنە بىر نۆۋەت قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ھەرقايسىلىرى بىلەن تونۇشقىنىمغا بەكلا خۇرسەنمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ بىلىۋالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

خاسىيەت ماشىنا ئۇقۇشۇپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ بىرئازدىن كېيىن ئاق رەڭلىك، كوزۇپلۇق، كىچىك بىر ماشىنىنى باشلاپ كەلدى.

— خېنىملار ، يۇك ـ تاقلىرىڭلارنى كوزۇپقا تاشلاپ ئۈستىـ
دە ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى خاسىيەت جىددىي قىياپەتتە . ئاياللار
بىر ـ بىرىگە مۇنداقلا بىر قارىشىپ قويۇپ ، يۇك ـ تاقلىرىنى
كوزۇپقا تاشلىدى . يۇك ـ تاقلارنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېـ
يىن ئاياللار ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى . ماشىنا جايىدىن ئاستا
قوزغىلىپ ، بېكەتتىن چىقتى ۋە كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ
كەتتى .

خاسىيەت ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا شوپۇرغا يول كۆرسىتىپ
ئولتۇردى . ماشىنا يولغا چىقىپ ھايال ئۆتمەي سۈپسۈزۈك ئاسـ
مان ئۆزگەردى . ئاق بۇلۇتلارنىڭ ئورنىنى تۇتۇندەك قارايغان
بۇلۇتلار ئىگىلىدى . كوزۇپتا ئولتۇرغان ئاياللار ئەنسىرىگەن
ئىش ئاخىر يۈز بەردى ، يەنى ، ھايال ئۆتمەي يامغۇر تامچىلىرى
تېمىشقا باشلاپ ، بىردىنلا تاراسلاپ چۈشكىلى تۇردى . كوزۇپتىـ
كىلەرنىڭ بەدەنلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇشقا باشلىدى ۋە بىردەمـ
دىلا ئۈستۈبېشى چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتتى .

ماشىنا يامغۇر سۈيىدە پاتقاق بولۇپ كەتكەن يولدا بىردەم
ماڭغاندىن كېيىن سۈرئىتى بارا ـ بارا ئاستىلاپ ، تۆمۈر دەرۋازىـ
لىق بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى . خاسىيەت كابىنكىـ
دىن ئالدىراپ چۈشۈپ :

— قېنى چۈشۈڭلار ، ئۆيگە كەلدۇق . تېز چۈشۈڭلار ! —
دەپ توۋلىدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا .

ئاياللار يۇك ـ تاقلىرىنى ئالمان ـ تالمان ئېلىشىپ ماشىنىـ
نىڭ كوزۇپىدىن چۈشتى . ماشىنا كەلگەن يولىچە يەنە قايتىپ
كەتتى .

— قېنى ، تېز ـ تېز بولۇڭلار ، ئۆيگە كىرىڭلار ! —
خاسىيەت دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى كۆچەپ ئىتتىرىپ ئاياللارنى
ئۆيگە باشلىدى . ئاياللار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ،
ئۆگزىگە تامغان يامغۇر تامچىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ ، پاراسـ

لىغان ئاۋازى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
— ئازادە ئولتۇرۇڭلار ، مەن چاي دەملەپ كىرەي ، — خاسىيەت ئاياللارنى ئىسسىق ئۆيگە باشلاپ قويۇپ ، سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە هايال بولماي چاي ۋە پىيالە كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كىردى .
ئاياللار ئاۋۋال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى ، ئاندىن چاي بىلەن نان يەۋالدى . يامغۇر ۋە سەپەر ئۇلارنى هاردۇرۇۋەتكەندى . شۇڭا ئۇلار بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى .
ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ، خاسىيەت ئۇلارغا يىغىشتۇرۇپ - قويۇلغان ئۆينى كۆرسىتىپ قويدى . ئاياللار ئۆزلىرى يىغىشتۇرۇپ - قويۇلغان ئۆينى تازىلاپ بولۇپ ، يۈك - تاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى . ئۇلار بىرلىكتە ياتاق ئۆينى بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن زۇپتۇمە هەممەيلەنگە قاراپ :
— ئاداشلار ، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ، ئاڭلامسىلەركىن ، — دېدى ، نۇيىيە هەممىدىن بۇرۇن :
— ئەلۋەتتە ئاڭلايمىز ، قېنى ئېيتىڭە ، — دېدى جىددىي قىياپەتتە .
— قارىغاندا ، بىز ئۆيدە خېلى ئۇزاق تۇرىدىغاندەك قىلىمىز . شۇڭا ئۆزىمىزگە ئىش بېشى سايلىۋالساقمىكىن دەيمەن .
— بەلەن گەپ بولدى ، بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق ، دەيدىغان بىر گەپ بار ، شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — بىرەيلەن نۇيىيەنىڭ گېپىگە قوشۇلدى . هەممەيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇشتى .
نۇيىدە زۇپتۇمەگە قاراپ :
— ئۇنداق بولسا ، ئىش بېشى سىز بولۇپ بېرىڭ .
— ياق ، — دېدى زۇپتۇمە بېشىنى چايقاپ ، — مەن بولماي ، سەگەكرەك بىرسىڭلار بولۇڭلار ، — دېدى كۈلۈپ قويۇپ .
— مەن بەك ئۇيقۇچى ، — ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۆز ئالدى

نۆۋىيە ئۇلارغا قاراپ، — ئۆلۈكتەك ئۇخلايمەن. بىرەرسى ئويغىتىپ قويمىسا ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن تېخى.

— ھەي ئاداشلار، ئىش بېشى دېگەن نەچچە كۈنلۈك گەپقۇ. كەچكىچە تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلى. ئارىمىزدا مەكتەپتە ئوقۇغاندا سىنىپ كادىرى بولغانلىرىمىز بولسا، شۇ بىزگە ئىش بېشى بولسا قانداق؟

— دۇرۇس گەپ بولدى.

— راۋۇرۇس پاراڭ قىلدىڭلار.

— ئىلىپتەك گەپ قىلدىڭلار.

ئاياللار نۆۋىيەنىڭ سۆزىنى بىردەك قۇۋۋەتلىگەندىن كېيىن سوراشتى:

— ئەمىسە، قايسىڭلار سىنىپ كادىرى بولۇپ باققان؟ — دەپ سوئال قويدى بىر - بىرلىرىگە قاراپ.

— مەن، — دېدى ھېنىمبانۇ پەس ئاۋازدا، — شۇنداقتىمۇ، باشقا بىرىڭلار...

— بولدى، بولدى، — دېدى زۇپتۇمە ئۇنىڭ گېپىنى بېلىدىن ئۈزۈپ، — بۇرۇنراق مەن بولاي دېسىڭىز بولماسمۇ؟ قېنى، سايلىدۇق ئەمىسە!

— سايلىدۇق...

باشقىلارمۇ تەڭ قوشۇلۇشتى.

ھېنىمبانۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ھەممەيلەنگە قاراپ قالدى ۋە بىرئازدىن كېيىن:

— بىز ھېلىلا پاختا تېرىشنى باشلايمىز. بەلكىم بىزنىڭ بۇ جاپالىق ئىشىمىز ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن. كۈن بويى ھېرىپ - چارچايمىز، شۇڭا ئەتىدىن باشلاپ ھەربىرىمىز بىر كۈندىن نۆۋەتچىلىك قىلايلى، — دېدى تەمكىن ئاۋازدا.

— شۇنداق قىلايلى.

— جايىدا گەپ بولدى.

ئاياللار ھىنىمبانۇنىڭ گېپىنى بىردەك قۇۋۋەتلەشتى. خاسىيەت شۇ كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئاياللارنى يۇلتۇزدەك قويۇق ئېچىلىپ كەتكەن، تاپلىرى ئۇزاق ـ ئۇزاققا سوزۇلغان كەڭرى پاختىزارلىققا باشلاپ ئاپاردى ۋە:

— بۇ پاختىلىقنىڭ ئورنى يۈز مو كېلىدۇ. شۇڭا زېرىكىپ قالماي دېسەڭلار تاپ ئارىلىقىغا يېقىن تۇرۇپ، قىزىقارلىق پاراڭ بولسا دېيىشكەچ قىلىڭلار، — دېدى. ئۆزى بولسا ھايال ئۆتمەي ئېتىز بېشىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئاياللار قوللىرىغا بىردىن خالتا ئېلىشقانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇشۇپ پاختا تېرىشنى باشلاپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاۋا بارا ـ بارا ئىسسىپ جاھان قايناۋاتقان قازاندەك قىزىپ كەتتى. قاقىرام ئاپتاپ ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. يۈزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئاياللار بىر ئاش پىشىمدىن ئارتۇقراق ۋاقىت پاختا تەرگەندىن كېيىن زۆپتۈمە قىزىق ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن بىزار بولۇپ دېدى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ يەر دوزاخمۇ نېمە؟

— بۇ يەرنى دوزاخ دېسىڭىز، دوزاخنى نېمە دەرسىز ئەمدى؟ — دېدى نۇزىيە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن زۆپتۈمەگە قاراپ.

— بۇ ئاپتاپنىڭ ئازابى بىلەن ھارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىرەر ياخشى ئامال تاپساق بولاتتى، — دېدى زىنۇدە پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— بۇ ئىشقا يەنىلا ئىش بېشى بىر نېمە دېسۇن، — دېدى ھەممىدە زىنۇدەگە قاراپ.

ھىنىمبانۇ پاختا تېرىۋاتقان يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى. ئۇمۇ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى.

— نۆۋەتلىشىپ چۆچەك سۆزلىشەيلىمۇ ـ يا؟ — بىرەيلەن

www.uyghurkitap.com

شۆنداق تەكلىپنى بەردى . ئايالالارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭغا ئىنـ
كاس بىلدۈرمىدى . يەنىلا زۇپتۇمە ئېغىز ئاچتى :
— چۆچەكنى ھەممەيلەن بىلىشى ناتايىن . مېنىڭچە ، ھەر
بىرىمىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ بىرىنىـ
مۇ قالدۇرماي سۆزلەپ ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ ؟
— توغرا ، ھەممىمىز ئايال بولغاندىكىن ، ھېچقانداق سىرـ
لىرىمىزنى يوشۇرماي ئۆزىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزـ
لەپ ئۆتەيلى ، — دېدى زىۋىدە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ .
— بۇمۇ ياخشى گەپ بولدى . ئۇنداقتا ، كىم ئاۋۋال سۆزلەپ
ئۆتىدۇ ؟ — سورىدى ھېنىمبانۇ .
— ھەممە ئىش بېشى بىلەن باشلانمىسا بولماس . سىز
ئىش بېشى بولغاندىكىن ، ئاۋۋال سىز سۆزلىمەمسىز ، — دېدى
ھەمىدە چاقچاق تەلەپپۇزدا .
— سىزمۇ سۆزلىمەي قالمايسىز جۇمۇ .
— مانا ـ مانا ، توپ ئاخىر ماڭىمۇ ئېتىلدى ـ دە !
— سىز ئاۋۋال سۆزلەڭ ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سۆزلەي .
ئۇلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن چاقچاقلاشتى . زۇپتۇمە ئاسمانغا
قاراپ كۈلۈپ قويدى .
— ھەي زۇپتۇمە ، ھېنىمبانۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تارىخى
بۈگۈن نەچچە سائەتتە تۈگىمەس ھەرقاچان .
— توغرا ئېيتتىڭىز زىۋىدە ، ئاخىرلاشماسلىقى ئۇ ئېنىق .
ئاۋۋال سۆزلەپ باقمايلىمۇ . داۋامىنى نەچچە كۈنگە بۆلۈپ ئاڭلىـ
ساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ . ئۇلاپ ئاڭلايمىز ـ دە ، ھېنىمبانۇ
كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلىشىمىزگە رىياسەتچىلىك قىلسۇن
ئەمىسە ، — دېدى يەنە بىرەيلەن .
— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭلار ، سۆزلەشنى ئاۋۋال باشلىۋېتەي .
ھارغىنلىقىمىز يوقاپ كەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس ، — دېدى ھېنىمـ
بانۇ ھەمراھلىرىغا تولۇق بىر قاراپ قويۇپ ئېغىر بىر ئۇھسىـ
نىپ .

www.uyghurkitap.com

ئاياللار پاختىلىرىنى تەرگەچ ھىنىمبانۇنىڭ ھېكايىسىگە قۇلاق سالدى .

## 1

مەن رەجەپ ئېيىدا تۇغۇلغانىكەنمەن . مەكتەپ يېشىغا تولغاندا كەنتىمىزدىن ئارىلىقى خېلى يىراقتىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم . مەكتەپتە يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى ئۈچ سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇيتتۇق . ياش قۇرامىمىز تەكشىسىز بولۇپ ، ئارىمىزدا ھەتتا تويى قىلغان ئەر - خوتۇنلارمۇ بار ئىدى . ئەتىگەندىن چۈشكىچە يا ئېتىمىزدا ئىشلەيتتۇق ، يا ئوغۇت يىغاتتۇق . چۈشتىن كېيىن ئاندىن ئوقۇيتتۇق . ئۇ چاغدا ھەممە ئىشنى بىر بولۇپ ئىشلىگەچكە ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ تامىقى كەنتكە ، بىزنىڭ تامىقىمىز مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . شۇ ۋاقىتتىكى سىياسەت بويىچە شەخسىي ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى . ھەممە مۈلۈك ئومۇمنىڭ بولۇپ ، شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى يوق ئىدى .

ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى قىشلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ ، مەكتەپكە يىغىلدۇق . مەكتەپكە كېلىپ قارىساق ، مەكتەپ مەيدانى ئەخلەت - چاۋارلارغا تولۇپ ، بەكلا مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى . پات - پات قويۇن كۆتۈرۈلۈپ ، توپا - چاڭلار تۇزۇپ تۇراتتى . بىز ئاۋۋال تازىلىق قىلدۇق . شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئىچى باشقىدىن يېڭى تۈسكە كىردى . شۇ كۈنى بىر كۈن دەرس ئوقۇماي ئېتىزغا بېرىپ ئەمگەك قىلدۇق .

ئەتىسى مەكتەپ مەيدانىدا ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناپ دەم ئېلىۋاتساق ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئات قوشۇلغان بىر ياربىيار ھارۋا غىچىرلىغىنىچە كىرىپ كەلدى . ھارۋا سۇۋاقلىرى ئاجراپ چۈشكەن پاكار ياتاق ئۆيلەرنىڭ ئالدىغىچە غىچىرلاپ بارغاندىن

كېيىن ، چار ساقاللىق ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئون يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېگىز بويلۇق ، قارامتۇل ، قويۇق قاشلىق ، چوڭ كۆزلۈك چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن قىرىق ياشلاردىكى قارامتۇلراق يەنە بىر ئادەم بىز ئوقۇغۇچىلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . يىگىتنى ئاشۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ، ئۇ يىگىت ئاشۇ ناتونۇش ئادەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى . بىز ئويۇنلىرىمىزنى تاشلاپ ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئارقىسىدىن توپلىشىپ ماڭدۇق . ئۇلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ، سىنىپ مەسئۇلىمىز بىزنى كۆرۈپ :

— ئادەم كۆرمىگەندەك ، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارقىسىغا نېمىدەپ ئەگىشىۋالىسىلەر ؟ بېرىپ ئويۇنۇڭلارنى ئويناڭلار ، — دەپ ئاچچىقلاندى .

ئىش ئايدىڭلاشتى . ئەسلىي ئۇ ناتونۇش ئادەم ئوقۇتقۇچى ئىكەن - دە . ئۇنداقتا ئۇ ياش يىگىتچۇ ، ئۇمۇ ئوقۇتقۇچىمىدۇر ؟

ئەتىسى يىگىتنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئېنىقلاندى . ئۇ مەن ئوقۇيدىغان سىنىپقا قوبۇل قىلىنغانىدى . سىنىپ مەسئۇلىمىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىزگە دانىيال دەپ تونۇشتۇردى . ئويلىغىنىمدەك ھېلىقى ناتونۇش ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ دادىسى ئىكەن . ئۇ كىشى بۇ مەكتەپتە ئۈچ يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن .

دانىيال سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ماڭا باشقىچە بىر نەزەردە قارىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم . شۇڭا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ كۆزىتىشلىرىنى ماراپ قوياتتىم . ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى بۇرۇتى خەت تارتقان بولۇپ ، كۆزلىرى ماڭا خۇددى بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر ۋە سەزگۈر كۆرۈنەتتى .

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن دانىيال سىنىپ باشلىقى ، مەن ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ سايلاندىم .

شۆنىڭدىن باشلاپ مۆناسىۋىتىمىز بارا ـ بارا قويۇقلىشىپ باردى . ئۇ ماڭا يۇرتىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇ باشقا ۋىلايەتتىن ئىدى . ئانىسى كېسەل بولۇپ تۈگەپ كەتكەن ، دادىسى بولسا توي قىلماي ئۆتتۈۋاتقانىكەن . ئۇ بىر ئوغۇل ، بىر قىز ئىككىلا بالا ئىكەندۇق ، سىڭلىسى چوڭ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەچكە ، ئاھالىلەر تارقاقلاشتۇرۇلۇپتۇ . ئۇنىڭ دادىسى چېنىقىش باھانىسىدە بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ، كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆچۈپ كەلگەنىكەن .

مەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قىيىن كۈندە قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . دانىيالغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىمۇ بىرەر ۋاخمۇ قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېمىگەنلىكىنى بىلىپ چۆچۈپ كەتتىم . ئۇ :

— قەيەرگە بارمايلى قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئوخشايدۇ ، — دەپ ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتتۇدى ، ئىچىم بەكلا سىيرىلىپ كەتتى .

دانىيال توغرا ئېيتقانىدى . بۇ يۇرتتىمۇ ئادەم تويغۇدەك تاماق يېيىشكە ھەممە شۇنچە بەك ئىنتىزار ئىدى . كىشىلەر ئاشلىقنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت ئورۇندا بىلەتتى . چۈنكى ، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەننى ۋاقتى كەلسە ئاشلىق ئورنىدا يېگىلى بولمايدۇ ـ دە . كەنتلەردە بىر ۋاخلىق تاماققا قوناق پوستى قايىنتىلىپ تارقىتىلاتتى . ئەمما مەكتەپلەردە بۇنداق «پوستەك شورپىسى»نى كۆرمەيتتۇق . بىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان قاغا جىگدىسىدىن تەييارلانغان بىر ۋاخلىق «مىژمىلاق» بېرىلەتتى . ھەممىڭلار بىلىشىڭلار مۇمكىن ، «مىژمىلاق» دېگەن جىگدە بىلەن كەندىر تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ ، تەمى ھەر ھالدا ياخشى ئىدى . بۇنداق تاماقمۇ

ئاسان تېپىلمايتتى. ئىسىمدە قېلىشىچە، شۇ ۋاقىتلاردىكى بىر قىش پەسلىدە تۆت كىشى ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

بىزنىڭ يۇرت باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا ھەر ھالدا ياخشىمۇ، قانداق، شۇ ۋاقىتلاردا «خىزمەت چېنىقىشى» باھانىسىدە ناھىيەمىزگە كۆچۈپ كەلگەنلەر بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئائىلە كېلىپ چىققىشىمىز ئوتتۇرا دېھقانغا تەۋە بولۇپ، ھال ـ كۈنىمىز ھەر ھالدا باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى ياخشى ئىدى. خېلى چوڭ ياشقىچە ئاتا ـ ئانامنىڭ بىر قىلىقىنى چۈشەنمەي يۈرەتتىم. قايسى قىلىقىنى دېسەڭلار، ئۇلار مېنى يېرىم كېچىدە «تاماق يەۋال قىزىم» دەپ ئويغىتاتتى. شۇڭا مەن كېچىدە بىر ۋاخ تاماق يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. مەن ھەر قېتىم داستىخان ئۈستىدە ھەرخىل گۆش، ئىسسىق تاماق، مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆرۈپ ئانامدىن:

— بۇ ياخشى نەرسىلەرنى نەدىن ئەكەلدىڭلار؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىسام، ئانام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئىشقىلىپ ئوغرىلىمىدۇق. سەن ئۈزۈمنى يە، ساپىقىنى سوراپ يۈرمە، — دەيتتى ـ دە، قانداقتۇر مەندىن بىر سىرلارنى يوشۇراتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن قايتا گەپ كوچىلاپ يۈرمەيدىغان بولدۇم. بىراق «بۇ ياخشى تاماقلارنى نېمىشقا كۈندۈزى تەييارلاپ يېمەيدىغاندىمىز» دەپ ئويلاپ كەتتىم.

يېشىم چوڭايغانسېرى ئەقلىممۇ چوڭايدى. ماڭا قاراڭغۇ ۋە غۇۋا بولغان ئىشلارمۇ ئايدىڭلىشىپ ماڭدى. بارا ـ بارا بىلدىمكى، ئۇ ۋاقىتلاردا كىمدە كىم ئۆيىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارغۇدەك بولسا، شۇ كىشىگە ئاسانلىق يوق بولۇپ، ئۆي ـ جايى مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا يەنە قاتتىق جازالىنىدىكەن.

ئەنە شۇنداق ئىسسىق تاماقلارنى يەۋاتقان چاغلىرىمدا: «ئاتا ـ ئانامنىڭ ئېچىلىك سۇپرام دېسە ئېچىلىپ، تاماق ھازىر بولىدى.

www.uyghurkitap.com

غان خاسىيەتلىك سۇپرىسى بار ئوخشايدۇ» دېگەن گۇمان ـ ئوي كاللامدىن نېرى كەتمەيتتى. بۇ تۇگۈنچەكمۇ بىر كېچىسى ئاخىر يېشىلدى.

بىر كېچىسى قورسىقىم ئاغرىپ كېتىپ، سىرتقا چىقىپ كىرسەم، يان ئۆيدە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ئوچۇق تۇرغان يالغۇز قانات ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسام، دادام پەگاھدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوي سويۇۋاتقانىكەن. تۇغۇلۇپ زادى كىرىپ باقمىغان، ھەمىشە قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە ئۇسسۇپ كىرگىنىمدە، دادامنىڭ قولىدىكى قوي سويۇۋاتقان پەچىقى ھودۇققىنىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئانام ئۇ ئۆينىڭ تېگىدىكى گەمە ئۆينىڭ ئاستىدا كىرىسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا داسقا چوڭ بىر ساندۇقتىن ئاق ئۇن ئېلىۋاتقانىكەن. ئانامۇ يەر ئاستىدىكى گەمە ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ مېنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ماڭە، ساڭا بۇ ئۆيدە ئىش يوق، چىقىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا! — دادام ماڭا تونجى بولۇپ ئاچچىقلاندى. مەن ئارقامغا يېنىپ چىقىپ كەتتىم. ئازراقتىن كېيىن، ئانام يېتىۋاتقان جايىمغا كېلىپ، ماڭلاي چاچلىرىمنى تۈزەپ تۇرۇپ:

— قىزىم، سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيسەن. ھەر كېچىسى بىر ۋاخ يەۋاتقان غىزادىن بىزلا بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. باشقىلار يەيلى دېسىمۇ قول ئىلكىدە يوق. بىزنىڭ جاڭگالدا دادامدىن قالغان ئوتتۇز ـ قىرىق تۇياق قويىمىز بار ئىدى. ئۇ قويلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىز شۇ قويلارنىڭ بەردكىتى بىلەن كۆكلەپ ياخشى يەپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا قويىمىز بارلىقىنى بىر كىمگە دېگۈچى بولما. ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇ قويلار مۇسادىرە قىلىنىشىدىن سىرت، بىزنىمۇ كۆرەشكە تارتىدۇ، — دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئاتا ـ ئانامغا قايىل بولغاندىم.

ئاشۇ تەملىك تاماقلارنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەن چېغىمدا مەن بىلەن ئوقۇيدىغان چىرايى سولغۇن، ئورۇق، كىيىملىرىگە ئۈستى- ئۈستىلەپ ياماق چۈشكەن مىسكىن ساۋاقداشلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكىم ئۇلار ئۈچۈن ئېچىشاتتى. مانا ئەمدى بولسا، دانىيالنىڭ سېيماسى كۆز ئالدىمدىن ئازراقمۇ نېرى بولمىدى. ئۆيىمىزنىڭ داستىخىنىدىكى نازۇ نېمەتلەرنى كۆرگىنىمدە گېلىم غىققىدە بوغۇلاتتى. «مۇشۇنداق ئېسىل يېمەكلىكلەرگە دانىيالمۇ ئېغىز تەگكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە!» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتىم. نېمىشقىدۇر، ئۇ شۇ كۈنلەردە كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى كۆرگۈم كېلىپلا تۇراتتى. بىر كۈنى ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى باغقا كىرسەم، بېدە قۇلاق چىقىرىپ خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ.

بۇ يۇمران بېدىلەرنى كۆرۈپ، بالىلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇلاردىن ئىككى- ئۈچ تال ئۈزۈپ ئېلىپ، ھىدلىدىم، بۇرنۇمغا مەززىلىك كۆكلەم ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. تېنىمدە كۈچلۈك ھاياجان تاشقىنلىدى: «ئاھ، باھارنىڭ تىنىقى بولمىش كۆكلەم ھىدى، باھار پەسلىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تەبىئىي كۆكتات…»

ئالدىمدىن «پۇررىدە» ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر سۇندۇك مېنى خىيالدىن سەگىتتى. كۆكلەم پەسلى دەرھال دانىيالنى ئېسىمگە سالدى.

شۇ كۈنى بىر ئېتەك بېدە تەردىم.

دانىيال ھېلىلە ياغلىققا چىگىپ ئاپارغان بېدىنى قولۇمدىن ئېلىپ:

— رەھمەت سىزگە، كۆكتاتلىرىمىز يوق ئىدى، — دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرىكىم مۇجۇلدى. مەنمۇ يىغلاپ سالغىلى تاس- تاس قالدىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئېغىر كۈندە قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەر كۈنى ئۆيىمىزدىن ئۇنى- بۇنى

www.uyghurkitap.com

چىگكەچ باردىم . دانىيال جىگدە ، گۈلە ، قۇرۇق ئۆزۈم ، مېغىز ، گازىر ، ئۇن ۋە بەزى ـ بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندا ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ كېتەتتى . مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئاتا ـ ئانامغا تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئەتىسى مەكتەپكە ئالغاچ باراتتىم .

دانىيال ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلاتتى . ئۇنى «ياردىمىمدىن مىننەتدار بولغاچقا مۇشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىدۇ ـ دە» دەپ ئويلايتتىم . بىراق ئۇنىڭ زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ سىرىنى ئۇزاققىچە بىلەلمىدىم ...

باش كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . سىنىپ مەسئۇلىمىز ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئەللىك جىڭدىن ئوغۇت توپلاش ۋەزىپىسى چۈشكەنلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئوقۇغۇچىلارنى يېقىن ئەتراپتىكى جاڭگالغا باشلاپ باردى . زومچەك ـ زومچەك دۆڭلىرى يۇلغۇن ۋە يانتاقلار بىلەن قاپلانغان كەڭرى بىر يېشىللىق قوينىغا يېتىپ كەلگەندە ، ھەممىمىز ئۇۋىسىدىن تارىغان ھەرىلەردەك جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ بۆلۈندۇق . مەن تەبىئىيلا دانىيال بىلەن بىر گۇرۇپپا بولدۇم . دانىيال جاڭگالنى بۆك ـ باراقسان ئورمانلىق دەپ ئويلىغانىكەن . چۈنكى ، ئۇ جاڭگال دەپ ئاڭلىغىنى بىلەن ، جاڭگال ئىچىگە كىرىپ باقمىغانىكەن . شۇڭا ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى .

بىز باشقىلاردىن ئايرىلىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، بىر ئاچال يولغا ئۇلاشتۇق . دانىيال ماڭا ئۇنى ـ بۇنى كۆرسىتىپ ، قەدەمدە بىر سوئال ياندۇرۇپ ماڭاتتى . مەن ئۇنىڭغا ناتونۇش كۆرۈنگەن قوماچ ، قامغاق ، چاكاندا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كىلە ، كەسلەنچۈك ، پاتمىچۇق قاتارلىق يەر بېغىرلىغۇچى جانىۋارلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەتتىم . غۇر ـ غۇر شامال قۇلىقىمىزدىن يېنىك ھۇشقىيتىپ ئۆتەتتى . توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ

ئەۋرىشىم پۇتاقلىرى ھەريان ئىرغاڭلايتتى . دانىيالنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى . گۇللۇك چىت كۆڭلەكىم بىلەن ئۇنىڭ كىرلەشكەن ، مورە ۋە پەۋازلىرىغا ياماق چۈشكەن ئاق ماتا كۆڭلىكىمۇ تىنىمسىز لەپىلدەيتتى . بىز ئۈچ داۋاندىن ئاشقاندا ، ھېرىپ پۇت - قولۇم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى . دانىيال مېنىڭ پات - پات ئۇھ تارتىشلىرىمغا خېلى دىققەت قىلغاندىن كېيىن :

— ھېنىمبانۇ ، بىردەم ئارام ئالايلىمۇ ؟ — دېۋىدى ، مەن شۇ ھامان ماقۇللۇق بىلدۈردۈم . بىز پاكار بىر دۆڭنىڭ يانباغرىغا ئۇلاشقاندا قولۇمدىكى قات - قات ياماق چۈشكەن بوز تاغارنى يەرگە يېيىپ سالدىم ، ئاندىن ئىككىمىز تاغارنىڭ ئۈستىدە پۇت سۇنۇشۇپ ئولتۇرۇشتۇق . دانىيال ماڭا يەر تېگىدىن بىر ھازا زەڭ سالغاندىن كېيىن :

— ھېنىمبانۇ ، سىزگە نەچچە ۋاقتىن بېرى ئېيتالماي يۈرگەن بىر گېپىم بار ئىدى . بۇ يەردە ئېيتسام بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ، مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ دەرھاللا :

— قېنى دەڭ ، قۇلىقىم سىزدە ، — دېدىم . ئۇ بوش يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن :

— سىز ھەم چىرايلىق ، ھەم بەك ئوڭلۇق قىزكەنسىز ، ھېنىمبانۇ . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، سىزنى ئويلىماي دېسەممۇ ، كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىسىز … مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن . ئەگەر سىزمۇ مېنى ياقتۇرسىڭىز ، ئىككىمىز توي قىلىپ ، بىرگە ئۆي تۇتۇپ جاپا بىلەن راھەتكە تەڭ شېرىك بولغان بولساق دېگەننى ئارزۇ قىلىمەن ، — دېدى .

دانىيالنىڭ ئېغىزىدىن تۇيۇقسىزلا چىققان «توي» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا ھەم غەيرىي ھەم بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلانغاچقىمىكىن ، ئىچىمگە بىر خۇشلۇق سىڭىپ كىردى . تەنلىرىم ھاياجان-

لىنىپ ياپراقتەك تىترىدى . بىر ھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم . مەن زۇۋان چىقارمىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەردى .

— مەن سىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن ، ھېنىمبانۇ . مېنى قىينىماڭ ، ماڭا ئىشىنىڭ ، مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل دەڭ ، — ئۇنىڭ ئاۋازلىرى تىترەپ چىقتى .

— دانىيال ، — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، — سىزنى رەت قىلمايمەن ، ئەمما باشباشتاقلىق قىلىپ سىزگە مېڭنى ماقۇل دېگىنىم بىلەن ئاتا ـ ئانام نېمە دەر ؟ ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزۈڭ ، ئەگەر ئۇلار رازىلىق بەرسە ، سىز بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان .

— ھېنىمبانۇ ، سىز مېنى ئاجايىپ خۇشال قىلىۋەتتىڭىز . تەكلىپىمنى رەت قىلارمۇ دەپ ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتكەنىدى . ئەمدى سىزدىن خاتىرجەم بولدۇم . ئالدىمدا يەنە بىر ئۆتكەل بار ئوخشايدۇ . مەن چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئالاي . مېنىڭچە ، ئۇلار ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە ھۆرمەت قىلار . شۇڭا ئۆيدىكىلەر ئائىلىڭىزگە دەرھال ئەلچى كىرگۈزسۇن .

دانىيالنىڭ غەم ۋە مۇڭ تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايىنىڭ ئېچىلىشى مېنى ھەيران قالدۇردى . ئالدىمدا ئىنتايىن شوخ كۆلگۈنچەك بىر يىگىت گويا كىچىك بالىدەك قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى . ئۇنىڭدىكى شوخلۇق ماڭىمۇ ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى .

نېمە بولغىنىنى بىلمەيلا قالدىم ، ئۇ ماڭا بىردىنلا ئېتىلدى . كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە نېمە بولغىنىنى بىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزۈمنى قوينىدا كۆردۈم . ئۇنىڭ نەم ھەم قىزىق بېلەكلىرى نازۇك بەدەنلىرىمنى ئامبۇردەك قىسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغان ، قىزارغان يۈزلىرىدىن شوخلۇق ياغدۇرۇپ قىزىق قېلىن لەۋلىرىنى لەۋلىرىمگە بېسىپ سۆيۈۋاتقان مىنۇتلاردا مەن ھەممىنى ئۇنتۇغاندىم...

دانىيال ۋەدىسى بويىچە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاتا - ئانامغا ئەلچى كىرگۈزدى ، ئەمما ئۇيلىمىغان ئىش يۈز بەردى . دادام ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدا تەرسالىق قىلىپ :

— مېنىڭ باشقا يۇرتلۇققا بېرىدىغان قىزىم يوق ، — دەپ تۇرۇۋالدى .

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، دانىيالنىڭ ئەلچىسى يەنە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغاندا دادام :

— قىزىمنى سىرتنىڭ بېگىگە بەرگۈچە ، ئىشىك ئالدىدىكى گادايغا بېرىمەن ، — دېدى ئۇدۇللا ، — ئىشىكىمگە يەنە ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى كېلىپ يۈرمىسۇن ، — دەپ گۈركىرىدى . دادامنىڭ بۇ جاھىللىقى قەلبىمدە تۈگىمەس ئازاب يارىسى پەيدا قىلدى . دادام مېنى شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپكە ئەۋەتمىدى .

— قىزىڭ ئەمدى دانىيال دېگەن بالا بىلەن كۆرۈشىدىغان بولسا ، پۇت - قولىنى چېقىۋېتىپ ، تۇڭلۇكتىن نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن ، — دەپ ئانامغا ھەيۋە قىپتۇ دادام . مەن دادامدىن زىيادە قورققاچقا دانىيالنى سېغىنىپ قالسام ، «ئۇ دېگەن بىر ئۇخلاپلا كۆرگەن شېرىن چۈشۇم» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم . يۈرىكىمدىكى ئازاب ۋە دەردىمنى ئىككى كۆزۈمدىكى ياشتىن چىقاردىم . دادام مېنى قونچاق بىلسە كېرەك ، ئۆزى كېسىپ ، ئۆزى تىكىدىغان تىككۈچىدەك ھېچ بىر مەسلىھەتسىزلا مېنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بولغان كەم سۆز ، ئوتتۇرا بويلۇق ، چىرايى نېگىردەك قارىماتاق كەلگەن قادىر ئىسىملىك بىر يىگىتكە مەجبۇرىي توي قىلىپ قوشۇپ قويدى .

كېيىن ئاڭلىغۇدەك بولسام ، توي كۈنى دانىيال بۇ يەردىن ئەلەم بىلەن كېتىپ قاپتۇ . مەن ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، خۇددى يۈرىكىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ ، يۇم - يۇم يىغلىدىم ...

www.uyghurkitap.com

## 2

قادىر بەكلا كۆچتۆڭگۆر يىگىت ئىدى . جاڭگالدىن قىش ـ ياز ئوتۇن كېسىپ كېلىپ نانغا تېگىشىپ كېتەتتى . كوپىراتسىيە دەۋرى بولغاچقا ، مەن ئەترەتتە ئىتىز ئەمگىكى بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتىم ، ئۆيدىمۇ بىردەم ئارامچىلىق يوق ئىدى . «ئۆي تۇتۇش» ئادەمنى خېلىلا ھاسىرىتىدىكەن ، ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ ۋەزىپە ئېلىشۋېلىشقا ئالدىراپ ، ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ ناشتىنى ئېتىز بېشىدا قىلاتتىم . بەزى ئايلاردا دولقۇن بولاتتى . دولقۇن دېگەن نېمە ؟ دولقۇن دېگەن كەچلىكى ئېلىپ بېرىلىدىغان ، يېرىم كېچىدـ گىچە داۋام قىلىدىغان ، جىددىي داۋاملىشىدىغان ئەمگەك بولۇپ ، مەن ئەنە شۇ يەر مەيدانلاشتۇرۇش ، ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش دولقۇنىدا توپا يۇدۇپ ئوڭ مورەم ئولتۇرۇشۇپ كەتتى . كۆزلىرىم شامالدا ياشاڭغىراپ ، كۆزۈمنىڭ ئېقى قىزىرىپ تۇراتتى . كۆز چاناقلىرىم گويا ئۇن چېچىۋەتكەندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى . چىرايىم شۇمۇۋالغاندەك ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ ، سارغىيىپ تاتارغانىدى .

بىر كۈنى ئانام مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ :

— تۇۋا ، يىگىندەكلا قاپسەنغۇ ، قىزىم ، — دېدى ئۇستۇۋـ شىمغا ھەيرانلىق بىلەن سەپسىلىپ .

— غوجام كۈيئوغلىمىزنىڭ خاپىلىقى بولمامدۇ ؟ ئۆي ، ئېـ تىز ئىشلىرىغا تولا قاتنىشىۋېرىپ مۇشۇنداق بولۇپ كەتتىم ، — دېدىم ـ دە ، «ۋاڭكىدە» يىغلاپ سالدىم .

— يىغلىما قىزىم ، — دېدى ئانام مەڭزىمدىكى ياشنى سۈرـ تۈپ تۇرۇپ ، — قادىراخۇن ئۆي ئىچىدە يىرىكلىك قىلامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— يىرىكلىك قىلسا ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىممۇ ؟ يۇلغۇن توشۇيمەن دەپ جاڭگالدىن كەلمەي ھەممە ئىشنى ماڭا تاشلاپ

قويدى شۇ .
— قىزىم ، — دېدى ئانام مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇ-رۇپ ، — قادىراخۇن ئۇينىغىلى كەتمەپتىغۇ ، ئۇمۇ ئاشۇ ئۆي ئۇچۇن كۆيۈپ يۈرۈپتۇغۇ ، يۇلغۇنچىلىق قىلسا ئۇنىڭ نەرى يا-مان ؟ ئۇ توشۇغان يۇلغۇنلارنى نانغا تېگىشىپ كەلسە ، قورسىقىڭ ئاچ قالمىسا شۇ ئەڭ زور بەختىڭ قىزىم .
دېمىسىمۇ ھەممە ئۆينىڭ ئىچىنى قاتتىقچىلىق قاپلىغان ، ھەتتا بىر نانغا زار ئائىلىلەر خېلى كۆپ ئىدى . قادىر بولسا بۇ قاتتىق كۈنلەرنى يېڭىۋاتقان ، نان ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان جىگەرلىك ئەر بولۇشى مۇمكىن دېگەنلەرنى ئويلىدىم .
ئانامنىڭ شۇ قېتىمقى چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن ئۇنىڭدىن قايتا ئاغرىنىپ يۈرمەي ، يەنە ئەترەت ئايرىپ بېرىدىغان ۋەزىپىنى ئويلاپ ئېتىزغا يۈگۈردۈم . ئۇزاققا قالماي يەر توڭلىدى . شۇنىڭ بىلەن تاغار يۈدۈشتىن قۇتۇلدىم .
قىشنىڭ سوغۇقى داۋام ئېتىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى . پۇت - قوللىرىم تۈرۈپ - تۈرۈپ ماغدۇرسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى ، كۆڭلۈم ئاچچىق - چۈچۈكنى تارتاتتى ، قەدەمدە بىر ھۆ قىلىشقا باشلىدىم . قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئويغىنىپ كەتسەم ، قايتا ئۇيقۇم كەلمەي ، بىھېساب ئويلار بىلەن بولۇپ ، ئالەمنى مىڭ تاسقاتتىم . ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا تولىراق دانىيال خىيالىمغا كېلىۋالاتتى . ئۇنىڭ كېلىشكەن سېپى-ماسى ، خۇشخۇي مىجەزى مېنى ئىزچىل ئازابلايتتى .
بىر كېچىسى ئۇ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ياماق چۈشكەن ماتا كۆڭلىكى يوقمىش ، ئۇ رەختى ئېسىل ئاق كۆڭلەك كىيگەنمىش ، ئۇ ماڭا ناھايىتى ھەشەم بېزەلگەن كەڭ بىر ئۆينى كۆرسىتىپ :
— بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ، چىرايلىقمىكەن ، — دېگۈدەكمىش ، مەن :

— نوۋا، بىزنىڭ يۇرتتا بۇنداق دەر پەردىلىك ياسىداق ئۆيلەردە پەقەت بايلارلا ئولتۇرالايدۇ دېسەم، — ئۇ رەتلىك ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ بېيىپ قالدىم، — دېگۈدەك. مەن ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلىپ:

— بەك نامرات ئىدىڭىز، قانداق قىلىپ بېيىدىڭىز؟ — دەپ سورىغۇدەكمەن. ئۇ:

— توغرا يول تېپىپ، ھالال كەسىپ قىلىپ بېيىدىم، — دېگۈدەك. شۇ چاغدا يېنىمىزغا قارا قوشچاق بىر ئايال پەيدا بولۇپ مېنى بىرمۇنچە تىللىغۇدەك ... قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇستۇۋېشىم تەرلەپ كېتىپتۇ. چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يۈرىكىم ئىزىغا چۈشتى. شۇ كېچىسى ئۇنىسىز ئىندا قىلدىم: «نەلەردە يۈرۈيدىغانسەن؟ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىدىكەن، ئارمانلىرىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. توي قىلىشىمۇ نېسىپ بولمىدى، بۇ جەھەتتە ھەر ئىككىمىز ئاجىز كەلدۇق. بولۇپمۇ قىز بالا دېگەن ھەممىدىن بەك ئاجىز كېلىدىكەن، دادامنىڭ ئاچچىقىدىن بەكلا قورققاچقا جۈرئەتلىك بولالمىدىم. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىمىز بىر ئۆمۈر ئارماندا ئۆتىدىغان بولدۇق. مېنى كەچۈرگىن دانىيال، شۇ تاپتا يۈرىكىم سەن ئۈچۈن زەردە گۆش بولماقتا ...» سەھەرگە يېقىن كۆزۈم يۇمۇلغاندەك تۇرۇپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، ناشتىلىق تەييارلىدىم. بىراق، گېلىمدىن بىر چىشلەممۇ نان ئۆتمىدى، ئىشتىھايىم يەنىلا ئاچچىق - چۈچۈك، سوغۇق بىر نەرسىنى تارتاتتى. ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتسام قېيىنانام پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدۇ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سورىدى قېيىنانام چىرايىمغا قاراپ.

مەن ھالسىز ئۇھ تارتىپ دېدىم:

— كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇرىدۇ ، — بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قېينانامنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى .

— خۇشاللىق ئوخشايدۇ ، سىز چوقۇم قورساق كۆتۈرۈپ-سىز ، — دېدى ۋە ، — شۇنداق بولغاي خۇدايىم ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

مەن قېينانامنىڭ سۆزىدىن كېيىن قىزىم ماھىرەدىن كېيىن ئىككىنچى بالىمىزغا قورساق كۆتۈرگەنلىكىمنى بىلدىم . بۇ خە-ۋەرنى كەچقۇرۇن قېينانام قادىرغا دېگەندە ، ئۇمۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى ، ھەتتا ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن ، مېنى ھە-دەپ سۆيۈپ كەتتى .

ھامىلدار بولغانلىقىم راست بولۇپ چىققاندىن كېيىن ، ئەترەت مېنى ئەمگەكتىن ئازاد قىلىۋەتتى . ئۆيدە ئارام ئالدىم . توغۇت ۋاقتىم ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقىدا بېرىپ - كېلىپ دېگۈ-دەك ئۆتتى .

توغۇت قارايىم كۆز ۋاقتىغا توغرىلىنىپ ، پاقالاندەك بىر ئوغۇل تۇغدۇم . قادىر بەك خۇشال ئىدى . ئۇ بازاردىن ھەرخىل مېۋە - چېۋە ، تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئەكېلىپ مېنى ياخشى ئوزۇقلاندۇردى . دادامۇ بىر قارا پاقلاننى سويۇپ تېرىگە ئالدى . گۆشنى شورپا قىلىپ يېگۈزدى . تەشكىلدىن يىگىرمە جىڭ ئاق ئۇن بەردى . بۇ نورمىنى قادىر ئىشكىتىن كۆتۈرۈپ كىرگەندە ، ھەممىمىز بەك خۇشال بولدۇق ، ئوغلىمىزغا ئەلى دەپ ئىسىم قويدۇق . ئۇ ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى . قادىر بالىغا شۇنداق ئامراق ئىدىكى ، بىر - ئىككى كۈن كۆرمىسە ئۇچىنچى كۈنى نەدە بولمىسۇن ئۆيگە ئۇنەتتى . ئۇ خاماندىن كېيىن يۈلغۇن-چىلىق قىلمىدى . ئۇ ئەمدى جاڭگالدىن قىزىرىپ پىشقان ئالقات-لارنى قېقىپ چىقىپ ، شەھەر بازارلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلىشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭ قولىدىن پۇل ئېلىپ خەجلەيدىغان بولدۇم . ئۇ بىر كۈنى كەچتە :

— خوتۇن ، ھازىر ئالقات يامان ئەمەس پۇل بولۇۋاتىدۇ ، مەن يېتىشەلمەي قالدىم ، ئەتە مەن بىلەن جاڭگالغا بىللە بارغان بولساڭ ، — دېۋىدى ، مەن :

— قىزىمىز ماھىرەغۇ چوڭ بولۇپ قالدى ، ئۇ ئاتا ـ ئانا-نىڭ ئۆيگە ئوبدان كۆندى . ئەمما ئەلىنى قانداق قىلىمىز ، ئۇ تېخى ئېمىۋاتسا ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا قاراپ .

— بالىنى ئېلىۋالايلى ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن .

— ھاۋا بەك ئىسسىق تۇرسا ، بالىغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالارمى-كىن ، — دېدىم مەن دېلىغۇل بولۇپ .

— مەن تۇرسام ، نېمىدىن ئەنسىرەيسەن ، — دېدى ئۇ ئەن-سىرەشلىرىمنى پەرۋايىغا ئالماي .

بىز ئەتىسى سەپەرگە تەييارلاندۇق . قادىر ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ، ئاق ئېشەكىمىزنى رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا قوشتى . شۇنداق قىلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرى جاڭگالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . بىز لېيىغىنىچە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا ئىككى ـ ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈك جاڭگال قويىنىغا بارا ـ بارا كىرىپ كەتتۇق . كۆزۈمگە قىزارغان يۇلغۇنلار ، ھەيۋەت ـ ھەيۋەت توغراقلار ، كۆكۈچ يانتاقلار چېلىق-قىلى تۇردى . بىز كۈن بىلەن بەسلەشكەندەك خېلى ئىلدام يول يۈرۈپمۇ ئالقاتلىققا يورۇق نامازشام بىلەن يېتىپ كەلدۇق . قادىر لاقا ـ لۇقىلارنى بىر تۇزلەڭلىككە قويدى . ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئارقىنىنى ئۇزارتىپ ئوتقا قويۇۋەتتى . مەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئەلىنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ لاقا ـ لۇقىلارنى چۇۋۇدۇم ۋە ئەديالنى ئېلىپ ، پاكار بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە يايدىم . بىز دۆڭنىڭ ئۇستىدە ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇشتۇق . قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ بولۇپ ئۇخلاشقا يېتىشتۇق .

ئەتراپ گۆرۈستاندەك قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى . كۆزۈمگە ئۇي-قۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس . كۆزۈمنى زورلاپ يۇمسام ، يەنىلا قور-



www.uyghurkitap.com

قۇنچ ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسىدا كۆزۈم يىرتىلغاندەك يەنە ئېچىلىپ كېتەتتى . ئوڭغا ئۆرۈلۈپ ، سولغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي دېگۈدەك يېرىم كېچە بولدى . بىر چاغدا بىردىنلا قۇلىقىمغا غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . كەينىدىنلا يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ھۇۋلاشقان ۋە چىرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى . قادىرنى ئاستا نوقۇپ ئويغاتتىم . ئۇ ئاران تەستە كۆزىنى ئاچتى .

— نېمە بولدى ھېنىمبانۇ ، نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ غۇڭ ـ غۇڭ ئاۋازدا .

— سىز ئاڭلاڭ ، يېقىنلا يەردە غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتىدۇ . ئۇ نېمىلەرنىڭ ئاۋازى ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا .

ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بىردەم قۇلاق سالغاندىن كېيىن :

— قاۋان بىلەن بۆرىلەر ئوخشايدۇ . ئۇلار يا ئاچ ، يا بولمىسا كۈچۈكلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ، شەپە بېرىۋاتسا كېرەك . خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمىسەك ، بىزگە خىرىس قىلمايدۇ . مەن ئۇلار بىلەن كۆنۈشۈپ قالغانمەن . ئۇخلاۋېرىڭ ، بىز ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس ، شۇڭا ئۇلار بىزگە چېقىلمايدۇ ، — دېدى .

— توۋا ، سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا شۇنچە ئىشىنىپ بۇ يەردە قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن ، ئۇلار دېگەن ھايۋان ، يەنە كېلىپ ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋان . ئۇلارنى ئادەمگە چېقىلمايدۇ دەپ سىزگە كىم ئېيتقان ؟ — دېدىم قادىرغا كايىپ . ئۇ شۇ چاغدا :

— ھازىرغىچە ئۇ ھايۋانلار بىرەر ئادەمنى يەپ كېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم . مېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆيگە ساق- سالامەت قايتىپ بارغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ ، — دېدى .

— سىز بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق بەخىرامان ئۇخلامتىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن . ئۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەئە ، — دەپلا جاۋاب بەردى .
— توۋا ، يەككە ـ يېگانىمۇ ؟— دەپ سورىدىم مەن جىددىيـ
لىشىپ .
— ھەئە ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ . مەن تېخىمۇ ھەيرانلىق
ھېس قىلىپ دېدىم :
— توۋا ، سىزنى غەپلەت بېسىپ كېتىپتۇ . سىز بەك بىغەم
بولۇپ كېتىپسىز . بۇ جاڭگالدا يالغۇز يېتىپ ئۇخلاش تۇگۇل ،
كۈندۈزى يول يۈرۈشكىمۇ ئەيمەنگۈدەك كىشى .
— مەن نەچچە يىلدىن بېرى كۆنۈپ قاپتىمەن . ھېنىمـ
بانۇ ، — دېدى ئۇ كېيىمگە پەرۋاسىزلا قاراپ . مەن ئاۋازىمنى
يەنىمۇ كۆتۈرۈپ ئېيتتىم :
— سىز بەكلا قاپ يۈرەككەنسىز . يا سىزگە ئوخشاش ئەرـ
لەرنىڭ يۈرىكى شۇنداق چوڭمىدۇر . قاراپ تۇرۇپ بۆرە ، قاۋان ،
توڭگۇزلارنىڭ ئارىسىدا خورەك تارتىپ ئۇخلىيالايدىغىنىڭىزغا توـ
ۋا دەيمەن !
ئۇ كېيىمنى پەرۋايىغا ئالمىدى :
— بۇنىڭغا توۋا قىلىش كەتمەيدۇ ھېنىمبانۇ . سىز ئۇچۇن
بۇ تونجى جاڭگال سەپىرى ھەم جاڭگالدا تۇنجى قېتىم قونۇشىڭىز
بولغاچقا سىزگە شۇنداق قورقۇنچلۇق بىلىنىپ كەتكەن گەپ .
قورقماڭ ، مەن يېنىڭىزدا سىزگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپتىمەنغۇ ،
— دېدى قادىر .
— ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز يۈرىكىم ئاللىبۇرۇن
قېپىدىن چىقىپ كېتەركەن . بۇنداق ھۇۋلاش ، چىرقىراشلار قۇـ
لاق تۇۋىمدىن كەتمەي ، كۆزۈمگە يا ئۇيقۇ كەلتۈرمىسە ، — دېدىم
پەس ئاۋازدا .
ھېلىقى ئاۋازلار توختىمايۋاتاتتى . ئۇ ئەنسەنچلىك قىلىپ
ئېيتتى :
— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەمدى ئەتە ئاخشامدىن تارتىپ بەھۇـ

زۆر ئۆخلايدىغان بولۇپ كېتىسىز، — دېدى. مەن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— بۇ قورقۇشۇمدا قانداق بولاركىن. بايا تېخى سىز يەنە قاۋان، توڭگۇز ۋە بۆرىدىن باشقىمۇ ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى ئەسلىتىپراق ئۆتكەنىدىڭىز. قارىغاندا، بۇ يەر راستتىنلا ھايۋانلار دۇنياسى ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۆزۈمنى قاماللاپ تۇرغان قورقۇنچنى بېسىپ.

— يەنە بىر قېتىم دەي، قورقۇپ كەتمەڭ. بۇ يەر دېگەن جاڭگال. شۇڭا ئۇنىڭ قوينىدا ھەممە نەرسە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قوينىدىكى ھايۋانات، ئۇچار - قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ سانىنى مەنمۇ بىلىپ بولالمايمەن. ئەمما سىزدە شۇنداق ئېنىق بىر چۈشەنچە بولسۇن: بۇ يەردە قاۋان، توڭگۇز، بۆرىدىن باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن يەنە تۈلكىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. قالغانلىرى كېيىك، بۇغا، توشقان دېگەندەك ئۆزى ياۋاش، ئادەملەرگە خەتەر يەتكۈزمەيدىغان ھايۋانلار. گۆشخورلىرى ئوتخورلىرىنى ئوۋلاپ يېسە، ئوتخورلىرى جاڭگالدىكى ئوت - چۆپنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ياشايدۇ، — قادىر ماڭا شۇنداق چۈشەندۈردى.

مەن قادىرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇم. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ جاڭگاللىق ئىچىنى نەچچە يىلدىن بېرى كېزىپ چىققانلىقىغا، ھايۋانلارنى تۈر - تۈرى بويىچە كۆرۈپ ئۇلارنىڭ خەتىرى بار - يوقلۇقىغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.

بىز ئەتىسى سەھەردىلا قويۇق چاتقاللار ئارىسىدا بولۇق قىزىرىپ پىشقان ئالقاتلارنى پالاس ئۈستىگە قېقىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدۇق. ئالقاتلار بەكمۇ تەس تۆكمە بولۇپ چۈشەتتى، قادىر ياغاچ كالتەكنى شۇنچە كۈچەپ تەكرار - تەكرار ئۇرسىمۇ ئانچە - مۇنچە تۆكۈلەتتى - يۇ، تولۇق تۆكۈلمەيتتى. ئۇ قېقىشۇرىپ ھېرىپ كەتكەندى. يۈزىدىن تەپچىرەپ تۆكۈلۈۋاتقان تەرلە-

ـرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ، قولىغا كىچىك پالتىنى ئالدى .
ئۇ غول پۇتاقلىرىنى تۈۋىدىن كېسىپ تاشلاشقا باشلىدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە پۇتاقنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن :
— ھېنىمبانۇ ، بۇ پۇتاقلارنى سۆرەپ ئاپىرىپ پالاس ئۈستىدە بىر - بىرلەپ شېخىدىن ئاجرىتىڭ ، — دېدى ماڭا قاراپ .
ئالقاتلارنى شېخىدىن ئاجرىتىشنىڭ بەكلا تەسلىكىنى شۇ چاغدا ئاندىن تولۇق ھېس قىلدىم . پۇتاقلارنىڭ تىكەنلىرى بارماقلىرىمىغا سانجىلىپ ئالىقانلىرىمنى قانغا بويىۋەتتى . ئىككىمىز بەكلا جاپالىق ئىشلەپ ، خېلى كۆپ ئالقات قاقتۇق .
مەن ئۇچىنچى كۈنى ئەتىگەندە قادىرغا :
— بۈگۈن خۇپتەنگىچە ئىشلىسەكمۇ مەيلى ، يەنە بىر ئاز ئالقات قېقىۋېلىپ ئەتە يولغا چىقايلى ، ئوغلىمىز ئەلىمۇ بەك خاپىلىق تارتىپ كەتتى . ئۇ بىر ئاز قىزىپ قالغاندەك قىلىدۇ ، — دېدىم . قادىر گېپىمگە ماقۇللۇق بىلدۈردى .
شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەلىنى بىر تۈپ چاتقاللىقنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىتىپ قويۇپ ، قادىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىم ، كىممۇ ئويلىغان دەيسىلەر؟ ئاردىن ئالاھازەل بىرەر سائەت ئۆتتىمۇ دېيمەن ، ئىككىمىز قايتىپ كەلسەك ئەلى مەن ئۇخلىتىپ قويغان ئورنىدا يوق . بىز جىددىيلىشىپ ئەتراپنى تولۇق بىر نۆۋەت ئاختۇرۇپ چىقتۇق . ئەمما ئوغلىمىز تېپىلمىدى . شۇ بىر كېچە ئەلىنى ئىزدەش بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق .
تاڭ ئېتىشى بىلەن قادىر بىر نەرسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە چىرايى تاتارغان ھالدا يىغلاپ كەلدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دېدى :
— ۋاي ئىسىت ! ئەلىنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ !
ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . قانداق ۋاقىتتا ھوشۇمغا كەلگىنىمنى بىلمەيمەن .

كونىلار «بالاڭنى كۆر، جىيەنىڭنى كۆر» دەپتىكەن. قادىر بىلەن بىر قىش ئىچ ئاغرىقى تارتتىم. ئورۇقلاپ يىڭنىدەك قال-دىم. قادىر ئوڭايسىز يۈرەتتى. جۇدەپ كەتكەنىدى. چىرايىدىن خاپىلىق تۆكۈلەتتى. «ئەلىنى بۆرە يەپ كېتىشكە مەن سەۋەبچى بولدۇم، ئالدىڭىزدا يۈزۈم يوق» دەپ ئېسەدەپ يىغلايتتى. ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى.

ھاۋا بارا - بارا ئىسسىشقا باشلىدى. قۇرت - قوڭغۇزلار ئۇۋىسىدىن تىرىلىپ چىقتى. باھار ئىللىق ھىدىنى پۈركۈتىشقا باشلىدى. كۆكلەم ھىدىگە تەلپۈنگەن قۇشلار باشقىچە خۇشال سايراشقا باشلىدى. دېمەك، جىمى مەۋجۇدات باھارنىڭ خۇشاللى-قىغا چۆمۈپ كەتتى. ئەمما، مېنى يىغا بېسىشقا باشلىدى. ئىچ ئاغرىقىم باھار بىلەن تەڭ يېڭىلاندى. كىچىك باللارنى كۆرسەم ئوغلۇم ئەلى ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم. بۇ-لۇپمۇ ئوغلۇمنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى مېنى چىدىغۇسىز ئازابلاي-تتى.

قادىر ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى. مەن ئۆي-نىڭ يېنىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتىم. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بويۇمدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. سېزىكىم بۇرۇنقىدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى.

قادىر بىر كۈنى ئەتىگەندە:

— بىز بىر بوتكا ئاچساقمىكىن، سىز نەرسە - كېرەك ساتسىڭىز، — دېدى.

مەھەللىمىزدە ئۇششاق - چۈششەك نەرسە ساتىدىغان بىرەر دۇكان بولمىغاچقا، مەھەللىدىكىلەر ئۇزاق يول يۈرۈپ يېزا مەر-كىزىدىن ئەكېلىشەتتى. قادىرنىڭ ئويى بويىچە بوتكا ئاچساق بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان ھەم كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن بولاتتۇق، مەن بىر ھازادىن كېيىن:

— شۇنداق قىلايلى. ئەمما، دۇكانغا مالنى سىز ئەكېلىپ

www.uyghurkitap.com

بىرلىك ، — دېدىم . ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەتىسى قاق سەھەردە ئۆيىمىزگە قادىرنىڭ ئىنىسى باھادىر كىردى ۋە :

— ئاكا ، يولغا چىقالىلىمۇ ؟ — دېۋىدى ، قادىر :

— ناشتا قىلىپ بولۇپ ئاندىن ماڭايلى ، — دېدى .

باھادىر سۇپىدا ئولتۇردى . ئۇ ئالدىنقى يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بېرى بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىغاندى . باھادىر قادىرنىڭ ئەكسىچىلا چوڭ بولغان بالا ئىدى . ئۇ ئېگىز بوي ، يۈزى سوزۇنچاقراق كەلگەن ، ئاق پىشماق ، قويۇق قاش يىگىت بولۇپ ، گەپكە تازا ئۇستا ئىدى . تەرسالىقى تۇتقاندا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان تەلۋىلىكى بار ئىدى . ئەمما ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇنى ياشتا چوڭايغانسېرى بېسىقىپ ئوڭشىلىپ قالىدۇ ، دېيىشەتتى . ئۇلار ئازراق ناشتا قىلىپ بولۇپ مال ئەكېلىشكە ماڭدى .

ئەتىسى دۇكان قىلىنغان ئۆيىنىڭ ئىچىنى ۋە پوكەي ئۇستىنى سىيرىپ سۈپۈردۈم ، سۇ چېچىپ قاتۇردۇم .

قادىر بىلەن باھادىر تراكتورنىڭ كوزۇپىغا بېسىپ ئۈچ تاغار مال ئەكەلدى . تراكتور شوپۇرى ئۇلارنى ئۆي ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويۇشىغا ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېيناناام يىتىپ كېلىپ ھاردۇق سورىدى . بىز ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى پوكەيگە تىزىۋاتقاندا ، قوشنا ، قولۇملارمۇ يىغىلىشتى . كەيىندىنلا يىراق- يېقىندىن خېرىدارلار كېلىشكە باشلاپ ، سوپۇن ، سەرەڭگە ، قەنت - گېزەكلەرنىڭ سودىسى باشلىنىپ كەتتى . بىز شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق . ئەتىسى كەچكىچە مالنىڭ تەڭ قىسمى سېتىلىپ بولدى . شۇنداق قىلىپ دۇكىنىمىزنىڭ سودىسى ئويلىمىغان يەردىن بىراقلا سۇدەك ئېقىپ كەتتى .

مالنى كۆپ چاغلاردا قادىر ، بەزى چاغلاردا باھادىر ئەكېلەتتى . بىر كېچىسى يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، يېنىمدا قادىر ھۆركىرەپ يىغلاۋېتىپ-
تۇ.
— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەن مەلئۇنلارنى ئېتىپ تاشلاي-
مەن! — ئۇنىڭ ۋارقىراپ ئېيتقان بۇ گېپىنى ئاڭلاپ چاچراپ
ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، شامنى ياندۇردۇم. قادىر ماڭا قاراپ
جىمىپلا قالدى.
— سىزگە نېمە بولدى قادىر؟ بىرەر يامان چۈش كۆردىڭىز-
مۇ؟ — ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەم يىغلاپ، ھەم نامەلۇم بىرسىگە
ۋارقىراپ سۆزلىگىنىگە ھەيران بولۇپ سورىدىم.
— ئەلى چۈشۈمگە كىردى، ئۇنى نەچچە يۈز بۆرە قورشىۋال-
غۇدەك. ئۇ ئانا! ... دادا! ... دەپ توۋلىغۇدەك، — ئۇ بوغۇق
ھەم ئازابلىق ئاۋازدا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.
— ۋاي، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم ئوغلۇمنىڭ گېپى چىقىشىغا
جىددىيلىشىپ، بىردىنلا ئىچىمگە يىغا تولۇپ كەتكەندەك بولۇپ
كەتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم.
بىر ھازا يىغلاپتىمەن. يىغلاۋاتسام، قادىر پەپىلەپ ئېيتتى:
— يىغلىماڭ، مەن ئوغلۇمنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالماي
قويمايمەن، — دېدى ماڭا تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ.
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارىدىم
ۋە:
— بالىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە ئىككىمىز بىخەستەلىك
قىلدۇق. ئۇنىڭغا ئوبدان قارىماي بۆرىگە يەم قىلىۋەتتۇق، —
دېدىم يىغلامسىراپ. قادىر شۇ چاغدا:
— ئانىسى، ئىككىمىز دەپ خاتا ئېيتتىڭلا. ئوغلىمىز ئەلى-
نىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە مەنلا سەۋەبچى. نېمىشقا دېسەڭلار، سىلى
قورقۇپ ئۇخلىيالمىغان شۇ كېچىسى ئالدىڭلىدا پو ئېتىپ ئۇ
يىرتقۇچلارنىڭ ئادەمگە چېقىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئى-
شىنىپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇنداق يامان ئا-

قىۋەتنىڭ پەيدا بولىدىغىنىنى ھەرگىز ئويلىماپتىمەن . ئۇ مەخلۇقلارنىڭ بۇنچە ۋەھشىيلىكىنى بىلگەن بولسام ، شۇ كۈنى كەچكىچە ئالقات قىقىپ يۈرمەي ئەلىگە ئوبدان قارار ئىدۇق . مانا ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي يۈرۈيمەن . ئالدىڭىلدىمۇ بەك خىجىلمەن ، — دېدى . مەنمۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ :

— ھېلىغۇ يىرتقۇچ ھايۋانكەن . ئادەمگىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ بۇ جاھاندا ، — دېدىم . ئۇ گېپىمگە بېشىنى لىڭشىتتى .

— توغرا ئېيتتىڭلار ، شۇڭا مەن ئىنتىقام ئېلىش قارارىغا كەلدىم ، — دېدى .

— قانداق ئىنتىقام ئالىسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن . ئۇ ماڭا ياشقا تولغان كۆزىنى تىكىپ تۇرۇپ :

— ئۇۋ مىلتىقىم بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئۇ جاڭگالدا نۇرغۇن بۆرە بولۇشى مۇمكىن . سىز قايسى بۆرىنىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ھەققىدىكى گېپىگە ھەيران بولۇپ ، ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— ئەلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق بۆرىلەرنى قويماي ئۆلتۈرىمەن ، — دېدى قادىر ماڭا . ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى غەلىتە ئاڭلاندى .

— سىز نۇرغۇن بىگۇناھ بۆرىلەرنى ئۆلتۈرسىڭىز ناھەق بولمامدۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ . ئۇ ئاچچىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە ئېيتتى :

— نېمە دەيدىغانسىلە . بۆرە دېگەن ئۇ مەخلۇقلار كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنىدۇكى ، دۇنيادىكى بارلىق بۆرىلەرنى ئۆلتۈرسەممۇ پۇخادىن چىقمايمەن ، — دېدى .

مەن قادىرنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدىم . ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىم كېرەك ئىدى .

— بولدی ، بەك ئاچچىقلانماڭ . ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن ، قالدى گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى ، — دېدىم ئۇنىڭغا مېھرىم بىلەن . ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۈن ـ تىنسىز هالدا پۇشۇلدىغىنىچە جايىدا ياتتى .

ئېرىم قادىرنى كىشىلەر «قادىر پالۋان» دەپ ئاتىشاتتى . ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا جاڭگالدا يۇرگەچكە ئۆيدە بىر دانە ئوۋ مىلتىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ ئاتقاندا ئۇ ھېلىقى ئوۋ مىلتىقىنى سۇرتۇپ تازىلىدى . مىلتىقنى تەييارلاش بىلەن بىر كۈن دېگۈدەك ئۆتۇپ كەتتى . قارىغاندا ، ئوغلىمىز ئۇچۇن بۆرىلەردىن قىساس ئالماي قويمايدىغاندەك قىلاتتى .

قادىر ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكۇزۇۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدى . يەنى ، ئۆزى يالغۇز جاڭگالغا كەتتى . ئۇ ئاشۇ ۋەھشىي بۆرىلەرنى ئۆلتۇرۇۋەتمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭغا ئىشىك ئالدىدا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قالدىم .

ئارىدىن ساقمۇ ساق ئالتە كۈن ئۆتتى . بۇ ئالتە كۈندە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا چىقتىم . ئالتىنچى كۈنى ئوتتۇرا ياشلاردىكى كوسا يۇز بىر ئادەم دۇكان ئالدىغا پەيدا بولدى ۋە مەن بىلەن بىرگە پاراڭلىشىپ تۇرغان قېيىنانام ۋە قادىرنىڭ ئىنىسى باھادىرغا سالام قىلدى . ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى .

— دېسەم ـ دېمىسەم ئۆزلىرى قادىر پالۋاننىڭ ئايالىغۇ دەيمەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم . ئۇ كوسا ئادەم بىزگە سالام بەرگەچ بىردە قېيىنانامغا ، بىردە ماڭا كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى ـ دە ، ئۇھ تارتقانچە ئېيتتى :

— مەن ھازىر جاڭگالدىن كەلدىم . قادىراخۇن توغرۇلۇق بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم .

— نېمە ؟ ئاكامغا بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟ — باھادىر ئالدىراپ

سورىدى. كوسا ئادەم:

— بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال ئەھۋالنى دەپ ئۆتەي: مەن كۆمۈرچىلىك قىلىدىغان ئادەم. ھەمىشە جاڭگالغا كېلىپ ھۆل يۇلغۇن كېسىپ كۆمۈر ياسايتتىم. بۇ يىلمۇ بىر چولاق دۆڭدە يۇلغۇن كېسىۋاتقىنىمغا بەش كۈن بولغانىدى. دۆڭنىڭ ئالدى تەرىپى پايانسىز كەتكەن يۇلغۇنلۇق، ئارقا تەرىپى ھەيۋەتلىك توغراقلىق ئىدى.

تۈنۈگۈن سەھەر تۇرۇپ ئوغلۇم بىلەن بىرگە يۇلغۇن چاپتۇق. چۈشتىن كېيىن يۇلغۇنلارغا ئوت ياقتۇق. يۇلغۇنلار كۆيۈشكە باشلاپ راسا چوچولە بولغاندا ئۇستىگە سۇ چاچتۇق. بىز ئىس يىتكۈچە بىردەم ئارام ئالايلى دەپ ئولتۇرساق، يىقىنلا يەردىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن نىمە ئىش بولغاندۇ دەپ، خاتىرجەمسىزلىنىپ ئوغلۇمنى كۆمۈرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇپ، چاتقاللىقلارنى يېرىپ ئۆتۈپ دۆڭنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتسەم، قادىر پالۋان قان ئىچىدە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى تىتما - تىتما بولۇپ، يوتا ۋە بەدەنلىرى تىلىم - تىلىم يارىلىنىپتۇ. قان جاراھەت ئېغىزلىرىدىن تەپچىرەپ ئېقىۋاتاتتى. مەن قان ئىچىدە ياتقان قادىراخۇننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئۆزىڭىز كىم، سىزگە نىمە بولدى؟ — دەپ سورىسام، ئۇ بوش تىنىپ تۇرۇپ:

— ئىسمىم قادىر پالۋان، مېنى ئاۋۇ قاۋان يارىلاندۇردى، — دېدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ناھايىتى چوڭ بىر قارا قاۋان يانپىشىنى سۆرىگىنىچە خېلى بىر يەرگە كېتىۋاتاتتى. مەن دەرھال قادىراخۇنغا بۇرۇلۇپ:

— جاراھىتىڭىزنى تېڭىپ قوياي، كۆپ قان چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدىم. ئۇ تەستە:

— ھا ... ھاجىتى يوق. مە ... مە ... مەھەللەمگە بى ... بېرىپ دەپ قو ... يۇڭ دېيەلىدى ۋە ھايال ئۆتمەيلا نەپەس



www.uyghurkitap.com

ئۇزدى ، — دەپ تۇرۇۋشىغىلا قېينانام :

— ۋاي ئوغلۇم ، ئەمدى مەن قانداق چىداي ! ... ۋاي ئوغ-لۇم ، مەن قانداق چىداي ! ... ، — دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى . بىزمۇ ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتۇق .

قولۇم - قوشنىلار يىغىلىشتى . ئۇلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، كۆمۈرچى بوۋاينىڭ يول باشلىشى بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ باردۇق .

شۇنداق قىلىپ ، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك تېخىمۇ ئېغىر دەرد - ئەلەمگە قالدىم .

## 4

ئۈچىنچى تۇغۇتۇمنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغاچقا ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىدە ئىدىم . ماھىرە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى ئىدى . ئۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى . ماھىرە ماڭا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايت-تى . ئۇ دادىسى قادىر ، ئىنىسى ئېلى ئۈچۈن چوڭلار بىلەن تەڭ ياش تۆكتى . بىر كەچلىكى تولغىقىم تۇتتى . ياشىنىپ قالغان ئانام جىددىيلىشىپ قالدى . بالا ھېچبىر تۇغۇلىدىغاندەك ئەمەس . ئانام باشقىلارغا تۇيدۇرماي چىقىپ تەجرىبىلىك بىر تۇغۇت ئاند-سىنى باشلاپ كەپتۇ . ئۇ ئايال مېنى بىردەم ئوڭ - تەتۈر يۆملىتسا ، يەنە بىردەم ماڭدۇراتتى . تولغىقىم بەكلا بىئارامچىد-لىق ئىچىدە داۋاملاشتى . ئۇيقۇنىڭ دەستىدىن كۆزۈمنىمۇ ئاچال-مايتتىم . تۇغۇت ئانىسى مېنى ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ ئىند-جىقلىتاتتى . دادام ئۆگزىگە چىقىپ بىر - ئىككى قېتىم ئەزان ئوقۇدى .

ئانام مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، ياقتۇرۇپ كىيىدىغان كۆڭلىكىمنىڭ بىرىنى تۇغۇت ئانىسىغا كىيدۈرۈپ قويدى . نۇر-

غۇن پەرۋىش ۋە تىرىشچانلىق بىلەن جىنىم تۇمشۇقىمغا يەتكەندە ئاخىر يەڭگىدىم . بالا قىز ئىدى .
قېينانام ئەتىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا باهادىر بىلەن ئۆيگە كىردى .
— مۇبارەك بولسۇن بالام ، — قېينانام ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە يېنىمغا كېلىپ زاكىدىن بوۋاقنى قولىغا ئالدى . بۇ بالا هەممىمىزگە قايتىدىن بىر خۇشاللىق ئاتا قىلغان بولدى .
بىر ئايدىن كېيىن بالىنىڭ ئات توي مەرىكىسىنى قىلىدىغان بولدۇق . مەرىكە كۈنى هالسىز ياتاتتىم . يېنىمدا ئولتۇرغان ئىككى ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ توڭگۇز هەققىدىكى پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .
— رىۋايەت قىلىنىشىچە ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پاكار بويلۇق ئايال ئېگىز بويلۇق ئايالغا قاراپ ، — توڭگۇز ئەسلىي ئادەم بولۇپ ، قاسساپلىق قىلىدىكەن . ئەگەر چىشى ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتكەن پىچىقى ئىكەن .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ «ئەسلىدە توڭگۇز قادىرنى ئاشۇ پىچىقى بىلەن يارىلاندۇرۇپتىكەن - دە» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم . بوۋاقىقا مەسۇمە دەپ ئىسىم قويدۇق . تويچىلار خېلى كەچ تارقاشتى . قېينانام هەپتىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ كەلدى .
ئۇ داستىخاندا ئولتۇرۇپ چايغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئاتا - ئانامغا مۇنداق دېدى :
— قىزىم هېنىمبانۇ ئۆز ۋاقتىدا قادىراخۇن بالام بىلەن ئىناق ، ئىتتىپاق ئۆتكەنىدى ، ئوغلۇم خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ ئالەمگە كەتتى . بىز ئىككىمىز قېينانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتىدە بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى چىگىتچىلىك ئاغرىتىپ باقمىغان . بۇ ئاق كۆڭۈل ، مېهرىبان ، ئەقىللىق كېلىنىمگە هەرگىز چىدىمايمەن . يەنە كېلىپ ئۆزلىرىدەك ئوڭلۇق قۇدىلىرىمغىمۇ

قىيالمايمەن . شۇڭا ئالدىلىرىدا ئوچۇق دەي ، قادىراخۇن بالامنىڭ قىزىلگۈلدەك ئىككى قىزى ھايات تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئۆيىنى چۇۋۇ- مىساق . بۇ بالامنىڭ ئۇۋۇلىقىمۇ بۇزۇلمىسا ، ئىككى بالا باشقا ئۆگەي دادىنىڭ قولىدا يېتىملىك دەردىنى تارتمىسا . شۇڭا مۇم- كىن بولسا كېلىنىمنى ئوغلۇم باھادىرغا چېتىپ قويساق دېگەن مەقسەتتە ئالدىلىرىغا كەلدىم . ئەلۋەتتە قۇدىلىرىم ، ھېنىمبانۇ قىزىم بۇيۇك ئارزۇيۇمنى يەردە قويماي لەۋزىمنى قايتۇرماس دەيمەن .

دادام ئانامغا لەپپىدە بىر قاراپ :

— بۇ ئىشنىغۇ ئوبدان ئويلاپلا ، ئەمما باھادىراخۇن قىزىم- دىن ئون بەش ياش چامىسىدا كىچىك ، ئەرلەر ئۆزىدىن كىچىك قىزلارغا ئۆيلىنىۋاتقان بىلەن دەۋردە بۇ ئىش باھادىراخۇنغا يا- قارمۇ ؟ — دېۋىدى ، قېيناناامنىڭ چىرايى كۆلكىدىن نۇرلىنىپ كەتتى ۋە ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن :

— بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن سىلى ئويلىغان بۇ تەرەپنىمۇ باھادىراخۇن بىلەن پاراڭلاشقانىدىم . ئۇ دەسلەپتە ياش جەھەتتە مەن خېلىلا كىچىك تۇرسام ، دېگەن گەپنى دېيىشى دېگەن . ئەمما مەن ئۇنىڭغا : «چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ ، سەن مۇھەممەد ئەلەي- ھىسسالامدىنمۇ كاتتىمىدىڭ . ئۇ زات ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ كېلىدىغان خەدىچەنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانغۇ ، سەن ھېنىمبانۇ بىلەن توي قىلساڭ ئۇلۇغ بىر سۈننەتنى ئادا قىلىسەن . ئاكاڭ قادىرنىڭ ئىككى بالىسىغا دادا بولۇپ بىر ئۆيدە باقىسەن . دۇكان- نى ئوبدان باشقۇرۇپ قادىر ئاكاڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەك سودىنى ئاختۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيسەن» دېگەنىدىم ، ئۇ ماقۇل بولدى ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتا ـ ئانامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

مەنمۇ شۇ چاغدا «ئوتتۇرا يولدا قالغۇچە ، باھادىر بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ ، بالىلارنى يېتىم قىلماي باقسام بۇمۇ بولىدىغان

گەپكەن» دېگەن ئويغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم.
تۇغۇتۇمدىن سالامەت ئەسلىمگە كەلگەندىن كېيىن ، بۇ ئۆيدە يەنە باھادىر بىلەن نىكاھ ـ تويۇم بولدى . باھادىر مەندىن كىچىك بولغاچقا ، تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلاردا خام ئىدى . ئۇ ئېتىز ، ئۆي ئىشلىرىغا قولىنى ئەگرى قىلمايتتى ، دۇكاندا ئولتۇرۇپ مال سېتىشقا بەكرەك قىزىقاتتى . ئۇ بىر كۈنى ماڭا :
— ئۇششاق ماللاردا پايدا بەك ئاز قالىدىكەن ، شۇڭا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا ئۆزگەرتسەك ئاقارمۇ؟ — دېۋىدى ، مەن قوشۇلدۇم . ئۇنىڭ قولىدىن باشقا ئىشلارنى قىلىش كەلمىسىمۇ ، ئۇ تىجارەت جەھەتتە مەندىن پىششىق ئىدى . شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ :
— ئەمىسە دېگىنىمىزدەك قىلايلى . دۇكاندىكى قالدۇق مالنى تارقىتىش دۇكىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، يېڭى مال ئەكېلىڭ ، — دېدىم يېڭى ئىشنى باشلاشقا ئالدىراپ .
ئۇ كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى . مالغا كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى . پۈتۈنلەي مودا كىيىم ـ كېچەكلەردىن ئەكەلگەنىدى . ئەتىسىدىن باشلاپ يېڭى ماللار خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى . مودا كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئامراق دېھقان ئايال ۋە قىزلىرى دۇكان ئىچىدىكى ماللارنى قىزىقىپ كۆرۈشۈپ ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى . بەزىلىرىگە ئەرلىرى ، بەزىلىرىگە ئاتا ـ ئانىلىرى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىشتى . يانچۇقىدا پۇل بارلىرى نەق پۇلغا ، نەق پۇلى يوقلىرى نېسىگىمۇ ئالدى . مەھەللىمىزدىكى ئاياللار بەكلا مەنمەنچى ئىدى . بىر قېتىمدىلا ئەكەلگەن ھاۋا رەڭلىك ياغلىق بىلەن كۆل رەڭلىك سارجا پەلتو ئىككى كۈن ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگىدى . جىمى قىز ـ چوكانلارنىڭ ، ھەتتا چوڭ ياشلىق ئاياللارنىڭ بېشىدا ھاۋا رەڭلىك ياغلىق ، ئۈچىسى كۆل رەڭلىك پەلتو بولۇپ كەتتى . سودا تازا قىزىق داۋاملىشىۋات-

قان كۇنلەرنىڭ بىرىدە مۇكچىيىپ قالغان، يېشى يەتمىشلەردىن ئاشقان بىر موماي دوڭغاقلاپ دېگۇدەك دۇكان ئىچىدە پەيدا بولدى. ئۇ باھادىر بىلەن ماڭا كۇلۇپ سالام قىلغاندىن كېيىن:

— مەن كۇل رەڭ پەلتودىن بىرنى سېتىۋالاي، دەپ كېلىۋىدىم، ماڭا ئۇبدان كېلىدىغىنىدىن بىرنى تېپىپ بەرسەڭلار بالىلىرىم، — دېدى. مەن ئۇ مومايغا:

— چوڭ ئانا، سىلى دېگەن رەڭدىكى پەلتو سېتىلىپ بولغانىدى، دۇكانغا يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاندىن سالىمىزمىكىن، — دېدىم كۇلۇپ تۇرۇپ. گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، مومايىنىڭ چىرايى شۇ زامان تۇتۇلدى ۋە:

— ھەي ··· بەكلا چاتاق بوپتۇ ئەمەسمۇ، — دېگىنىچە جىم بولۇپ قالدى. مومايىنىڭ بۇ ئۈمىدسىز ھالىتىنى كۆرۈپ باھادىر:

— چوڭ ئانا، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە باشقا رەڭگىنى ئېلىپ كىيەمدىلا ـ يە! — دېگەنىدى، موماي بېشىنى چايقاپ:

— ياق بالىلىرىم، باشقىلار كىيگەننى كىيسەم بولاتتى، — دېمەسمۇ ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىپ، باھادىر مومايىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىگە چىدىمىدى بولغاي:

— چوڭ ئانا، بىر ھەپتىگە قالماي مال ئەكېلىمەن. شۇ چاغدا كۇل رەڭ پەلتودىن بىرنى ئالغاچ كېلەي، — دېۋىدى، مومايىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى ۋە خۇشاللىقىدا:

— مۇمكىن بولسا شۇنداق قىلغىنە بالام، — دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە بىر ـ بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق بەسلىشەتتى.

باھادىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە مال ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم ئەكەلگەن پىياز كۆكى سارجا بىلەن، يولغۇن چېچەكى رەڭلىك ئەتلەس بىر كۈن ئىچىدە سېتىلىپ بولۇندى. ئۇ يەنە

ئەتىسى باشقا مال ئەكېلىشكە كەتتى. باھادىرنىڭ كىيىم ـ كې-
چەك سودىسىدىكى پەم ـ پاراسىتىگە قايىل بولدۇم. ئەگەر ئۇ
مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچايلى دېگەن تەكلىپنى بەرمىگەن
بولسا، يەنە كونا يوسۇن بويىچە ئۇششاق ـ چۈششەك مال سېتىپ
موچەن ساناپ ئولتۇراركەنمىز. ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش
تۇتتۇۋېدۇق. مال توختاپ قالمايلا تولۇق دېگۈدەك سېتىلىپ تۈر-
دى. پايدىمۇ بىر ھەسسە دېگۈدەك قاتلاندى. بىر ئاي ئىچىدە خېلى
كۆپ پايدا ئاپتۇق. مەن خېرىدارلارغا ھەيران قالدىم. «كىيگەن-
نىڭ كىيگۈسى كېلەر» دېگەندەك ئۆيلىرى سىرتتىن قاراشقا
كوزۇپتەك چوڭ ھەم ھەشەم كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچى تولىمۇ
ۋەيرانە تۇتۇلغان ئۆيلەردىكى ئاياللار ئەرلىرى بىلەن جېدەللى-
شىپ، ھەتتا يامانلىشىۋېلىپ دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن ئەرلىرىگە
بۇغداي، قوناق ساتقۇزۇپ بولسىمۇ، بەس ـ بەستە كىيىم سېتى-
ۋېلىپ كىيىشكە باشلىدى.

بۇ يەرلىك كىشىلەر كىيىم كىيىشتە بەسلىشىپلا قالماي،
ھەممە ئىشنىڭ ھەممە تۈرىدە بەسلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بىرسى
سىرتتىن ئاق باش قوي سېتىۋېلىپ كەلسە، باشقىلارمۇ شۇندىقى-
دىن ئەكېلىپ باقاتتى، ئالا كالا ئەكېلىپ باقسا ئالا كالىدىن،
سېرىق كالا ئەكېلىپ باقسا سېرىق كالىدىن موزايلىتاتتى. بىر
ئادەم چىپار كەپتەر بېقىۋىدى، بۇ يۇرتنىڭ ھەممە ئۆيلىرىگە
چىپار كەپتەر يېغىپ كەتتى. يەنە شۇنىڭ كەينىدىن بىرى قارا
چۈجە سېتىۋېلىپ ھويلىسىغا قويۇپ بېرىۋىدى، ھەممە ئادەمنىڭ
ھويلىسىغا قارا چۈجە پەيدا بولدى. جۈپ ۋاسلىق ئۆي ئېتىش
بولۇۋېدى، ھەممە ئادەم ئاشۇ نۇسخىدا ئۆي ئېتىشتى. كەينىدىن
يەنە بىر ئەخمەق ئۈچ يىل بولمىغان بىر ئۆينى چېقىۋېتىپ
خىشلاپ ئۆي ئەتسە، ئۇ ئەخمەقنى ھەممە ئەخمەق دوراپ ئۆيلىرى-
نى خىشلاپ ئېتىشتى. يەنە بىرى قىزىنى پاكىستانلىققا ياتلىق
قىلىۋېدى، ئارقىسىدىن بەش باي ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ قىزىغا

پاكىستانلىق لايىق تېپىپ چەت ئەلگە ياتلىق قىلىشىپ كېرىلىپ يۈرۈشتى . يەنە بىر قىسىملىرى ئاشۇلارنى دوراپ باققۇسى كەلگە-نىدى ، ئەمما لايىق چىقماي قېلىپ ئۆز مەھەللىسىگە ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى . يەنە بىر زامان ، باينىڭ ئوغۇللىرى ئەتىۋار بولۇپ كېتىپ ، نامراتلار چىرايلىق قىزلىرىنى نەچچە خوتۇندىن چىققان ، ئىككى ـ ئۈچتىن بالىسى بولغان بايۋەچچە-لەرگە ياتلىق قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋېدى ، ھەممەيلەن شۇ ئىشلارنى قىلىشقا تۇتۇشۇپ كېتىشتى . كېيىن پايدا- زىياننى دەڭسەپ كۆرگەن ئەقىللىقراق بىر ئادەم : «بايلار ھېچكىمگە مال ـ دۇنياسىنى بۆلۈپ بەرمەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېخى سىقىپ يالايدىكەن . بايلار دېگەن قوناق مەدىكىنى يېرىپ قالايدى-غان پىخسىقلار ئىكەن . نامرات دېگەن كەڭرى يەپ ئىچكەچكە ۋە خەجلىگەچكە نامرات بولىدىكەن . نامرات مەرد ـ سېخىي ، ئادەم-گەرچىلىكى يۇقىرى ، ھالال نىيەتلىك كېلىدىكەن» دەپ قىزىنى ئۆزى كۆچتۈڭگۈر ، ئەقىللىق ، ئىشچان بىر نامرات يىگىتكە ياتلىق قىلىۋېدى ، شۇنىڭ بىلەن نامرات ئائىلىنىڭ قىز ـ ئوغۇل-لىرى باشقىدىن ئەتىۋار بولۇپ كېتىشتى ھەمدە توي نامراتلارنىڭ ئۆيىدە قايتا قىزىپ ناغرا- سۇناي چېلىنىشقا باشلىدى .

جەمئىيەتتە مۇھەببەت بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ساپ بولمى-غاچقا ، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئالدىشى كۆپىيىپ كەتتى . كىشىلەر ئارىسىدا شامالنىڭ چىقىشىغا ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ، ئەمەل ، يۈز ـ ئابرۇي ۋە ئۆي ـ زېمىننى يۇقىرى بىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا توي قىلغان بولسىمۇ بەختلىك بولالمىغان كىشىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى . ئاڭلاپ تۇردۇق : بازارلاردىكى كادىر ئەرلەر ئىچىدە ناھايىتى ياۋاش ، بوزەكلەر كۆپەيگەچكە ، ئاياللار ئەركىنلىشىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى . بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇقلىشىپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

ئەرلەر هاراقكەش بولسا ، ئاياللار ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق بو-
لۇپ ، ئائىلىدە جېدەل ـ ماجىرا كۆپىيىپ كەتتى . كۇنداشلىك
يۇقىرى پەللىگە چىقىپ ، ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ ماڭدى .
ناھىيە بازاردىكى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارغا ياندىشىپ دېھقانلار
ئارىسىدا مەنمەنچىلىك يەنىلا توختىماي داۋام قىلماقتا ئىدى . بىر
دېھقان كىچىك تراكتوردىن بىرنى سېتىۋالغانىدى ، نۇرغۇن كى-
شىلەر شۇنداق تراكتوردىن قىزىلى بولمىسا يېشىلىدىن دېگەندەك
سېتىۋالدى . چوڭ تراكتور ، ھەتتا كېلىپ ئاپتوبۇس سېتىۋېلىش
قىزغىنلىقى پەيدا بولۇشقا باشلىدى . تراكتورلارنىڭ كۆپلۈكىدىن
كىراغا ئىشلىتىدىغانغا ئادەم يوق بولۇپ كەتتى . ئاپتوبۇسلارمۇ
كۆپ بولغاچقا ، دەسلەپتە قولۇم ـ قوشنىلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ
ئۇلارنى كىرا قىلىپ يۈرگەن بولسا ، كېيىنچە قوشنىلار كىچىك
مىنىبۇسقا ئولتۇرۇشنى ئەلا بىلگەچكە ئۇلارنىڭ ئورنى بوش قې-
لىپ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى توشۇپ يۈردى .

مانا ئەمدى بىز قىلغان سودىنى ئون نەچچە كىشى دورىدى .
ئۇلار ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش ئۇششاق مال ساتاتتى . ئەمدى
ئۇلارمۇ دۇكىنىنى مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا ئۆزگەرتىپ ،
يېڭى ۋىۋىسكىلارنى ئاستى . دېمەك ، ھەممە ئەنە شۇنداق ئۆزگى-
رىپ بېرىۋاتاتتى .

## 5

مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىمىز كۈندىن ـ كۈنگە بازار
تېپىپ ، سودىمىز سۈدەك ئېقىشقا باشلىغاندا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . كىشىلەر بىر ـ بىرلىرىنى دوراپ
بېقىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما بىزنىڭ سودىمىز يەنىلا يامان ئەمەس
ئېقىۋاتاتتى . بارا ـ بارا دۇكان كىچىكلىك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن
دۇكاننى باشقىدىن كېڭەيتىۋالدۇق . باھادىر ئىچكىرىدىن مال

ئاچىقىمەن ، دەپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم پەيدا بولاتتى .
باھادىر مەھەللىمىز بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈۋاتقان-
دا ، مەن دۇكاندا سودىنى يۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈۋاتاتتىم . بىر قىسىم
ماللار سېتىلىپ تۈگىگەندە باھادىرنىڭ ئىچكىرىدىن كېلىشىنى
ساقلاپ ئولتۇرماي مال ئېلىپ كېلىپ تولۇقلايتتىم ـ دە ، كىمدە
كىم كىرىپ «پالانى مال بارمۇ» دەپ سورىسا «بار» دەپ ،
خېرىدار قۇرۇق قول قايتمىغۇدەك شارائىتتا سودا ـ سېتىق
قىلغاچ تۇراتتىم . بىز شۇ كۈنلەردە تاپقان پايدىغا شەھەر ئىچىدىن
سەكسەن مىڭ يۈەنگە ئۆي ـ زېمىن سېتىۋالدۇق . ئۇ ئۆينىڭ
ئاچقۇچىنى باھادىر بىلەن بىر يۈرۈشتىن ساقلاپ كېلىۋاتاتتۇق .
مەن مالغا بېرىپ كەچ قالغۇدەك بولسام ئاشۇ ئۆيگە بېرىپ قوناتـ
تىم . باھادىرمۇ ئىچكىرىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئاشۇ
ئۆيدە قونۇپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن ئەتىسى مالنى
ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى . بۇ ئۆي ھەر ئىككىمىزگە ئوبدانلا قونالـ
غۇ بولۇۋاتاتتى . باھادىر يەنە ئىچكىرىگە كېتىپ تۆت كۈن ئۆتكەنـ
دە دۇكاندىكى ماللارنىڭ بىر قىسمى ئاخىرلىشىپ قالدى . خېرىدـ
دارلارنىڭ بىر نەچچىسى ئاشۇ مالنى سوراپ قۇرۇق قول يېنىشـ
تى . خېرىدار بۇنداق يېنىپ كېتىۋەرسە دۇكاننىڭ ئىستىقبالىغا
تەسىر يېتەتتى . كونا چۈپقەتلەردىن ئايرىلىپ قالاتتۇق . ئۇلار
باشقا كىشىلەرنىڭ دۇكىنىغا يۈزلىنىپ كېتەتتى .
بىر كۈنى مەن دۇكاننىڭ ئاشۇ كەم ماللىرىدىن تولۇقلاش
ئويىدا ، شەھەر بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتىم . مەنزىلگە يېتىپ
كەلگەندە كەچ كىرىپ كەتكەنىدى . ئاۋات ئاشخانىنىڭ بىرىگە
كىرىپ ئوبدان غىزالانغاندىن كېيىن ، ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ
مال سېتىۋېلىشنى ئويلاپ شەھەردىكى ئۆيىمىزگە قاراپ ماڭدىم .
ئۆيىمىزنىڭ دەرۋازىسىغا تەنھا كىرىپ ـ چىقىشىمىزغا ئەپلىك
بىر قانات ئىشىك ئورنىتىلغانىدى . مەن دەرۋازىنىڭ چوڭ قانىتىـ
دىكى مۇشتۇمدەك قارا قۇلۇپنى ئېچىپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ

ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن ، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئەتتىم. ھويلى-
مىزدا تېخىچە ھاجەتخانا بولمىغاچقا ، سىرتقا ھاجەتكە چىقىشقا
توغرا كېلەتتى . بۇ يەردىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيىمىزنىڭ ئىككى
ئېغىزى ئانچە - مۇنچە جابدۇلغانىدى . يەنە بىر ئېغىز ئۆينى
ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئامبار قىلىۋالغاند-
دۇق . ئوڭ تەرەپتىكى جابدۇلغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ
كىرىپ لامپۇچكىنى ياندۇردۇم . سۇتتەك يورۇقلۇق ئۆي ئىچىنى
كۈندۈزدەك يورۇتتى . ئۆي ئىچى بىر ئاز قالايمىقانىدى . بىر بۇ-
لۇڭدا زىلچا گىلەمنىڭ ئۈستىدە باھادىرنىڭ بىر قانچە قۇر كىيىـ-
مى رەتسىز چېچىلىپ تۇراتتى . مەن ئۇ كىيىملەرنى قولۇمغا
ئېلىپ قارىغۇدەك بولسام ، كىرغا پىشىپ كەتكەنىكەن . يۇيۇۋې-
تەي دەپ كىيىملەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقتىم . ھويلىدىكى لام-
پۇچكىنى ياندۇرۇپ ، قولتۇقۇمدىكى كىيىملەرنى سۇ جۇمىكى-
نىڭ ئالدىغا بىردەم چىلاپ قوياي دەپ ، ئالدى بىلەن كۆڭلەكلەر-
نى سۇغا بېسىپ بولۇپ كاستۇمىنى قولۇمغا ئېلىپ قېقىشتۇرۇ-
شۇمغا ئىچ يانچۇقىدىن ئىككى سۈكلۈق بىر پارچە سۈرەت لەيلى-
گىنىچە يەرگە چۈشتى . مەن كاستۇمنى داسقا تاشلاپ قويۇپ ،
سۈرەتنى قولۇمغا ئالدىم . قارىدىم- يۇ ، ھەيران قالدىم . سۈرەت-
تىكى بىر ناتونۇش ئايال ئىدى . باھادىر بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ
سۈرىتىنى يانچۇقىغا سېلىپ قانداق قىلىدىغاندۇ ؟ باھادىر بۇ سۈ-
رەتنى يېنىدا ساقلاپ يۈرۈپتۇ . بۇ قانداقىسىگە ... كاللامدىن بىر-
بىرىدىن غەلىتە ۋە خىلمۇ خىل خىياللار ئۆتۈشكە باشلىدى .
ئەمما ، ھەممىنى قۇرۇق خىياللارغىلا چىقاردىم ۋە «بۇ سۈرەتنى
ئاۋۋال ساقلاپ قويۇپ ، ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى باھادىرنىڭ ئۆزى-
دىن سوراپ باقاي» . مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بەكلا
ئارىسالدى بولۇپ ، كىيىملەرنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتا يۇيۇپ ياي-
غاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە كىرىپ يېتىپ قالدىم .
ئەتىسى ئەتىگەندە شەھەر ئىچىدىكى توپ مال بازىرىغا بېرىپ

كەلدىم . بۇ يەردە بىز مۇناسىۋەت قىلىشۋاتقىلى نەچچە يىل بولغان
شەھەردە ئىسمىلىك بىر چۆپقىتىمىز بار ئىدى . نەق شۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ توختىدىم .

— ۋاي ، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن ، كېلىشىڭىز بەك
سەھەرغۇ ، كېچىچە يولغا چىققانمىدىڭىز ؟ — ئەللىك ياشلاردىن
ھالقىپ كەتكەن ئالتۇن چىشلىق بۇ ئايال بەكلا ۋات ـ ۋات ئىدى .
ئېھتىمال ئۇ تىجارەتكە كىرىشكەندىن بېرى ، سودا ـ سېتىق
ئىشلىرىدا كۈندىن ـ كۈنگە سۆزمەن ۋە كاپ ـ كاپ بولۇپ قالغان
بولسا كېرەك . مەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ئىككى ئاي ئالدىدا مۇشۇ شەھەر ئىچىدىن ئۆي سېتىۋال-
غان . ئاخشام شۇ ئۆيدە يېتىپ شۇڭا ئەتىگەندە كېلىشىم .

— ۋاي ، ئۆي سېتىۋالدۇق دەڭ تېخى . قېنى ، دۇكان
ئىچىگە كىرىڭ ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى ، — ئۇ مېنى
ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن دۇكىنىغا باشلىدى .

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇكانغا كىردىم ۋە بىر ئورۇندۇقتا
ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردۇم .

— قانداق ، دۇكىنىڭىزنىڭ تىجارىتى ياخشىمۇ ؟ — دەپ
سورىدى ئۇ .

— ياخشى ، — دېدىم ئۇنىڭغا يېنىك باش لىڭشىتىپ .

— باھادىر ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندۇ ؟ — ئۇ كۆزۈمە-
نىڭ ئىچىگە قاراپ دېگۈدەك سورىدى .

— كەلمىدى ، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا .

— ھېنىمبانۇ ، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن ، — ئېرىڭىز
ئۆتكەندە ئىچكىرىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى بىر ئايالنى باشلاپ بۇ
دۇكانغا كەپتىكەن ، مەن ھەيران قالدىم .

— قانداقراق ئايالكەن ، — دەرھاللا سورىدىم ئالدى-
راپ ، — كېچىچە سۆرەتتىكى ئاشۇ ئايالنىڭ كۆرۈنۈشى كۆز
ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى ئۇزاققىچە ئۇيقۇسىز قويغانىدى . ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىپتقانلىرىغا قىزىقىپ قالدىم ، — سوراپ باقتىڭىزمۇ ، ئۇ ئايال
ئۇنىڭ نېمىسىكەن ؟
— قاراپ تۇرۇپ نېمىڭىز ئۇ دەپ سۇرۇشتۇرۇشكە خىجىل
بولدۇم ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ .
مەن يېنىمدا ئېلىۋالغان ھېلىقى ناتونۇش ئايالنىڭ سۈرىتە-
نى شەھىدەگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدىم :
— قاراپ بېقىڭە ، مۇشۇ ئايالمۇ ؟
ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ :
— توغرا ، دەل مۇشۇ ئايال ، — دېدى ماڭا لەپپىدە بىر
قاراپ قويۇپ :
— بۇ سۈرەت قولىڭىزغا قانداق چۈشۈپ قالدى ؟ — دەپ
سورىدى . مەن ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىپ :
— ئاخشام ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۇغىلى تەمشىلىۋاتسام كاس-
تۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن تۆكۈلدى ، — دېدىم . ئۇ :
— ۋاي توۋا ، بۇ سۈرەت مۇشۇ شەھەردىكى ئۆيىڭىزدە ئۈچ-
رىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى . مەن باش لىڭشىتتىم .
— ئاپلا ، ئېرىڭىز باھادىر ئىچكىرىدىكى بىرەر ئايال بىلەن
ئىش - پەش تارتىشىپ تاپتىن چىققان ئوخشىمامدۇ ؟ — ئۇ بىر
خىل ئەنسىز ئاھاڭدا شۇنداق دېدى . ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى بىر
نۇقتىدا قايتا ئۇچراشتى .
— تېخى شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ ؟ — مەن ئەنسىزلىك ئىچىد-
ە سورىدىم . شەھىدە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ :
— بۇنىڭغا ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ . بۇ دېگەن
مۈرەككەپ جاھان . ئادەملەر دېگەن بەكلا مۈرەككەپ بولۇپ كەت-
تى . بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا
سۈرەت سوۋغا تەقدىم قىلىشى ئومۇملاشقان بىر ئادەتقۇ ، — دېدى
ئۇ ماڭا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ
كۆڭلۈم باشقىدىن بىئارام بولۇپ كەتتى . قەلب ئاسمىنىمدا چاق-

ماق چېقىلغاندەك بىر تۇيغۇ يالت قىلىپ ئۆتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئېيتتىم :

— بىراق شەھىدە ، باھادىر دېگەن ئۇيغۇر ، ئۇ ئايال باشقا مىللەتتەك تۇرىدۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، مۇھەببەت دېگەننىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئايرىمىسى بولمايدۇ ـ دە ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ...

— توۋا ، شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ ؟ — شەھىدەنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ئالدىراپ ئېيتتىم .

— بۇ دۇنيا ۋە بۇ تۇرمۇش بەكلا سىرلىق ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ ، بۇنى ئويلىمىدىڭىزمۇ ؟ باھادىر ئۆزى بىر راۋۇرۇس ئەركەك تۇرۇپ بىر ئايال كىشىنىڭ سۈرىتىنى نېمىشقا يېنىدا ساقلايدۇ ؟ مۇشۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوئال قويدى مېنىڭ دېگەنلىرىمگە .

— راست دەيسىز ، سۈرەت ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئۇچۇپ چىق- قاندىن كېيىن مەنمۇ سىزگە دېگەندەك ئويغا كەلگەن بولسامۇ ، سۈرەت بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك بولۇشىنى ئەسلا پەرەز قىلماپتىمەن .

— سىزگە شۇ نىشان ئېنىق بولسۇنكى ، دۇنيادا بەز يېمەيدى- غان مۇشۇك يوق جۇمۇ ، — ئۇ ماڭا باشقىچە بىر نەزەردە مەنىلىك قاراپ قويۇپ شۇنداق ئېيتتى .

— بەكلا توغرا ئېيتتىسىز ، يېقىنقى مۇشۇ ئايلاردا ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ . سەپەر ۋاقتىنى بۇرۇنقىدىن ئۇزۇنغا سوزىدىغان بولۇۋالدى ، — كۆڭلۈمدىكىنى ئېنىقلا ئېيت- تىم . يۈرىكىمنى تاتىلاپ تۇرغان بىئاراملىقنى دەۋەتسامىلا ئىچىم بوشاپ قالىدىغاندەك بىر خىل روھىي ھالەتتە ئىدىم .

— قارىسام ئىككى قاتتەك قىلىسىز ، ئوتتۇرا يولدا قالماڭ . مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئېرىڭىزگە ئوبدانراق كۆز ـ قۇلاق بولغىنىڭىز

ھەممىدىن ياخشى ، — ئۇ مەن ئۈچۈن مەن ئويلىمىغان ئىشلارنى
ئويلىغانىدى . ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق كۆيۈنگىنىگە كۆڭلۈمدە سۆيۈ-
نۈپ ، رەھمىتىمنى ئېغىزىمدىن چىقىراي دەپ تۇرۇشۇمغا شەھە-
دەنى مال سېتىۋالغۇچىلار چاقىرىپ قالدى . كۆڭلۈم بەكلا بىئا-
راملىق ئىچىگە چۈشۈپ قالدى . بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇپ قال-
دىم . ئۇنىڭ دۇكىنىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن شەھەدەنىڭ
دۇكىنىدىن لازىملىق ماللارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن كۆڭۈلسىز-
لىك ۋە غەشلىك ئىچىدە يولۇمغا راۋان بولدۇم . شەھەردىكى
بارلىق ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولۇپ يېزىغا قاراپ يولغا چىقتىم .

شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، كەچ كىرگۈچە شەھەردىن
ئەكەلگەن يېڭى ماللارنى پوكەيگە تىزىپمۇ ئۈلگۈردۈم .

باھادىر ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ
ئىلگىرىكىدەك تازا ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم . ئۇنىڭ چىرايىغا
قارىسام كۆڭلۈمگە ھەرخىل گۇمان چۈشىدۇ . ئۇ بۇنىڭدىن بەك
غەلىتىلىك ھېس قىلغان چېغى ، ياتار چاغدا :

— نېمە بولدى سىزگە ؟ چىرايىڭىز بەكلا سۆرۈنغۇ ؟ — دەپ
سورىدى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ سۆرۈن بولۇپ ، مېنىڭ ئوچۇق چىراي
ئاچمىغىنىم ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغىنى ئېنىق ئىدى .

— بۇ كىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم كارىۋاتقا چىقىپ بىردەم
ياتقاندىن كېيىن ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ئازابنى ئاشكارىلاش
ئۈچۈن ھېلىقى سۈرەتنى ياستۇق ئاستىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆر-
سىتىپ . ئۇ قولۇمدىن سۈرەتنى ئىتتىك ئالغاندىن كېيىن چىرا-
يىدىكى سۆرۈنلۈكتىن ھېچبىر ئەسەرمۇ يوق ، تېزلا ھىجايدى :

— چىرايىڭىز شۇڭا تۇتۇلۇپتىكەن - دە ؟ كاستۇمۇمنى ئاخ-
تۇرغانمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئارقىدىن . مەن زەردە بىلەن
ئېيتتىم :

— كاستۇمۇڭىزنى ئاختۇرۇپ يۇرۇشكە نەدىكى ۋاقتىم مې-
نىڭ . كىرلىشىپ كېتىپتىكەن يۇيۇپ قوياي دەپ قولۇمغا ئېلىد-



www.uyghurkitap.com

شىم ئىچ يانچۇقىدىن تەسلىم بولۇپ يەرگە چۈشتى .

— ھە ، تەسلىم بولدى دېگىن ! بۇ سۈرەت ئالدىڭدا قول كۆتۈرگەن بولسا پۇخادىن چىقىپسەنغۇ ، مانا ئەمدى نېمىشقا پۇشـ ـقىيىپ ئولتۇرىسەن ؟ — ئۇ مېنى بەزىدە سەنلەپ ، يەنە بەزىدە سىزلەپ سۆزلەيتتى . مانا ئەمدى سەنلەپ گەپ قىلىۋاتاتتى . مەنـ ـمۇ ئۇنىڭغا قاراپ سەن دېيىشكە ئادەتلەنگەنىدىم .

— توۋا خۇپسەنلىك قىلمىسىڭىزچۇ . بۇ ئايال زادى كىمۇ ؟ ماڭا بىر دەپ بېرىڭ ، — مەن ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋالاي دېسەممۇ تۇتۇۋالالمىدىم . ئاۋازىم بارغانسېرى قاتتىقراق چىقىشقا باشلىـ ـدى . ئۇ خېلىلا پەسكويغا چۈشكەنىدى . ئۇ مۇرەمگە قولىنى قويۇپ دېدى :

— بۇنچە چېچىلما ھەم ئالدىرىمىساڭمۇ مەن ھازىرلا ساڭا دەپ بېرىمەن . سېنى ھەرخىل ئوي ۋە ھەرخىل كويلارغا سالغان بۇ ئايال بولسا پەقەتلا ئىچكىرىدىكى بىر چۆپقىتىم . خالاس ، چۆپقەت دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىـ ـرى كۆزۈمگە قادالغانىدى . چىرايىدىن سۈس كۈلكە چىقىۋاتاتتى .

— راستىنلا باشقا غەيرىي مۇناسىۋىتىڭلار يوقمۇ ؟ — مەن شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇلاپ شۇنداق سورىدىم ۋە لەسسىدە يۇمـ ـشاپ قالدىم .

— چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويسام ئەزۋەيلەۋېرىدىـ ـكەنسەن . ئۇ دېگەن ئېرى بار ھەم بىر قىزى بار ئايال . ئەگەر غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولاي دەپ نىيەت قىلسام ، ئانىسى سۆيمىگەن بولىماقتەك قىزلار ئازمىدى بۇ جاھاندا ؟ — ئۇ كەينىدىنلا شۇنداق دېدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ جىم بولدۇم . ئەمما كاللامـ ـدىن گۇمان تولۇق چىقمىغانىدى . ئۇ مېنى يالغانمۇ ياكى راستـ ـتىنمۇ ، ئىشقىلىپ شوخلۇق بىلەن باغرىغا باستى . .

بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولدى . ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى . بۇ چاغدا باھادىر ئىچكىرىگە

كەتكەنىدى. مەن بىر قىسىم ماللارنى شەھەدەنىڭ دۇكىنىدىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە شەھەرگە قاراپ يول ئالدىم. بۇ كۈنى شەھەرگە خېلى كەچتە ئاندىن يېتىپ كەلدىم. ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپلا شەھەردىكى ئۆيدە قونۇپ دۇكانغا ئەتىسى ئەتىگەن ئاندىن باراي دەپ ئويلىدىم.

ئۆيىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلسەم، يان ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇرىدۇ. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئىشىكتىن ئاۋاز چىقارماي ئۆيگە پەم بىلەن كىردىم. ھويلىغا كىرىپ ئۆي ئىچىدىكى لامپۇچكا نۇرىنىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن سىرتقا تۆكۈلۈپ ھويلىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە بىردەم جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم. باھادىرنىڭ ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. ئۆينىڭ ئىشىكى تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدىم - يۇ، يەنىلا جايىمدا جىملا تۇرۇپ قالدىم. ئۆي ئىچىدىن بىر ئايال زاتىنىڭ باھادىرنىڭ كۈلكىسىگە جور بولۇۋاتقان ۋىلىقلاشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغانىدى. كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ، يۈرىكىمنىڭ سېلىشىغا قارىماي دېرىزە تۈۋىگە يېقىنلاشتىم. ئاھ خۇدا، نېمە كەلگۈلۈك بۇ ماڭا! ··· باھادىر كىچىككىنە بىر قىزنى قوينىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار ئىككىسى ئىنتايىن خۇشال ھالەتتە بولۇپ، قىز بەكلا چىرايلىق ئىدى. چىرايىنىڭ سۇزۇكلۇكىگە قارىغاندا ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردا دەپ پەملىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەرخىل يېقىنچىلىق ئارىلاشقان قىلىقلىرىنى كۆرۈپ بېشىمغا بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ پارىڭى قىيا ئېچىقلىق تۇرغان دېرىزىدىن سىرتقا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىز باھادىرنى قۇچاقلاپ نازلىنىپ شۇنداق دېدى:

— بۇرۇتىڭىز مەڭزىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى، ئەمدى بولدى قىلىڭە، باھادىر.

باھادىر بولسا خۇش كەيپ ئىچىدە:

— ئەمسە ئۆزىڭىز سۆيۈپ قويۇڭ ، — دېگىنىچە مەڭزىنى
تەڭلەپ تۇردى . قىز بولسا ئۇنىڭ مەڭزىگە ھەم لەۋلىرىگە ناھايى-
تى خۇيلىنىپ سۆيۈپ قويدى .

— قەدىرىيە ، بىز مەڭگۇ ئايرىلمايلى ، بولامدۇ ؟ — باھادىر
قىزغا مېھىرلىك كۆز تاشلاپ شۇنداق دېدى . قىز ئۇنىڭغا جاۋا-
بەن :

— ئاشكارىمۇ يا يوشۇرۇنمۇ ؟ — دەپ سوئال قويدى . باھا-
دىر بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن :

— ھازىرچە مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرايلى بولامدۇ ؟ —
دېگەندى ، قىزنىڭ خۇشاللىقى يوقالدى . ئۇنىڭ ئېغىزىدىن :

— ئۇ قېرى خوتۇنۇڭىزدىن نېمىشقا قورقىدىغانسىز ؟ نې-
مىشقا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ سىزنى ئالىمەن دېمەيدىغانسىز ؟ —
دېگەن گەپ چىقتى . باھادىر ئۇنىڭغا جاۋابەن دېدى :

— قورققىنىم ئەمەس ، مەن ئاۋۋال دۇكاننى چاڭگىلىمغا
تولۇق ئېلىپ بولاي ، ئاندىن بىر گەپ بولمىسۇنمۇ !

— دۇكانغا تولۇق ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنى ھەيدىۋېتە-
لەمسىز ؟

— ھەيدىۋەتمەي !

— ئاندىن كېيىن مەن بىلەن توي قىلامسىز ؟

— ئەلۋەتتە .

— ئەمسە ، دۇكان ئىلكىڭىزگە قاچان ئۆتىدۇ ؟

— ئاز قالدى .

— بىز توي قىلساق سەھرادا تۇرمايلى ، بولامدۇ ؟

— ئەلۋەتتە سەھرادا تۇرمايمىز ـ دە . ھەممە ئىش سىز
دېگەندەك بولىدۇ . مۇشۇ ئۆيدە ئىككىمىز بەختلىك ياشايمىز
ئامرىقىم .

— ئەمسە ، ئىشنى پاتراق پۈتكۈزۈڭ .

— ماقۇل ، ئازراق چىداپ تۇرۇڭ .

www.uyghurkitap.com

ئۇلار يەنە بىردەم قىلىقسىزلىق قىلىشتى . مەن چىشىمنى چىشلەپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى تولۇق ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ جىم تۇردۇم .

قىز بىردەمدىن كېيىن باھادىرغا ئېيتتى :

— ھە راست ، يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم چۈچۈمەل نەرسىلەرنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى . قورساق كۆتۈرۈپ قالدىمىكىن دەيمەن ، — دېۋىدى ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ باھادىر بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى :

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟

— شۇنداق گەپنىمۇ يالغان دەمدۇ كىشى ، — دېدى ئۇ قىز ئەركىلەپ . باھادىر جىم بولۇپ قالدى .

— نېمە بولدى ؟ — قىز سورىدى باھادىردىن . ئۇ بېشىنى بىردەم قاشلىغاندىن كېيىن :

— ئىككى پۇتۇم بىر ئۆتۈككە تىقىلغاندەك ئىش بولامدۇ نېمە ؟ — دېدى . قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى :

— قورساق كۆتۈرۈشۈمنى خالىمامسىز ؟

باھادىر قىزغا قاراپ ئېيتتى :

— خالايمەن . ئەمما ھازىر ئەمەس .

— ئەمىسە ، پۇل بېرىڭ قىردۇرۇۋېتەي . تۇغار قورسىقىم بولغاندىكىن رەسمىي توي قىلغاندا تۇغۇۋالارمەن .

— ياخشى ، ھازىرلا سىزگە پۇل بېرەي ، — باھادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىچ كىيىم بىلەنلا كارىۋاتتىن يەرگە چۈشتى . «ئەگەر ئۇ سىرتقا چىقىپ قالسا ئۇچرىشىپ قېلىپ جېدەللىشىپ قالماي ، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي . بىكاردىن بىكار ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماي . ئۇلارنىڭمۇ كۆرىدىغانلىرى باردۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ تېزلا ئارقامغا ياندىم ۋە مېھمانخانىغا بېرىپ قونۇش ئۈچۈن ھويلىدىن چىقىپ كەتتىم . ئەمما ، ئازاب ۋە خورلۇقتىن كۆز

ياشلىرىم چانقىمدىن چىقىشقا باشلىدى .

مېھمانخانىغا كەلگۈچە دانىيالنى ئويلاپ كەلدىم . ئۇنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن داۋاملىق كەتمەيتتى . نېمە ئامال ، مەن بىر ئاجىز ئايالكەنمەن . ئۇنى ئىزدەشكە ، بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ سىردىششقا مېنىڭ چامىم قەيەرگە يېتەتتى . ھەتتا ئۇنىڭ ئېنىق تۇرار جايىنى ، ئادرېسىنىمۇ بىلمەيتتىم . توۋا دەيمەن ، مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپمۇ بىر كېچە كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقۇ كەلمىدى . ئەتىسى ئورنۇمدىن كاللام گاراڭ ھالدا تۇردۇم . ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولۇپ ، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە يېزىغا قايتتىم . باھادىر ئۈچ كۈندىن كېيىن پەيدا بولدى . ئۇ ھېچنېمىدىن غېمىدە يوقلا پاراڭ قىلدى :

— خوتۇن ، چىرايىڭ باشقىچە تۇرىدۇ ، دوختۇرغا ئاپىرايمۇ- يا ! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ . مەن ئۇنىڭغا :

— ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېچىدە قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەنىدىم . شۇ بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم . تا ھازىرغىچە بىئارام بولۇۋاتىمەن ، — دېدىم قەستەن ، ئەمما ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپلا :

— كارىۋاتتا نان ئۇۋۇقى بار ئۇخلاپ قالغان ئوخشايسىلە . بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدانراق سىيرىپ - سۈپۈرۈپ جاي سېلىپ يېتىڭلا ، — دېۋىدى ، غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى .

— مەن كىم بىلەن ياتىمەن ؟ سەن كىم بىلەن ياتىسەن ؟ — ئېغىزىمدىن بۇ گەپ قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدىم . ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى ، چىرايى شۇ زامان تاتاردى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا سورىدى :

— ھە ، دېگىنە ، مەن كىم بىلەن يېتىپتىمەن ؟

— ھېلىقى بويىدا قالغان شەھەرلىك سەتەڭچۇ ، — ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىۋەتتىم . ئۇنىڭ چىرايى گاھ ئاقارسا ، گاھ قىزىرىشقا باشلىدى .

— نېمە؟ شۇ كېچىسى ئۇ ئۆيگە سەن پەيدا بولغانمىدىڭ؟ ھەي، كەڭ قورساق بولساڭ بولمامدۇ؟ سەن مەندىن ئون نەچچە ياش چوڭ. شۇنداق بولسىمۇ ساڭا يىرىكلىك قىلماي، كۆڭلۈڭنى چەكمەي كېلىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمدىن كىچىك قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچسام نېمە بولىدۇ؟ سەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنسەڭ بولمامدۇ؟ بۇنچە شەخسىيەتچى بولۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. ئەگەر كۈنداشلىق قىلىۋەرسەڭ ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسەن.

— ئۇۋالمىش! بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى قانداق ئاچقۇڭ كەلسە شۇنداق ئاچ. مەنمۇ كۈنداشلىق قىلمىغان، كەڭ قورساق بولغان بولاي. ئەمما مەن سىلەر دېيىشكەن ھەممە گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىدىم: ئۇ قىزمۇ ماڭا ئوخشاش قورساق كۆتۈرگەنلىكىنى ساڭا دېدى، يەنە سەن رەزىل ۋاستىلەرنى پىلانلاپ، دۇكاننىمۇ يۇتۇۋالماقچى بولدۇڭ. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن ئەمدى؟

ئىچ-ئىچىمدىن ئاچچىق بىر تۈيغۇ پارتلاپ چىقىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن لەرزىگە كېلىۋاتاتتى. ئەمما، نېمىشقىدۇر يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشىدىن ۋاز كەچمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن يەنە داۋاملىق زاكونلىششىنى كۆڭلۈم تارتمايۋاتاتتى. ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئۇ پۇشۇلدىغىنىچە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ يالغاندىن شۇنداق دەپ قويدۇم. مەن ئاكام رەھمىتى بىنا قىلغان، ئائىلىمىزنىڭ بايلىقى بولغان بۇ دۇكاننى سەندىن يۇتۇۋېلىپ قانداقمۇ قىلارمەن؟ ماڭا ئىشەنگىن، مەن ئۇ قىزغا يالغان ئېيتىپ قويدۇم. گېپىڭگە قارىغاندا، مېنىڭ ھەممە سۆزلىرىمنى تىڭشايمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بوپسەن. ئويلاپ باققىنە، ماڭا ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالدىم دەپ بويىدا قالغانلىقىدىن شەپە بەرگەنىدى، شۇ زامان سېنىڭ بويۇڭدا

بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ ، ئۇنىڭ توغىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتمىدىممۇ ؟ چۈنكى ، مېنىڭ سەن توغقان بالىغا دادا بولغۇم بار ، ھەم شۇنداق قىلىمەن . شۇڭا سەن بۇنداق ئىشلاردا يەنىلا كەڭ قورساق بولغىنىڭ تۈزۈك . ئادەم دېگەن پەرىشتە ئەمەس ، شۇڭا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەرخىل شەكىللەردە ئۆزى بىلىپ ياكى بىلمەي ، خاتالىق ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ . شۇڭا مېنىڭ بۇ سەۋەنلىكلىرىمگە ئۇنچىۋالا تەگەپ كەتمە ، خوتۇن .

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىرئاز تەسەللى تاپقاندەك بولۇپ ، سەل يۇمشىدىم . راست ئەمەسمۇ ، دېمىسىمۇ مەن ياش جەھەتتە ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ . شۇڭا بەزى ئىشلاردا ھەددىدىن زىيادە بەك زىغىرلاپ كەتسەم ، ئىككىمىزنى ھەم ئائىلىمىزنى بىر - بىرىگە چىڭ باغلاپ تۇرغان ئەر - خوتۇنلۇق رىشتى بىرلا ئۈزۈلۈپ كەتسە ، ئۇنى قايتا ئۇلاشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ . قورساقتىكى بالا بىلەن ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغىنىمدا بۇ ئىشلارغا قاتتىق تەگەپ كېتىشىمنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق . مەن شۇلارنى ئويلاپ جىمىپ قالدىم .

مەن تۇرمۇشتا ئۆينىڭ بارچە ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ كەلدىم . ئەمما ئۇ بۇنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگىنى ئېنىق . چۈنكى ، ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاز ، يەنە كېلىپ مەندىن ياش جەھەتتە خېلى پەرقلىنىدۇ - دە . ئۇنىڭغا يەنىلا ۋاقىت بەرگىنىم تۈزۈك . مەن ئەنە شۇلارنى تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا ئويلاپ ، ئاخىر تۇرمۇشتا سوغۇق قان بولۇشنى ئويلاپ قالدىم . يەنە بىر قېتىم تۇل - يېتىم قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېنىكلىك قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم .

## 6

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باھادىر بارا ـ بارا مېنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىشكە باشلىدى . ئۆي بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى ، كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن سوۋۇپ ، كۆزۈمگە تىكەندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتتى . كۆنلەر شۇنداق داۋاملاشقانسېرى ، مەھەللىنىڭ قاشاڭ ئاياللىرى ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالىدىغان بولۇۋالدى . مەن بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنى ئاستىرتتىن بىلىۋالدىم . ئۇنىڭ بەزى قىلمىقسىزلىقلىرىمۇ ئانچە ـ مۇنچە قۇلىقىمغا كىرىشكە باشلىدى . ئەمما مەن يەنىلا دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردىم . قىلمىقسىز ئاياللار ئۇنىڭغا نېمىشقا ئامراقلىق قىلىدىغاندۇ ؟ ئۇ نېمىشقا ئەنە شۇنداق قىلمىقسىزلىق قىلىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ مەن نېمىشقا قارانچۇق بولۇپ قالدىم ؟ مەن بۇلار ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم . ھەر تەرەپتىن ئەستايىدىل ئويلاش ۋە ئەتراپىمدىكى ئىشلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى بىلىپ يەتتىمكى ، ئۇ ھېلىقىدەك قىز ـ چوكانلارغا بازارلىق مودا كىيىملەرنى بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىۋاپتۇ . مودا كىيىنىشكە ئامراق قىز ـ چوكانلار باھادىر بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرۈپتۇ . باھادىرنىڭ رەسۋالىقلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى ـ يېڭى قىز ـ چوكانلار پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلغان بەزى پەسكەشلىكىگە چىدىماي بىر نەرسە دېگۈدەك بولسام ، ئۇ :

— سەن مەندىن چوڭ ، خوتۇن قاتارىدا كۆرگىنىمگە شۈكرى قىلىپ بالىلارنى باق ، سىرتتىكى ئىشلىرىمغا ئارىلاشقۇچى بولما ، — دەپ تەھدىت سالىدىغان بولۇۋالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتاتتى . قورسىقىمدىكى پات ئارىدا تۇ-

غۇلىدىغان بالىغا ، قىزىمغا تارتىشىپلا ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىر ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم . بىر كۈنى ئىچىمگە پاتمى-غان دەرد- ئازابلىرىمنى ۋە خورلۇقلىرىمنى ئىلاجسىز قېيىنانامغا تۆكتۇم :

— ئانا ، باھادىر تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ . ماڭا قاراپ تۇرۇپ ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتىدۇ . دۇكاندىكى بەزى مودا كىيىم - كېچەك ھەم پۇل قاتارلىقلارنى بۇزۇق ئاياللارغا بېرىۋاتىدۇ ، شۇڭا دۇكاننىڭ تىجارىتى ئاقساپ قالدى . قانچىلىك دەسمايە قالدى ، بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن .

قېينانام ئاغزىمغا قارىغىنىچە ھەيران قالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن :

— قىزىم ، دېگەنلىرىڭىز راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى دېگەن-لىرىمگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ :

— راست ، ئۇنى دائىم يات - يات ئاياللار بىلەن ئۇچرىتىپ قالىمەن ، — دېدىم ھەسرەتلىك تىنىپ .

— توسمىدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى قېينانام ئاغزىنى ئۈمە-چەيتىپ تۇرۇپ .

— بىرنەچچە قېتىم توستۇم . ئەمما ، ئۇ ھە دېسىلا سەن قېرى مېنىڭ نامىمدا خوتۇن بولۇپ ئولتۇرغىنىڭغا خۇش بول . ئۇششاق گەپنى ئاز قىل . تالا - تۈزدىكى ئىشلىرىمنى كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سال . باللارنى بېقىشنى ، قورسىقىڭدىكىنى تۇغۇشنى بىل ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ . مەن راستتىنلا بەك قىيى-نىلىپ كەتتىم . يا بۇ ئۆيدىن كەتسەم بولامدىكىن ، — دېگەنىدىم ، قېينانام شۇ زامانلا :

— ياق بالام ، سىز بۇ ئۆيدىن كەتسىڭىز قادىر بالامنىڭ روھى قورۇنىدۇ ، خاپا بولىدۇ . باھادىردىن ۋاز كەچسەم كېچە-مەنكى ، سىزدىن ۋاز كەچمەيمەن . سىز بۇ ئۆيدىن مەڭگۇ ئايرىل-

www.uyghurkitap.com

مايىسىز . مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىمەن . گېپىمنى ئاڭلىمىسا مەن
دېگەن ئۇنىڭ ئانىسى ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق جاجىسىنى بېرد-
مەن . ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسىڭىز ئۆي چۇۋۇلىدۇ ، بال-
لار تىرىك يېتىم بولۇپ قالىدۇ ، بالام . كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ
باللارنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن ، ئاڭلى-
دىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

— ئانا دېدىم ، — ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كې-
يىن ، — باھادىر ئىلگىرىكىدىن بەكلا ئۆزگىرىپ كەتتى . يەنە
كېلىپ ئۇ ھازىر ماڭا ئۆچ ، ئەگەر بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېسىلە ،
ئۇ مېنى ئۇرۇشتىن يانمايدۇ .

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ قىزىم ، بۇ ئىشلارنى باشقى-
لاردىن ئاڭلىدىم دەپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىمەن ، — دېدى
كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ . ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق .

ئەتىسى دۇكاندا مۇڭلىنىپ ئولتۇرسام ، كىچىك قىزىم بىر
كونۋېرتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كىردى . كونۋېرتنىڭ سىرتىغا قارى-
سام ، خەت مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چوڭ
قىزىم ماھىرەدىن كەلگەنىكەن ، دەرھال كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى
ئېچىپ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم . خەتتە مۇنداق دەپ
يېزىلغانىدى : «قەدىرلىك ئانا ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ چوڭ ئا-
نام ، باھادىر دادام ياخشى تۇردىمۇ ؟ ئانا ، سىز بىلىسىز ، مەن
كىچىككىمدىنلا تىرىشچان ئىدىم . باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ
كىتابخۇمار قىز بولۇپ چوڭ بولدۇم ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى
ئەلا پۈتتۈرۈپ ، بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم . مەن ئۆزۈم تۇغۇ-
لۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا ۋە سىزنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزگە
ياخشى نەتىجىلىرىم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ
ئوقۇۋاتىمەن . ئاساسىم ياخشى بولغاچقىمۇ دەرسلەردە قىيىنىلىپ
قالمىدىم . سىنىپ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ئوقۇۋاتىمەن .
ئانا ، سىزگە بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىم شۇكى ، مەن

ئوقۇشنى ئەلا پۈتتۈرۈپ ، چەت ئەلدە ئوقۇشنى قارار قىلدىم .
مەن چەت ئەلدە تىرىشىپ ئوقۇپ ، دوكتور بولىمەن ، ئانا . دوك-
تور دېگەن خەلقئارالىق كاتتا ئىلمىي ئۇنۋان ھېسابلىنىدۇ .

خەير - خوش ئانا ، سىزگە ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ،
يۇرتداشلارغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن . قىزىڭىز
ماھىرەدىن » .

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھاياجاندىن كۆز چاناقلىرىمغا ئىسسىق
ياشلار يامرىدى ، قىزىمدىن پەخىر ھېس قىلدىم . ئۇزۇنغىچە
قولۇم ئىشقا بارمىدى . ئۇنىڭ خېتى ماڭا خۇشاللىق ، ئۈمىد ۋە
ئىشەنچ بېغىشلىغانىدى .

خەتنى خۇشاللىق ئىچىدە قايتا - قايتا ئوقۇدۇم ، ئوقۇپ
بولۇپ كونۋېرتقا سالغۇم كەلمەي ، ئۇزاققىچە قىزىمنىڭ قولىدا
يېزىلىپ چىققان تونۇش پوچېركىلارغا تويماي قارىدىم . قىزىم
ھەققىدە نۇرغۇن گۈزەل خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇردۇم ، قىزىم-
نىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ نامايان بولغاندا
قايتىدىن روھلىنىپ كەتتىم . كۆڭلۈم باھار پەسلىنىڭ ئىللىقلى-
قىدىن خۇشاللىق تاپقاندەك ، سۇغا قانغان يۇمران مايسىدەك يا-
شىرىپ كەتكەندەك بولدى . ئەنە شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن
ئولتۇرغان جايىمدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم . ئەنە شۇنداق
خىياللار بىلەن ئولتۇرسام ، ئىشىكنىڭ سىرتىدا تاراقلىغان ئاۋاز
ئاڭلاندى . بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ، خەتنى كانۋېرتقا سالدىم ۋە ئىشكاپ-
نىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويدۇم . ئىشىكنى بېرىپ ئېچىپ بولغۇ-
چە قوپال ئېچىلىپ ، باھادىر دەرغەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى .
ئۇ بوسۇغىدىن پۈتىنىمۇ ئالماي ، كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقى-
رىپ تۈۋلىدى :

— ئېرىڭنى نېمىشقا چاقىسەن ؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى بىلەن قېنانامنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغانلى-
قىنى پەملىدىم . قارىغاندا ، بولغىلىق بولغان ئوخشايدۇ . شۇنداق-

تىمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن سوئال ئارقىلىق جاۋاب بەردىم:
— كىمگە چىقىپتىمەن؟
گېپىمنىڭ تۈگىشىگە يۈزۈمگە بىر كاچات تەگدى، بۇ كاچاتـ
ـنىڭ قانداق تەگكىنىنى بىلمەيلا قالدىم. شۇ زامان مەڭزىم ئوت
بولۇپ يانغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم تاياق
يېدىم. يەنە كېلىپ يات بىر ئادەمدىن ئەمەس، بەلكى ئېرىمدىن!
ماڭا نەدىن كەلگەن جۈرئەتكىن، ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ ياقىسىدىن
ئالدىم ۋە غەزەپ بىلەن تووۋلىدىم:
— چاقسام ـ چاقمىسام ئوساللىقىڭنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسى بىلىپ بولدى. بۇنى مەندىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن
كۆر! — دېدىم ئۇنىڭ چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.
ئۇ بىر ئامالنى قىلىپ يۇرۇپ قولۇمنى ياقىسىدىن ئاجـ
ـرىتىۋالدى.
— كونىلار قېرى خوتۇن چاپلاشقاق كېلەر دەپ راست ئېيـ
ـتىپتىكەن. بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى مانا ئەمدى بىلدىم. ئۆزۈڭـ
ـدىن بېرى شىللەمگە مىنىپ، رودىپايدەك چاپلىشىۋالغىنىڭغا
مىڭ لەنەت! ئىسىت سەن بىلەن خازان بولغان ياشلىقىم! —
ئۇنىڭ بۇ گېپى غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگدى.
— ساڭا نېسىپ بولغىنىمغىمۇ مىڭ پەندىيات... يۈز مىڭ
پەندىيات! — دەپ ۋارقىراپ كەتتىم ئازابتىن ئۆرتىنىپ. شۇ تاپتا
ئۇ كۆزۈمگە باشقا بىر غەلىتە مەخلۇق بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى.
مەڭزىمدىكى ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەر ئوت ياققاندەك ئېچىشىپ
تۇراتتى. مەن مەڭزىمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدىم:
— مەنمۇ سەن بىلەن توي قىلغىنىمغا مىڭ بىر پۇشايمان
قىلىۋاتىمەن. سەن بىلەن بىرگە ئۆي تۇتۇشتىن مەنمۇ جاق تويـ
ـدۇم.
ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ سوغۇق بىر ھالەتتە كۈلۈپ:
— بەك ياخشىغۇ، ئەمىسە نېمىشقا ئاجرىشاي دېمەيسەن؟ —



www.uyghurkitap.com

دەپ سورىدى بۇرۇندىن باشلاپ پىلانلاپ كېلىۋاتقان مەقسىتىنى ئېنىق قىلىپ .

— قارا ، مۇشۇ قورسىقىم تومپىيىپ قالمىغان بولسا ، ئاجىرىشاي دەپ سەندىن بۇرۇن ئېغىز ئاچاتتىم ، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ .

— بالا ھېچنېمىگە تاقاشمايدۇ . ئوغۇل بولسا مەن ، قىز بولسا سەن ئىگىدارچىلىق قىلىسەن . ئارتۇق پەتىۋالىرىڭنى قوي ئەمدى ئاجرىشىمىز ! — ئۇ دەيدىغانىنىڭ ھەممىسىنى دېدى . «ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەن يەردە ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق ؟ بۇ بەندە قاراپ تۇرۇپ بالىنىڭمۇ يۈزىنى قىلمايۋاتسا . بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ نېمىمۇ قىلارمەن ؟ تەقدىر - پېشانەم مۇشۇ ئوخشايدۇ . سەۋر قىلىشىڭمۇ چېكى بار . ھېلىمۇ جىق خورلۇق تارتتىم . ئاجراشماقتىن ئۆزگە نېمە چارە بار» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرغان باھادىرغا قاراپ :

— بوپتۇ ، سەن خۇش بولىدىغانلا بولساڭ ئاجراشساق ئاجراشتۇق . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە مەندە نېمە ئامال بار . ئانامۇ توغرا چۈشىنەر . ئىشقىلىپ ئەسكىلىك مەندىن كەلمىدى . ئىشقىلىپ مەن ۋىجدان ئازابى تارتمايمەن . ئاجرىشايلى ، — دېدىم ئۆزۈمنى سالماق تۇتۇپ . بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى كۆلكىدىن بىراقلا نۇرلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ خۇشلۇققا قاراپ ھەم ھەيران قالدىم ھەم بەكلا خورلۇق ھېس قىلدىم .

— بەلەن گەپ بولدى . ئۇنداقتا ھازىرنىڭ ئۆزىدە خېتىڭنى بەردىم . ئارىمىزدا ئەمدى ئەر - خوتۇنچىلىق دېگەن مەۋجۇت ئەمەس . دۇكاندىكى ماللار بىلەن ئۆي ئىچىدىكى مال - بىساتلار ساڭا قالسۇن . مەن قۇرۇق قول چىقىپ كېتەي . ئۆينى چۇۋۇۋماي باللارنى بېقىپ قاتارغا قوشقىن ! — ئۇ شۇنداق دېدى ۋە يېنىمدا ئارتۇق تۇرمايلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ چوڭ - چوڭ چامداپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى . مەن سولاشقان يوپۇرماقتەك جايىمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ دۇكانغا كەلدىم ۋە دۇكان ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى . بېرىپ قارىسام ، دۇكان ئىچى قۇپقۇرۇق تۇرىدۇ . بىلى-دىمكى ، باھادىر بالدۇرلا پىلان سوققانىكەن . ئۇ دۇكاندىكى بار-لىق ماللارنى كېچىلەپ يۆتكەپ كەتكەنىدى . قادىر بىلەن قان - تەر ئاققۇزۇپ تاپقان پۇلنى دەسمايە قىلىپ ئېچىۋالغان بۇ دۇكان-نىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چاچلىرىمنى يۇلۇپ ھۆڭ-رەپ يىغلىۋەتتىم . ئاۋازىمنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار ، ھەتتا قېيناناممۇ بىردەمدىلا دۇكان ئالدىدا پەيدا بولدى . ۋەقەنىڭ سەۋە-بىنى سوراپ بىلىشتى . مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاچچىق خورلۇقتىن ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم .

شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇم تامامەن ۋەيران بولدى . ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ ، بىر ئايدىن كېيىن يەڭگىدىم . بالا ئوغۇل بولۇپ ، ناھايىتى چىرايلىق ھەم چاچلىق تۇغۇلغانى-دى . بۇ بالىغا قارىسام ئوغلۇم ئەلى ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ . بالىغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ كەتتىم . ئەمما باھادىر ئېسىمگە كېلىپ قالسىلا قويقا چېچىم تىك تۇراتتى . بالا تۇغۇلۇپ ئون كۈن بولغاندا بىردىنلا بوشىشىپ كېتىپ ، ئۇشتۇمتۇت جان ئۈز-دى . ئۆزۈمنى توختىتالماي ئۇزاق يىغلىدىم . توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغماق ئاسان ئەمەس ئىدى . باھادىر يېنىمدا يەنە پەيدا بولدى . ئۇ ناھايىتى بىپەرۋا كۆرۈنەتتى . بالى-نىڭ نامىزىغا رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا قاتناشتى . ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكاندىكى ماللارنى يۆتكەپ كەتكەنلىكىگە تېنىۋېلىپ قەسەم ئىچ-تى . بىز ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدۇق .

مەن تۇل قالدىم . باھادىر مەن شەھەردىكى ئۆيدە كۆرۈپ قالغان ھېلىقى قىز بىلەن توي قىلدى . ئۇ ئەمدى شەھەرلىك بولۇپ قالغانىدى . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئازغىنا پۇلۇمغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەر بازىرىغا كەلدىم . كۆز

ئېيىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق بازىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن بولۇپ ، بازار ئىچى بەكلا قىستاڭچىلىق ئىدى . ئادەم كۆپ بىر رەستىدە كېتىۋاتسام ، قۇلىقىمغا بىرسىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغىنى ئاڭلاندى . بۇ ئاۋاز يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك سۇس ئىدى .

— ھېنىمبانۇ ··· ھېنىمبانۇ !

ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدىم . توپ ـ توپ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە شەھىدە قول پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى . مەن ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىمچە ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم .

ئىككىمىز ئۆزئارا قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتۇق .

— يۈرۈڭ ، بىزنىڭ دۇكانغا بارىمىز . سىز بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزاق بوپتۇ ، — دېدى ئۇ ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ .

— توغرا ، ئىككىمىز كۆرۈشمىگىلىمۇ خېلى ئۇزاق بوپتۇ ، — دېدىم ئۇنىڭغا ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ .

— ھە ، راست ، ئاڭلىسام بالىڭىز قازا قىلىپ كېتىپتۇ ، — دېدى پاراڭ ئارىلىقىدا .

— ھەئە ، — دېدىم بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالغا . ئوغلۇمنىڭ قازا قىلغانلىق ئىشىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايتتىم .

— ئەسلىدە نەزىرگە مەنمۇ باراتتىم ، ۋاقتىمدا خەۋەر تاپالماپتىمەن ، — دېدى ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى ئۇ بۇزۇپ .

بىز شەھىدەنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قايرىلىدىغان كوچىنىڭ بېشىدىكى قىستاڭچىلىق ئىچىدە خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قېلىپ ، شەھىدەنىڭ دۇكىنىغا خېلى تەستە يېتىپ كەلدۇق . شەھىدە ماڭا ئۇسسۇزلۇق ئەكەلدى . ئۇ قېشىمدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئېيتتى :

— ھېنىمبانۇ ، باھادىر ھەققىدە يېڭى بولغان گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى شەھىدە سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاچ مەندىن .

— قايسى گەپنى؟ — دەپ سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— ئاڭلىساق، باھادىر تازا جاجىسىنى يەپتۇدەك. سىزگە قىلغانلىرىنىڭ ئۆۋالىنى تارتىپتۇ. ئۇ ئۇلۇشكۈن ئىچكىرىدە قولغا ئېلىنىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىمگە بىر خىل خۇشلۇق ئېقىپ كىردى.

— بولدىلا، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنلا ئالاقەم ئۈزۈلگەن. ئۇ ئاسماندا ئۇچامدۇ، يەردە يۈرەمدۇ ۋە ياكى ئۆيى ئۆرۈلۈپ ئاستىدا كۆمپەيكۈم بولامدۇ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم؟ — دېدىم پەرۋاسىزلا. شەھىدە بۇ گېپىمگە كۈلدى ۋە ئېيتتى:

— توۋا، ھەرقانچە ئۆچ بولسىڭىزمۇ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن نېمە بولۇپ قولغا ئېلىنىپتۇ، دەپ سوراپ قويماسىز؟ — دېدى. بۇ گەپكە كۈلۈپ سالدىم.

— ئەمىسە دەپ بېرىڭە شەھىدە، ئۇ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قولغا ئېلىنىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم باھادىرنىڭ تەقدىرىگە ئازراق قىزىقىپ. شەھىدە دىمىغىنى قىرىپ قويۇپ ئېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— باھادىر يەنە بىرنەچچە يىلدىن بېرى بۇ شەھەر بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئارىلىقىدا «ئۆسمۈر ـ بالىلارنى ئالداپ ئوغرىلاپ سېتىش» تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىكەن. يوقاپ كەتكەن نۇرغۇن نارەسىدە بالىلار باھادىرنىڭ قارا قولى بىلەن ئوغرىلىنىپ ئىچكىرىدىكى بەزى بۇلاڭچى، يانچۇقچىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا يۇقىرى باھادا سېتىلىپتۇ. ئوغۇللار قارا نىيەتلەرنىڭ قولىدا بۇلاڭچى، قاتىل، يانچۇقچى بوپتۇ. ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان بەزى نارەسىدە قىزلار باسقۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ. بەزى قىزلار ئادەم بېدىكلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىپتۇ. يەنە بىر قىسىملىرى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا سېتىۋېتىلىپتۇ. باھادىرمۇ قارا نىيەتلەر بىلەن ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك قەبىھ ئىشلار

بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ بەك تېز ئۆزگىرىپ كەتكەچكە سىزگىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلغان گەپ.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدىم مەن كۆكسۈمنى تۇتۇپ، — دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ قەبىھ ئىشلار بولامدىكىنە؟ بىچارە باللار بىگۇناھ نابۇت بوپتۇ ئەمەسمۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاشۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى باللىرىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ھەرقاچان؟

— راست دەيسىز، — دېدى شەھىدە ماڭا قاراپ، — سىز بەلكىم بىلمەيسىز، بۇ شەھەردىنمۇ بىرمۇنچە باللار يوقاپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى ھازىر روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

— ھۇ خۇمپەر، ھۇ ئادىمىي ھايۋان!...

مەن ئىچىمدە قايناق سۇدەك تېشىپ تۇرۇۋاتقان غەزەپ - نەپرىتىمنى باسالماي قالدىم ۋە بىر ئازدىن كېيىن شەھىدەگە قاراپ:

— شەھىدە، مەن ئۇ مەلئۇن بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگىنىمگە نومۇس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن گويا تاپتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىۋاتىمەن. باھادىر دېگەن ئىسىممۇ بەك يېقىمسىز تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، قانۇن ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرەر؟ — دەپ سورىدىم. شەھىدە سۆزۈمگە:

— ئاڭلىدىڭىزغۇ، ئۇنىڭ جىنايىتى شۇنچە ئېغىر تۇرسا، قانۇن ئەلۋەتتە ئۆلۈم جازاسى بەرمەي قالمايدۇ - دە.

«ئۆلۈم جازاسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىم بىرئاز پەسكويغا چۈشتى. يۈرىكىممۇ ئۆزۈممۇ بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل ئازادە رىتىمدە سوقۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم خېلىلا يېرىم ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشىغا ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلاتتى.

شەھىدە بىلەن يەنە بىردەم پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردۇم -

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ده ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ كەت-
تىم . «توۋا ، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئەرلەر بولىدىكەن - ھە !»
دەپ شىۋىرلىدىم يولدا قايتىپ كېتىۋېتىپمۇ ئۆز - ئۆزۈمگە
سىلەرگە دەپ بېرىۋاتقان بۇ ھېكايىلەر بەلكىم بۇ دۇنيادا
مەندەك بىر ئاياللىڭلا بېشىدىن ئۆتكەن ، ئىككىنچى بىر ئادەم
بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن . مەن ئەنە شۇنداق قىس-
مەتلەرگە دۇچار بولدۇم . كۆڭلىرىم ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك
ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتۈپ بېرىۋاتاتتى . بۇ ۋاقىتتا دادام ياشى-
نىپ قالغانىدى . ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم .
ئۆيدە كىچىك قىزىم بىلەن ئىككىمىز قالدۇق . تەنھالىق ، يوق-
سۇزلۇق مېنى تەرەپ - تەرەپتىن قىيىنىدى . ئامالسىز ئىش
تېپىپ ئىشلەشنى ، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان قىزىم ماھىرەگە ئاز-
دۇر- كۆپتۇر خىراجەت ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرىمنى
يەتكۈزۈشنى ئويلاپ ، پۇل تېپىشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققانىد-
دىم . مانا ئەمدى سىلەردەك سىرداش دوستلارغا ئۇچراپ كۆڭلۈم
خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

* * *

ھېنىمبانۇنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشقانىدى .
ئۇ ئۆزىنىڭ قىسمەت - كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان
ھېكايىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ بېشىنى كۆتۈرمەي
پاختا تېرىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ :
— زۇپتۇمە ، — دەپ چاقىرىۋىدى ، زۇپتۇمە ئىسىملىك
چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ۋە :
— ھە ، — دېدى .
— ئەمدى نۆۋەت سىزگە كەلدى ، — دېدى ھېنىمبانۇ ئۇنىڭ-
غا .

— ئۇقتۇم ، ئىش بېشى ، — دەپ ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى باشلىدى زۇپتۇمە .

## 7

مەن بۇ يىل قىرىق تۆت ياشقا كىردىم . ئېسىمدە قېلىشىچە ، دادام كەنت مۇدىرى ئىدى . ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە ئىشلارىغا چات كېرىدىغان مىجەزى بار ئىدى . ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا تېخىمۇ جاپاكەش بولۇپ كەتتى . 1972 - يىلى مېنىڭ توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى . ئۇستىگە بىرمۇنچە كىتابلار يۈكلەنگەن ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئېشەكنى يېتىلىۋالغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ كەينىگە ئەگەشتۇق . ئېھتىمال ، قەدىمكى كونا كىتابلار بولسا كېرەك ، مەخمەل ، دۇخاۋا ۋە قاتتىق مۇقاۋىلىق بۇ كىتابلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى . ھېلىقى كىشىلەر سوكال قۇيرۇق ئېشەكلەرنى كەنت تەشكىلىنىڭ قورۇسىغا يېتىلەپ كىرگەندە ، ئۇ يەردىكى چوڭ بىر مەيدانغا ناھايىتى ئېگىز قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان بىرمۇنچە كىتابلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم . مەن بىلەن بىللە كەلگەن تەڭتۇشلىرىم خۇددى سېرىك ئويۇنىغا كەلگەندەك خۇش بولۇپ كېتىشتى . شۇ چاغدا بىر ئىشخانىدىن دادام ئوتتۇرا ياشلاردىكى ساقاللىق بىر ئادەمنى ئىتتىرگىنىچە چىقىپ كەلدى . ساقاللىق ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .

— ئاتا - بوۋامدىن قالغان تەۋەررۇك كىتابلار ئىدى . ساقلاي دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ كىشى تىترەپ تۇرۇپ .

— ئۇ سېسىق كىتابلارنى ساقلارمىش تېخى ، ھۇ بۇزۇق ! — دادام ئۇ كىشىنىڭ كاچىتىغا بىر مۇشت ئۇرۇۋېدى ، ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئاقتى .

— رەھىم قىلسىلا مۇدىر ، ئەنە ئۇ كىتابلارنى ساق تاپشۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ بەردىمغۇ ، — ئۇ كىشى شۇنداق دېيىشىگە دادام قەھرى بىلەن :

— تاپشۇرۇپ بەرسەملا قۇتۇلىمەن ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ تې‍ـ خى ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، — دادام بايا باشلاپ كىرىلگەن ئېشەكلەرنىڭ ئۇستىدىكى كىتابلارنى چۇشۇرۇۋاتقانلارغا بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى :

— ئىمىن پاكار ! ھوي ، ئىمىن پاكار !

چىرايى قازان قارىسىدەك قارا ، ئۆزى بەكلا پاكار بىر ئادەم دەرھال دادامنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى ۋە :

— نېمە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى باركىن مۇدىر ؟ — دېگىنىچە دادامنىڭ ئالدىدا ئىتائەتمەن قۇلدەك قول باغلاپ تۇردى .

— ماۋۇ كىتاب خالتىسىنىڭ تاپشۇرغان كىتابلىرى قېنى ؟

— ئەنە ئاۋۇ ئالا خۇرجۇندىكى كىتابلار شۇ .

— سانى قانچىكەن ؟

— ئونكەن مۇدىر .

— ھە ، ناھايىتى ياخشى . سەنچۇ قارا ، ئۇ كىتابلارنى ئېلىپ كەل . ئۇ بۇزۇقنىڭ بوينىغا ئېسىپ يولمۇ يول سازايى قىلدۇرۇپ كەل .

— رەھىم قىلسىلا مۇدىر ، رەھىم قىلسىلا ...

ئۇ ئادەم دادامغا قاتتىق يېلىنىپ يالۋۇردى . دادامنىڭ بۇنچە زالىم ئادەم ئىكەنلىكىنى تۇنجى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم . ئۇ رەھىم‍ـ سىزلىك بىلەن قولىنى شىلتىپ :

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋا ئادەمسەن ؟ تېخى سېنى ئاياپ قالدىم . گەپنىڭ چىرايلىقى شۇ ، دېگىنىم بويىچە سازايى بولۇپ كەل ، — دادام ئۇ كىشىگە سىنچى كۆزلىرىنى ئالايتىپ كىتاب چۇشۇرۇۋاتقانلارنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى . پاكار بويلۇق ھېلىقى ئادەم ئالا خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ بوينىغا ئارتىۋېدى ، ئۇ ئادەمنىڭ بېلى چۈشۈقتەك ئېگىلدى ۋە

ئارقىدىنلا يىغلاپ كەتتى . ئەمما ، پاكار بويلۇق ئۇ ئادەم ئۇنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلماستىن ، ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى .

هايال ئۆتمەي بۇ يەرگە يەنە بىرقانچە ئادەم پەيدا بولدى . دادام ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شوينا بەل بىر ئادەمگە قاراپ :

— شادا غوجا ، تېز بېرىپ بېنزىننى ئېلىپ كەل ! — دەپ ۋارقىرىدى . شادا غوجا ئىسىملىك ئۇ ئادەم بىر باكنى ئېلىپ دادامغا بەردى . دادام باكنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ دۆڭدەك دۆۋىلەنگەن كونا - يېڭى كىتابلارغا تەكشى چاچقاندىن كېيىن ئوت ياقتى . ئوت يالقۇنلاپ كۆتۈرۈلگەندە ، كىشىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشتى . ئەجدىهادەك تولغىنىپ كۆيگەن ئوت بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پەسىيىپ مەيداننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى . بارا - بارا ئىس - تۈتەكلەر يوقالدى .

شۇ چاغدا دادامنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى .

— قەغەز تۈرۈپمۇ ئەجەب شوخ كۆيمەيدىيا بۇ كىتابلار ! — دادام ئۆزىچە غودۇڭشىدى . باكنىڭ ئىچىدە ئېشىپ قالغان بېنزىننى خىرە قىزىرىپ تۇرغان كىتاب ئۈستىگە چېچىۋىدى ، ئوت يەنە يالقۇنلىدى . دادام شۇ چاغدا كىتاب كۆيدۈرگىچىلەرگە قاراپ :

— قولۇڭلارغا بىردىن خادا ئېلىپ كېلىڭلار ، كىتابلارنى بۇ ئوت ئۈستىگە ئىتتىرىپ بېرىڭلار ، — دەپ ۋارقىرىغانىدى ، ئۇلار دەرهال قوللىرىغا ئۇزۇن ياغاچلارنى ئېلىپ كىتابلارنى ئوت تەرەپكە ئىتتىرىپ ، بىر مەيدان كىتاب كۆيدۈرۈش جېڭىگە ئاتلىنىشتى .

دادام ناهايىتى تەستە كۆيۈۋاتقان توم - توم كىتابلارنى ئۇزۇن ياغاچ خادا بىلەن ئوت تەرەپكە ئىتتىرگەچ ، پۇتلىرى بىلەن قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلارنى تېپەتتى ، يانجىيتتى . باشقىلارمۇ دادامنى دوراۋاتاتتى . كىتابلارنىڭ كۆيۈشىدىن ئاجراپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

بەزى ۋاراقلار هاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى . تۇتۇن بولۇپ كۆيۈۋاتقان كىتابلاردىن چىقىپ دىمىغىمغا ئۇرۇلغان ئىس كۆزلىرىمدىن ياش ئاققۇزدى . بىردىنلا مەن بىلەن بىللە كەلگەن دوستلىرىم چاۋاك چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ .

شۇ تاپتا مەن دادامنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىزار بولۇپ تۇرغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قالايمىقان سەكرەشلىرى ئۇچلۇكۇمنى كەلتۈردى . بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم چۈشۈن يەۋالغاندەك غەش بولۇپ كەتتى . دادام تەرەپكە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم . شۇ كۈنى كەچتە دادامدىن :

— دادا ، نېمىشقا بىر ئوبدان كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىسەن ؟ — دەپ سورىسام ، دادام شۇ هامان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ :

— سەن نېمىنى بىلىسەن ؟ ئۇ كىتابلاردا ئادەملەرنى زەهەرلەيدىغان گەپلەر بار .

تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېگىنىم ئۈچۈن يۇزۇمگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ بۇرنۇمدىن قان ئاققۇزغان بۇ دادامنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە تېگىشدىنلا دۈشمەنلىك نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى .

دادام بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، پۇخادىن چىققاندەك كېرىلىپ تۇرۇپ ئانامغا :

— بۇ بىر مەيدان كىتاب كۆيدۈرۈش جېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى . بىزنىڭ كەنت بۇ جەڭدە تولۇق غەلىبە قىلدۇق ، — دېدى هىجايغىنىچە .

دادامنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى . پۇت ـ قولىنىڭ تىرنىقى يارا بولۇپ بارا ـ بارا يامانلىشىپ كەتتى ۋە ئاخىر سېسىشقا قاراپ ماڭدى . هېچقانداق دورا ـ ئوكۇل مەنپەئەت قىلمىدى . ئاخىر پۇت ـ قولىدىن ئايرىلىپ ، بىر يىلدىن كېيىن پۇتۇن بەدىنى سېسىپ ، ئازاپ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى . ئانام بىلەن

ئىككىمىز يار - يۆلەكسىز قالدۇق. خەق بىزگە نەپرەت بىلەن قارايتتى. تازا بويۇمغا يەتكەن ۋاقىتلىرىم ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھېچ يەردىن ئەلچى كېلەي دېمەيتتى. ئويلاپ باقسام، بىزگە ھەممە كىشى ئۆچ ئىكەن. شۇڭا نۇرغۇن يىگىتلەر مەندىن گويا تېرە كېسىلىم باردەك ئۈركۈپ يۈرۈپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا توي تەكلىپىنى قويۇپ، يەنە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېنىۋالغان بىر يىگىتنىڭ سۆزىدىن بىلىۋالدىم.

ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ياز كۈنى ئىدى. مەن سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مەھەللە يولىدا پىيادە كېتىپ باراتتىم. ئارقامدىن ۋېلىسىپىتكە مىنىۋالغان بىر يىگىت قوڭغۇراق چالغىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا كىچىك كۆزلىرىدە نەزەر سېلىپ، سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغاندىن كېيىن:

— قىزچاق، ۋېلىسىپىتىمگە مىنىۋالامسىز؟ — دېگىنىچە قېشىمدا توختىدى. شۇ چاغدا: «توۋا، ماڭىمۇ بىرەر يىگىت گەپ قىلىدىكىنە، بۇگۈن كۈن قاياقتىن چىقتىكىن» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە دورداي كالپۇك ئۇ يىگىت ماڭا ئاجايىپ سۆيۈملۈك كۆرۈندى. مەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يىگىتنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ، ئارقىسىدا ئولتۇردۇم. ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ پىدالىنى تەپكەچ مەندىن:

— توي قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «توي» دېگەن بۇ سۆزدىن قەلبىمدە گۈزەل بىر تۇيغۇ تاشقىنلىدى. يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ:

— ياق تېخى، — دېدىم. شۇ چاغدا يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭا «لەپپىدە» بىر قاراپ كۈلگەندىن كېيىن:

— ئوھۇي، سىز تېخى قىز ئىكەنسىز - ھە! — دېدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن ھاياجان ئىچىدە. يىگىت شۇ چاغدا:

— مەن بىر ساراڭ قېتىش قىز بىلەن توي قىپتىكەنمەن قاراڭ ، بىر ئاي ئاران چىدىدىم . ھەپتە بولدى ، خېتىنى بەردىم . ئەگەر مېنى توي قىلغان دېمىسىڭىز ، تەگكەن بولسىڭىز بوپتىكەن .

— ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچۈرىنى بېرەي ، — دەپ ئۇ يىگىتنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويدۇم . يىگىت مېنى ئۆي ئالدىغىچە ئەكىلىپ قويۇپ كەتتى .

راست گەپنى دېسەم ، كۆڭلۈمنى ئۇ يىگىت ئىگىلىۋالغانلىقتىن ، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم . ئىچىمگە بىر پارچە خۇشلۇق ئېقىپ كىرىپ قېتىقتەك ئۇيۇپ قالغاندى . ئەتىسى ئەتىگەندە خۇشلۇقۇمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي ئۇ ئىشنى بىرگە مەسلىھەتلىشەرمىز دېگەن ئويدا ئانامغا ئېيتتىم .

ئانام ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، پېشانەمگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن :

— خۇدايىم بەختىڭنى ئوچۇق قىلغاي قىزىم . ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشسەڭ قوشۇلىدىغانلىقىڭنى دېگىن . ئۇ ئىشنى ئارقىغا سۆرىمەيلى . بۇ ئىشقا چېچەك چىقىپ قالمىسۇن ، تېزرەك ئەلچى ئەۋەتسۇن ، — دېدى .

ئانامنىڭ بۇ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە مايدەك ياقتى . «ئەر كىشىنىڭ سېتى يوق» دېگەندەك ماڭا توي تەكلىپى قويغان ئۇ دورداي كالپۇك يىگىتنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلدەك شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى . مېنى تەقەززا قىلغان ، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن ئۈچىنچى كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى . مەن بۇ كۈن ماڭا ئۈچ كۈن ئەمەس ، ئۈچ يىلدەك بەكلا ئۇزۇن بىلىندى . ۋەدىلەشكىنىمىز بويىچە ئۆستەڭ بويىغا باردىم ، ئەمما ئۇ تېخى كەلمىگەنىدى . ئۇنى كۈتتۈم . ھېلى كېلەر ، ھېلى كېلەر بىلەن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى .

ئەمما، ئۇ يىگىت قارىسىنى كۆرسەتمىدى. كەچمۇ بولدى. شۇ چاغدا ئۇ يىگىتنىڭ يولىغا قاراپ تالغان كۆزلىرىمنى يىراق - يىراقلاردىن يۆتكىدىم. ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە «ئاھ، خۇدا! ئۇ ئالدامچى ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ مېنى ھۆل خىشقا دەسسىتىپتۇ. توۋا، ئۇنى بىر كۈن ساقلىدىم ئەمەسمۇ. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق، نېمىدېگەن شور پېشانە قىز - ھە! ...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. روھىم چۈشۈپ ئۆيگە قايتتىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئانامنىڭ چىرايى ئۆزگەردى.

— نېمە بولدى، چىرايىڭ خاپا كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئانام جىددىيلەشكەن ھالدا.

— ئۇ لەۋزىدىن يېنىۋالغان ئوخشايدۇ، — شۇنداق دېدىم - دە، ئانامنىڭ قوينىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋەتتىم.

— بولدى يىغلىما، ئەر كىشى دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس. رىزقىڭ ھامان بىر يەردە باردۇ. ھە راست، ئۇ نېمە دېدى؟ يىغلىماي دېگىنە، — دېدى ئانام چېچىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنى بىر كۈن ساقلىساممۇ كەلمىدى، — دېدىم پەس ئاۋازدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانام كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

— توۋا، شۇنچىلىك ئىشمىدى؟ ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمىغان ئوخشايدۇ. ئائىلىسىدە بەلكىم مۇھىم بىرەر ئىش چىقىپ قالغان چېغى. ئۇنداق بىردەمدىلا بەل قويۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلما. تېخى ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ، نېمە كۆز يېشى ساڭا؟

ئانامنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدىم. چوڭ دېگەننىڭ ئەقلى يەنىلا چوڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ. مەندە ئۇ يىگىتكە نىسبەتەن يەنە ئۈمىد پەيدا بولدى. «تېخى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش-

www.uyghurkitap.com

مەي تۇرۇپ ، ئۇمىد ئۇزگىنىم ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماپتۇ» دېگەننى ئويلاپ خاتىرجەم يېتىپ قالدىم .

ئەتىسى يەنە ۋەدىلەشكەن ئۆستەڭ بويىغا باردىم . بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ يىگىت يولدا ۋېلىسىپىتىنى مىنگىنىچە ئۇدۇلۇمغا كەلدى . ئەمما ، مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى . ئۇ نېمىندۇر خىيال قىلغاندەك يەرگە ئېگىشىپ تۇرۇپ پىدالنى تېپەتتى . مەن ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە شۇنچە تەقەززا بولۇپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ :

— ھەي ! ھەي ! ··· مەن بۇ يەردە ، — دەپ ۋارقىرىدىم .

ئۇ يىگىت ئاۋازىمنى ئاڭلاپ شۇ ھامان ۋېلىسىپىتىنى توختاتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا دىققەت قىلىپ قارىغاندىن كېيىن ، ۋېلىسىپىتنى ياقىراق بىر يەرگە توختىتىپ قويۇپ يېنىمغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى شوخلۇق ئەمەس ، بەلكى بىر خىل سوغۇقلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ مەن چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مەن تۈنۈگۈن بۇ يەردە سىزنى بىر كۈن ساقلىدىم ، — دېدىم نازلىنىپ .

— ھە ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ئۇ گېپىم خۇشياقمىغاندەك قىلىپ چىرايىنى تۈرگىنىچە .

— مەن ··· مەن ···

— ھە بولدى ، بولدى . بىز دېيىشكەن گەپ ئەمەلدىن قالسۇن .

— ئەمەلدىن قالسۇن ؟ نېمىشقا ؟ — مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم .

— نېمىشقا ؟ شۇنداق دەپ سوراش كېتەمدۇ ؟ — سىز دېگەن ئاۋۇت مۇدىرنىڭ قىزى ئىكەنسىزغۇ ؟

يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ ، قاتتىق سىلىپ كەتتى . مەن ئارانلا :

— ھەئە ، مەن ، — دېگەندىن باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي

تۇرۇپ قالدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىن تەپچىۋاتقان سوغۇقلۇق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك بىلىندى .

— قىزچاق ، ئاشۇ كۈنى مەن ئاۋۇت مۇدىرنىڭ قىزى دېيىشكىز بولماسمىدى . مەن ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ يۈرمەيتتىم . بولدى ھېلىمۇ ھېچقىسى يوق . يېپىقلىق قازان يېپىلغان پېتى قالسۇن . مەن سىز بىلەن ھەرگىز توي قىلمايمەن ، — دېدى دورداي كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

ئۇستۇمگە سوغۇق سۇ تۆككەندەك ئەندىكىپ كەتكىنىمچە :

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى ئېنىق چۈشىنەلمەي .

— گېپىمنىڭ تېگىگە يەتمەپسىز ـ ھە ، قىزچاق . سىزنىڭ دادىڭىز بەكلا ناچار ئادەم ئىدى . ئۇ ھايۋاندەك بىر قىلىق قىلىپ ، يۈرتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يىغىپ ئەۋلاددىن ئەۋلادقىچە ساقلىغان نەۋائىي ، نەۋبەتى دېگەن داڭلىق كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن . مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى خورلىغان ، ئازابلىغان . تېخى ئۇ ئېشىپ ـ تېشىپ مۇقەددەس كىتاب — «قۇرئان كەرىم»نى ئۆيمۇ ئۆي يىغدۇرۇپ بېنزىن چېچىپ ئوت قويغان . كۆيمىگەنلىرىنى دەسسەپ چەيلىگەن . دۇنيادا بۇنداق ئوسال ئادەمدىن ئىككىنچى بىرى بولماس . ئۇنىڭ يامان نامى پۈر كەتكەن تۇرسا ، مەن ئاشۇنداق پەس بىر ئادەمنىڭ پۇشتى بىلەن توي قىلسام خەق ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ؟

ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ، دادامنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كەلدى . ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ بېشىغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېرىپ قويۇپ ئۇ ئالەمگە كەتكەن دادامنىڭ ئىستەكلەر ئارىسىدىكى ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ ئۆتتى . مەن ئەلەم بىلەن خورسىنىپ بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە ، يىگىت ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى .مەن ھەسرەت ئىچىدە يىغلىۋەتتىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## 8

دادامنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈش ۋە ئادەملەرنى جازالاپ ، سازايى قىلىشتەك يامانلىقلىرىنىڭ سورىقى بىز ئانا ـ بالا ئىككىمىزگە ئەنە شۇنداق بىئاراملىقلارنى ئېلىپ كەلدى . بىزنىڭ كۆز يېشى قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى .

دادامنىڭ قىزى بولغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم . كېچە-لىرى ئۇنىسىز ياش تۆكتۇم . «دادام ناۋادا ئاشۇ قىممەتلىك كىتاب-لارنى كۆيدۈرۈپ يۈرمىگەن ، بىگۇناھ كىشىلەرگە ئۇۋال قىلمى-غان بولسا ، مەن بۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالماس ، دەرد ـ ئەلەم تارتىپ يۈرمەس بولغىيدىم . ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغانلار ۋە ئۇلار-نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىز ئانا ـ بالا ئىككىمىزگە بەلكىم بۇنچە سوغۇق كۆزدە قارىماس بولغىيدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتىم .

ئەتىياز مەزگىلى ئىدى . ئانام مېنى تۆت ـ بەش جىڭ بولسىمۇ نورمىلىق ئۇن ئېلىپ كەل ، دەپ كەنتنىڭ ئۇنخانىسىغا ئەۋەتتى . مەن ئۇن خالتىسىنى ئېلىپ تەشكىلنىڭ ئۇنخانىسىغا باردىم . ئامبارچى ئاشلىقنىڭ گېپىنى چىقىرىشىمغىلا ئۇن ئامبى-رىنىڭ قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىكىنى كەڭرى ئېچىپ قو-يۇپ :

— مانا قاراڭ ، ئامبار دېگەن قۇپقۇرۇق ، — دېۋىدى ، روھىم چۈشۈپ قايتىپ كەلدىم . ھويلىغا كىرسەم ئانام :

— قۇرۇق قول كەپسەنغۇ ، — دەپ سورىدى .

— ئۇن تۈگەپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردىم .

— ئازراقمۇ يوقمىكەن ؟ — دەپ سورىدى گېپىمگە ئىشەنمى-گەندەك قىلىپ .

— يوقكەن ، — دەپلا جاۋاب بەردىم .

ئانام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى . شۇ كۈنى كەچتە

يەيدىغانغا ئاش يوق ، ئاچ يېتىپ قالدۇق . ئەتىسى ئەتىگەندە ئەمدى گالغا نېمە يەرمىز ؟ دەپ ئويلاپ ئولتۇرسام ، ئانام بىر قاچا ئاق قوناق ئېلىپ چىقىپ ، كارىۋات ئۈستىگە قويدى ۋە ماڭا قاراپ :

— قىزىم ، ئىچكىرىكى ئۆيدىكى تەكچىدە هاۋانچا بار . ئې- لىپ چىققىنە ، — دېدى . مەن ئۆيگە كىرىپ هاۋانچىنى كۆتۈرۈپ چىقتىم . ئانام قولۇمدىن هاۋانچىنى ئېلىپ ، هويلىغا ئېلىپ چىقتى ۋە هويلىدىكى سۇپىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ ، بىر سىقىم قوناقنى هاۋانچىغا سېلىپ سوقۇشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ هەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇردۇم .

دەل شۇ ئەسنادا هويلىمىزنىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىل- دى . ئانا ـ بالا ئىككىمىز تەڭلا هويلا دەرۋازىسى تەرەپكە قاراش- تۇق . دادام قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ئەركەك زاتى ئىز باسمىغان بۇ هويلىغا ئۈستىگە قارا نىمكەش يەكتەك ، بېشىغا قارا تاشلىق تەلپەك كىيىۋالغان يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى چىرايى قارىماتاق كەلگەن ، قويۇق قارا قاشلىق ، بويلىرى ئېگىز بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇ ئالدىمىزدا توختىغاندىن كېيىن ئەدەپ بىلەن :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دەپ سالام قىلدى . ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام قىلغاندا بۇ سالام ئۇنىڭغا بەكلا ياراشقاندەك بىلىندى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — ئانام يىگىتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى . مەنمۇ ئانامغا ئەگىشىپ ئۆرە بولۇپ تۇردۇم . يىگىت كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا هاۋانچىغا ۋە قاچىد- كى قوناقلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن :

— نېمە خاپىلىق بۇ سىلىگە ، يارغۇنچاق يوقمىدى ؟ — دەپ سورىدى .

— يوقتى ، — دېدى ئانام ناهايىتى ئوڭايسىزلانغان قىياپەت- تە .

www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ يارغۇنچاق ئۆيدە بىكار تۇرىدۇ. مەن ئەكىلىپ بەرسەم قانداق؟ — دېۋىدى، ئانام ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە پەقەت «رەھمەت»لا دېيەلىدى.

— بۇنىڭغا رەھمەت دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن يىگىتكە ئوخشاش بازارچىلارنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار يەكشەنبە كۈنلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا مەھەللىمىزگە كېلىپ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، ئۆزلىرىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ قايتاتتى. ئەمما، ئۇ يىگىتنى ئىلگىرى كۆرگەنىدەك قىلمايتتىم.

— سىلىنى ئاۋارە قىلماي، يارغۇنچاقنى قىزىم بېرىپ ئەكېلىۋالسۇن، — دېدى ئانام يىگىتكە.

— ئۇنداق قىلساقمۇ مەيلى، — دېدى يىگىت ئانامغا ۋە ماڭا باشتىن - ئاياغ نەزەر سېلىپ.

ئانامنىڭ بېشى چۆرگىلەپ قالدىمىكىن - تاڭ. بۇ يىگىتنىڭ يا ئىسمىنى، يا يۇرتىنى سورىماي مېنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يارغۇنچاقنى ئەكەل دېگىنى قىزىق بولدى، دېدىم ئىچىمدە. يىگىت ئەسلىدە ئارپا ئۇنى سېتىۋالماقچىكەندۇق، بىزنىڭ ئۆيدە ئارپا ئۇنى بولمىغاچقا، ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرىدىغان بولدۇق.

— ئەمسە، ھازىر بېرىپ ئەكېلىۋالسۇنمۇ، — دېدى يىگىت ئانامغا. ئانام ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئىشىكتىن چىقىپلا ھەرخىل خىياللارغا چۆمدۈم. «ئانام يارغۇنچاق ئۈچۈنلا خۇش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بەلكىم مەندەك ئولتۇرۇپ قالغان تەلەيسىز قىزىنى بۇ يىگىتكە جۈپ بولۇپ قالسا، دېگەننى ئارمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم.

— ئىسمىڭىز نېمىكىن، قىزچاق؟ — مەن ئۇنىڭ سوئالىدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىۋېتىپ، چىرايىمغا قاراپ ئىللىققىنە بىر كۈلۈپ قويۇ-

غاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بايا ئانىڭىز ئالدىدا تارتىنىپ سورىيالمىدىم.

مەن يىگىتكە مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بەردىم:

— ئىسمىم زۇپتۇمە، — دەپ جاۋاب بەردىم. گېپىمنى ئاڭلاپ يىگىتمۇ ئوچۇق چىراي هالدا:

— چىرايلىقكەن، هەقىقەتەن چىرايلىق ئىسىمكەن. مېنىڭ ئىسمىم موللايۇپ، — دەپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا:

— چىرايىڭىزدىن موللا ئادەمدەك كۆرۈنىسىز، — دېدىم چاقچاق تەلەپپۇزىدا. يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كەينىدىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— شۇنداقمۇ؟ سىز موللىنى ياقتۇرامسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭ سورىغىنىغا جاۋابەن:

— نېمىشقا ياقتۇرمىغىدەكمەن؟ هەممە ئادەم موللىنى هۆرمەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

يىگىت بىردەم جىم ماڭغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئۆيۈم يىراقراق. بېرىپ - كېلىشتە جاپا تارتىپ قالارسىزمىكىن، — دېدى ماڭا ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ.

— ئۆيىڭىزنىڭ يىراقلىقىنى بايا بىلگەن بولسام ئۇنداق يىراق يەرگە بېرىپ يۈرمەسكەنمەن. ئۆزىڭىزلا ئالغاچ كېلەركەنسىز. تېزرەك كەلمىسەم ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ. شۇڭا بەك يىراقتا بولسا يا مۇشۇ يەردىنلا يېنىپ كېتەيمىكىن، — دېدىم مېڭىشتىن توختاپ. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ يىگىت:

— ئانىڭىز مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ مېنى ئوبدان يىگىتكەن دەپ ئويلاپ سىزنى ماڭا خاتىرجەم قوشۇپ قويدى. ناۋادا كەينىڭىزگە يېنىپ كېتىمەن، دەپ ئۆيگە قۇرۇق قول قايتسىڭىز، ئانىڭىز مېنى چوقۇم ئالدامچىكەن دەپ قارىمامدۇ؟ ماڭا ئىشە-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ ، مەن دېگەن ئۇنداق ئوسال يىگىتلەردىن ئەمەس ، — دېدى يىگىت ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ .

— بۇ مېنىڭ سىزگە ئىشەنمىگىنىم ئەمەس . مەن دېگەن قىز بالا ، ھازىرغۇ سىز بىلەن بىللە ماڭارمەن . بارماقنىڭ يانمىقى بار دېگەندەك قايتىشىمدا قانداق يالغۇز كېلەرمەن ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا . موللايۇپ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن :

— قايتىپ كېتىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . مەن سىزنى يەنە ئەكېلىپ قويىمەن ، — دېدى . بۇ گەپ بىلەن بېشىمدىكى بىر تاغ يۆتكەلگەندەك ئەركىن - ئازادىلىشىپ كەتتىم ۋە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم .

بىز بىردەم پىيادە ماڭغاندىن كېيىن ، كەينىمىزدىن ئۇستىگە يۈك بېسىلغان بىر تراكتور كەلدى . موللايۇپ تراكتورغا بىر قاراپلا شوپۇرغا قول پۇلاڭلاتتى . ئۇ تراكتورنىڭ شوپۇرىنى تونۇيدىكەن . شوپۇر بىزنى تراكتورىغا چىقىرىۋالدى . توپىلىق يولدا تراكتورنىڭ چاقىدىن ئۆرلىگەن توپىلار ئۇستۇۋېشىمىزنى توپا - توزانغا چۈمكەپ ، خۇددى بوراندا قالغان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويىدى . تراكتورنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ موللايۇپنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق .

— قىنى ، ئۆيگە مەرھەمەت ، مۇشۇ ئۆي بىزنىڭ ، — موللايۇپ مېنى چوڭ دەرۋازىلىق كەڭ ھويلىغا باشلاپ كىرگەندە كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم . ھويلا ئىچى پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى . ئېگىز بويلۇق بىر ئايال ياندىكى بىر ئۆيدىن چىقىپ ھەيران ھەم خۇشال بولغان ھالدا مېنى قىزغىن قارشى ئالدى .

— ئانا ، بۇ قىزنىڭ ئىسمى زۇپتۇمە ئىكەن . ئانا - بالا ئىككىيلەن تاماق ئېتىشتە قىينىلىپ قاپتىكەن . ئۆيدىكى ھېلىقى بىكار تۇرغان يارغۇنچاقنى بېرەي دەپ باشلاپ كەلدىم ، — دېدى موللايۇپ ئانىسىغا . موللايۇپنىڭ ئانىسى ناھايىتى قىزغىن ھالدا :

— ئۇ يارغۇنچاق ئۆيىمىزدە نەچچە يىلدىن بېرى توپا بېسىپ بىكار تۇرغان . ئوبدان قىپسەن ، ئوغلۇم . قېنى زۇپتۇمە قىزىم ، مېھمانخانىمىزغا مەرھەممەت قىلسىلا ، — دېگىنىچە مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

— رەھمەت ، مەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرسام تېخىمۇ كەچ بولۇپ كېتەر ، قايتسامميكىن ، — دېدىم ئۇنىڭ تەكلىپىگە جاۋا-بەن .

— زۇپتۇمە ، — دەپ كايىدى موللايۇپ ماڭا قاراپ ، — ئىسمىم موللايۇپ بولغىنىغا قاراپ ، بىزنىڭ ئۆينى مەسچىت كۆرۈپ قالماڭ . يولدا هاردىڭىز ، شۇڭا ماڭىسىڭىزمۇ ئاۋۋال بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭارسىز ، — دېدى . ئانىسىمۇ ماڭا قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى .

ئۇلارنىڭ چىڭ تۇتۇشىدىن ئىلاجسىز مېھمانخانىغا كىردىم . موللايۇپنىڭ ئانىسى داستىخان سېلىپ ، چاي قۇيدى . موللايۇپ يەر تېگىدىن ماڭا كۆز قىسىپ قويدى . داستىخاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلدىم . موللايۇپ يارغۇنچاقنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ، لەۋزە قىلغىنى بويىچە مېنى بىز-نىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى ۋە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئۆيگە كىرەيلى» دېگىنىمگە ئۇنىماي قايتىپ كەتتى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ئۈچ مېھماننى كۆرۈپ ، ئانا ـ بالا ئىككىمىز هاڭ ـ تاڭ قالدۇق . ئۇلار كىمكەن دېمەمسىلەر ؟ ئۇلار موللايۇپ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىكەن . ئانام ناهايىتى خۇشال بولۇپ ، ئەلچىلەرگە ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمايلا ماقۇللۇق بىلدۈردى . ئۇلار ئۆيدىن چىرايلىق ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئانامدىن :

— ئانا ، بۇ چۈشۈممۇ يا ئوڭۇممۇ ؟ — دەپ سورىسام ، ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ :

— هەي ، ئەخمەق قىز . ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ،

ئۆز قولىقىڭ بىلەن ئاڭلاپمۇ ئىشەنمەمسەن؟ بۇ دېگەن ئۇ-
لۇغ، — دېيۇدى، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. چۈنكى،
مەن موللايۇپنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ داستىخاندا ئولتۇرغاندا:
«مۇشۇنداق يۇقىرى ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشىش بۇنىڭدىن
كېيىن ماڭىمۇ نېسىپ بولارمۇ؟ مۇشۇنداق ياخشى ئائىلىگە ياتلىق
بولالىسام، قانچىلىك خۇشال بولار ئىدىم - ھە...» دېگەنلەرنى
ئارمان قىلغانىدىم. مانا ئەمدى بۇ چۈشتەك بىر ئىش كۆز ئالدىم-
دا نامايان بولغان ۋە رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

ئىشلار ئەنە شۇنداق يۈرۈشۈپ، موللايۇپ بىلەن ياز ئېيىدا
توي قىلىپ ئەر - خوتۇن بولۇپ مۇرادىمغا يەتتىم.

## 9

«ئەردىن تەلىيىم چىقماي قالارمۇ» دەپ دەككە - دۈككىدە
ئۆتۈۋاتقان كۆڭلىرىمگە شۇنداق قىلىپ خاتىمە بېرىلدى. ئاتا -
ئانىسى باي، قول ئىلكىدە بولغاچقىمىكىن - تاڭ، موللايۇپ
خەج - خىراجىتىمنى قىسمايتتى. تويۇم بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن
قېينانام بىر تويغا مېنىمۇ بىللە ئاپىرىدىغان بولدى. نەچچە كۈن-
دىن بېرى ئۆيدىن سىرتقا چىقماي زېرىكىپ تۇرغاچقىمىكىن،
تويغا بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم.
كۈن بويى ئۆيدە ئولتۇرغۇچە، ئانچە - مۇنچە سىرتلارغا چىقىپ،
كەڭرى ئالەمنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلەنسەم ئۆيدە ئولتۇرۇپ زې-
رىككەندىن كۆپ ياخشى ئىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، ھۇجرا ئۆي-
دىكى تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئالدىراش كىيىم يۆتكەۋاتسام،
قېينانام چاقىردى.

مەن ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمگە باشتىن - ئاياغ بىر نەزەر
سېلىۋالغاندىن كېيىن رازىمەنلىك بىلەن ھۇجرىدىن چىقتىم.

قېنانامنىڭ تەييارلىقى پۇتۇپ مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان مېڭىپ يولغا چىقتىم . يولدا كېتىۋېتىپ ، قېنانامنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇلغان بىر تۇگۈنچەك دىققىتىمنى تارتاتتى .

— ئانا ، ياغلىقتىكى نېمە ئۇ ؟ — دەپ سورىدىم تۇگۈنچەككە قىزىقىپ .

— قوناق ، — دېدى قېنانام كۈلۈمسىرەپ .

— نېمە قىلىسىز ئۇ قوناقنى ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ .

— تويغا ئادەمگەرچىلىك قىلغىلى ئېلىپ ماڭدىم ، — دېۋىدى ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم .

— توۋا ، بۇ مەھەللىنىڭ قائىدىسى ئۆزگىچىمۇ ، قانداق ؟ — دەپ سورىدىم تەئەججۈپ ئىچىدە .

— سىلەرنىڭ مەھەللىدە بۇنداق قائىدە يوقمۇ ؟ — دەپ سورىدى قېنانام .

— يوق ، ئۇ يەردە ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن رەخت ئاپىرىدۇ ، — دېدىم مەن پەخىرلەنگەن قىياپەتتە . يول بويى ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىپ ماڭدۇق .

توي بولىدىغان ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق . جىمى ئادەم ماڭا قاراپ كېتىشتى . مەن ناتونۇش ئاياللار بىلەن مەڭزىمنى مەڭزىگە بىر - بىرلەپ يېقىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتىم . بىزنى باشلىغان ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم . ئۆي تۆرىگە ئىككى پارچە بورا سېلىقلىق تۇراتتى . ئۆي ئىگىسى بىزنى بورا ئۈستىگە باشلىدى . كېيىن بۇ ئۆيگە ئاياللار تولۇپ كەتتى . يۆكۈنۈپ ئولتۇرغاچقا تىزىم ئاغرىپ تۇراتتى . قېنانام بىر ئايال بىلەن ناھايىتى خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار پات - پات مېنى ئىما قىلىپ پاراڭلىشاتتى . ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىيالمايتتىم . ئۆي ئىچى بارا - بارا تونۇردەك ئىسسىپ ،

www.uyghurkitap.com

دىمىم سىقىلىپ كەتتى . «بىردەم شامالداپ كىرەي» دەپ ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتىم .

قارىغۇدەك بولسام ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تويغا ئەكەلگەن قوناقلىرىنى چوڭراق ياشتىكى بىر ئايالغا تىزىملىتىۋېتىپتۇ . ئۇ ئايالنىڭ يېنىدىكى يوغان ئۈچ داس قوناققا لىققىدە تولۇپتۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تاۋاقتا يىگىرمە - ئوتتۇزچە تۇخۇم تىزىقلىق تۇراتتى . مەن ھويلىدا بىردەم سەگىدىۋالغاندىن كېيىن ، تويى بولىدىغان قىز بار ئۆيگە كىردىم . بۇ ئۆيمۇ بىزنى باشلىغان ئۆيدىن قېلىشمايتتى . قىز ئۆينىڭ بۇرجىكىدە يۈزىنى قىزىل ياغلىق بىلەن چۈمكەپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قولداشلىرى ۋە تەڭتۇش قىز مېھمانلىرى ئۆي ئىچىگە تولۇپ كەتكەنىدى . كۈن پېشىندىن ئاشقاندا ، قىزنى يۆتكەيدىغان تويچىلار يېتىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەر بىردىنلا تىقما - تىقما بولۇپ كەتتى . ھويلا ئىچى قىزىق بازارغا ئايلاندى . ئاۋۋال تويلۇقلار سورۇنغا بىر - بىرلەپ تىزىلىپ قويۇلدى ، ئاندىن نىكاھ ئوقۇلدى . يەڭگىلەر ۋە قىز قولداشلار قىزنىڭ تويلۇق كىيىمىنى كىيدۈرۈشكە باشلىدى . قىز خۇشاللىقىدىنمۇ ياكى ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىشنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكىدىنمۇ ئىشقىلىپ مۆڭلۈك يىغلاۋاتاتتى . قىزغا تويلۇق پەرىجە كىيگۈزۈلدى . باش - كۆزىگە چۈمبەل ئارتىلدى . بېلىگە قىزىل تاۋار باغلاندى . ئاندىن كىرىسىن چىراغ ياندۇرۇلۇپ ، قىز كىگىز ئۈستىگە قويۇلۇپ ، چىراغتىن ئاتلاندۇرۇلدى . ئاندىن تۆت يىگىت كىگىز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قىزنى كىگىزنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرگىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى . قىزنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ، يىگىتلەر قىزنى چىلان تورۇق ئاتقا مىندۈردى . بېشىغا يازلىق تەلپەك كىيىشۋالغان ، بېلىنى قىزىل تاۋاردا باغلىشۋالغان بورۇتلۇق ۋە ئېگىز بويلۇق يىگىتمۇ قارا ئاتقا مىنگەندە تويچىلار تەۋرەپ كېتىشتى . تويى بولغان قىز- يىگىت مىنگەشكەن ئاتلارنى يىگىتلەر

ئاستا يېتىلەپ ماڭدى . تويچىلار ئاتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى .
مەنمۇ باشقا تويچىلار قاتارىدا ئۇلار بىلەن ماڭدىم . ۋۇجۇدۇم ساپ ھاۋادىن راھەتلەنمەكتە ئىدى . ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى . كۆچلۈك كۈن نۇرىدا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپيۇر-ماقلىرى كۈمۈش تەڭگىلەردەك يالتىرايتتى . ئېرىق ـ ئۆستەڭ-لەردىكى سۈپسۈزۈك سۇلار شوخشۇپ ئاقماقتا ئىدى . تويى بول-غان يىگىتنىڭ ئۆيىمۇ ئانچە يىراق ئەمەسكەن . ئىككى ئات يىگىت-نىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ، دەرۋازا ئالدىغا تەييارلانغان بىر پەنجە يانتاققا ئوت يېقىلدى . ئوت بىردەمدىلا پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . يىگىتلەر قىز بىلەن يىگىت مىنگەشكەن ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ، ئوتنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى . قىز ـ يىگىت ئوت يالقۇنى ۋە تۈتۈندىن ئۆزىنى قاچۇرغان كىرپىدەك بىر يەرگە يىغىلىشتى . يۈزلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىشتى . يانتاق كۆيۈپ بولۇپ ، ئوتى پەسەيگەندىن كېيىن يىگىت قارا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە بولغىنىچە قىزنىڭ بېشىدىن ئاتلىدى . يىگىتلەر شۇ ھامان قىيقاس ـ سۈرەن چىقىرىپ توۋلىشىپ كەتتى . يىگىتلەر قىزنى چىلان تورۇق ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ ، قىزنىڭ كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ ھويلىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرىشتى ۋە ھويلىغا تەييارلاپ قويۇلغان جۇۋىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇشتى . تويى بولغان يىگىت قىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . يىگىت-نىڭ ئانىسى بولسا كېرەك ، يارىشىملىق كىيىنگەن چوڭ ياشلىق بىر ئايال ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭ بىر دانە نان بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچتى ۋە تويچىلارغا قاراپ :
— ئوغلۇمنى ئۆزمىكىن دېسەم ، كېلىنىم ئۇنىڭدىن بەك ئۆزكەن ئەمەسمۇ ، — دەپ كۈلدى ۋە كۈلكىدىن كېيىن كېلىنىگە قاراپ :

— بېشىڭلار باش ، ئايىغىڭلار تاش بولغاي ، — دەپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەر بىر تاۋاقـ نىڭ ئۈستىدىكى بىر جۈپ يېڭى پىيالىگە چاي قۇيۇپ ، يىگىت بىلەن قىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە :

— كېلىن كەلدى ، شېرىن ـ شېكەر چاي كەلدى ! — دەپ ۋارقىراشتى . يىگىت پىيالىدىكى چاينى قىزدىن بۇرۇن ئېلىشقا ئالدىرىدى ۋە بىر پىيالىنى ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىچىپ بولدى . چاي ئىچىشتە قىزنىڭ ئارقىدا قېلىپ يېڭىلگەنلىـ كىنى كۆرگەن يىگىتلەر قىن ـ قىنىغا پاتماي يىگىتنى ماختاپ كېتىشتى :

— يارايسەن !

— يىگىتتەك ئىش قىلدىڭ !

— ئوغۇل دېگەن يەنىلا ئوغۇل بالا ـ دە !

ئارقىدىنلا يىگىتلەر قىزنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئۈچ يەڭـ گە ئايالنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ :

— داستىخان بىزدىن ، كۆمەچ سىلىدىن ، — دەپ قول باغلاپ ئولتۇرۇشتى . يەڭگىلەر ئىچىدىن سېمىز بىر ئايال :

— غوجىلىرىم ، داستىخان سېلىپ قۇرۇق ئاۋارە بولدۇڭـ لار ، بىز كۆمەچ ئېلىپ كەلمىدۇق . سۈت ئالمىدەك قىزغا يەڭگە بولۇپ كەلدۇق ، — دېدى قاشىسىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىتلەردىن بىرى شوخلۇق بىلەن كۈـ لۈپ :

سۈتتەك كېلىن يېنىدا يەڭگىسى بولۇر ،
يەڭگىسىنىڭ قوينىدا كۆمىچى بولۇر .

دەپ قوشاق توقۇۋىدى ، «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى . كۈلكـ دىن كېيىن يەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ، يەكتىكىـ نىڭ قوينىنى ئېچىشىپ ، ئايرىم ـ ئايرىم سوراشتى :

— ئىشەنمىسەڭلار مانا .
— قاراڭلار ، قوينۇمدا كۆمەچ بارمىكەن .
— مانا ، مېنىڭ قوينۇمغىمۇ ئوبدان قاراڭلار .
ئۇلار شۇنداق دەپ بولۇپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى . يىگىت-لەردىن بىرى يەڭگىلەرگە قاراپ :
— نېمە ئىش بۇ ، توي ئىگىسىنىڭ كۆمەچ پىشۇرىدىغان قازىنى يوقمىكەن ؟ — دېسە ، يەنە بىرى :
— قازان سېتىۋالغۇدەك ۋەجى قالماپتۇمۇ - يە ؟ — دەپ سورىدى .
يەنە بىرى :
— ئۇن قاچىلىغان بوز خالتىسى قۇرۇقدىلىپ ، ماي ئالغان قاپىقى تاراقشىپ قاپتۇمۇ ، نېمە ؟ — دېدى .
— كۆلدە غاز بار ، قىزدا ناز بار دەپتىكەن ، — دېدى بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ .
يەنە بىرى :
— بوز ياغلىققا چىگىكلىك ، يېشەلەمسىز ؟ يۇپيۇمىلاق نە-قىشلىك ، يېيەلەمسىز ؟ — دەپ سورىدى ۋە ياغلىققا ئورىلىپ قاتمۇ قات چىگىلگەن بىر كۆمەچنى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كې-لىپ ئاتتى . يىگىتلەر «ۋاي ، كۆمەچ ! ئەركەكلەرنىڭ بوغۇزى بۇ كۆمەچ ! ...» دېيىشكىنىچە تالىشىپ كەتتى . كۆمەچنى تالى-شىپ بەزىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلدى ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلدى . ئۇلار شۇنچە بەك ئاۋارە بولۇپ ، قوۋۇ-زىغا بارغۇدەك بىرەر چىشلەم كۆمەچكە ئاران ئېرىشتى . ئۇلار كۆمەچنى ئىشتىها بىلەن چايناشتى .
مەن بۇ يەردە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن توي ئەنە شۇنداق داۋام قىلدى . قېينانام بىلەن بىرگە تويدىن خېلىلا كەچ قايتىپ كەلدىم . موللايۇپقا بۈگۈنكى تويدا كۆرگەنلىرىمنى دېسەم :
— بۇ يەرنىڭ توي ئادىتى شۇنداق بولىدۇ ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

بىر كۈنى قېيناناام بىزگە :
— ئەمدى ئالەم خېلى سالقىن بولۇپ قالدى . شۇڭا ھۈنەر قىلىپ كېلەيمىكىن ، — دېدى . «توۋا ، قېينانامنىڭ قولى گۈل ئىكەنغۇ ، ھۈنەر قىلىپ پۇل تاپسا نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم . ئۆز ئۆيىمىزگە كىرگەندىن كېيىن موللايۈپتىن :
— ئانامنىڭ قانداق ھۈنىرى بار ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدىم .
موللايۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن :
— تىلەمچىلىك ، — دېيۈدى ، خۇددى بىراۋ مېنى كۆۋرۈك-تىن شۇرمەل ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتىم ۋە :
— قانداق تىلەمچىلىك ؟ — دەپ سورىدىم .
— قانداق تىلەمچىلىك بولاتتى ؟ ئادەتتىكى تىلەمچىلىك شۇ . بۇنداق ھۈنەرگە دەسمايە كەتمەيدۇ . ھۆكۈمەت باج ـ سېلىق ئالمايدۇ . چىقىمسىز كىرىم قىلغىلى بولىدۇ ، — دېدى ماڭا چۈشەندۈرۈپ .
— ئۇ ھۈنەرنى سىزمۇ قىلالامسىز ؟ — دەپ سورىدىم موللا-يۈپتىن مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ .
— قىلىمەن . ئۇ دېگەن ئادەمنىڭ چېكىسى تەرلەيدىغان ئىش بولمىسا . كىچىك بالىلارمۇ قىلىدۇ ئۇنداق ھۈنەر دېگەننى ، — ئۇ ماڭا پەرۋاسىزلا شۇنداق جاۋاب بەردى .
— بۇ ئائىلىدىكى ھەممەيلەن قىلامدۇ ؟ — تېخىمۇ كۈچىلاپ سورىدىم .
— بۇ ئائىلىدىكىلەر دېگىنىڭىزنى قاراڭ . بىزنىڭ ئائىلىدى-كىلەر ئەمەس ، بۇ مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن شۇ ھۈنەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— ۋاي ئەتۇر پېشانەم ، — دېدىم ـ دە ، پېشانەمگە «پاققىدە»



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىرنى ئۈرۈپ يىغلاپ كەتتىم . موللايوپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ :

— يىغلىماڭ زۆپتۇمە ، نېمىشقا يىغلايسىز ؟ يەر تېرىشتىن ئوڭاي ئىشقۇ بۇ ، دېھقان توققۇز ئاي ئىشلەپ يىغقاننى بىز ھەر بىرىمىز ئۈچ - تۆت ئايدىلا يىغىۋالىمىز . بىزگە لازىملىقى خالتا بىلەن ئەسكى چاپان ، — دېدى ماڭا تەسەللى بېرىپ ، مەن خېلىدىن كېيىن يىغىدىن پەس بولدۇم ۋە يەنە سورىدىم :

— ئەمدى ئۇ ئىشنى قىلماي باشقا بىر ئىشنى قىلساق بولمامدۇ ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ :

— مەھەللىدىكىلەر ئاتا - بوۋىسى قىلغاننى قىلىدى ، ھۆنەرگە ماڭمىدى ، دەپ ئەيىبلىمەمدۇ ئادەمنى ؟ — دېدى .

— توۋا ، — دېدىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋە چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كەتتىم . «دەسلەپتە مەن بۇ ئائىلىنىڭ ئۆي ئىچىگە قاراپ زەردار ئائىلە ئىكەن دەپ قارىغانىدىم . ئەمدىچۇ ؟ بۇ دېگەن ‹كەسپىي تىلەمچىلەر ئائىلىسى › بولۇپ چىققىنىنى كۆرمەمدىغان . چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن بۇ مەخپىيەتلىك مانا ئاخىر ئاشكارا بولدى . ئەمدى مەن قانداق قىلاي ؟ موللايوپنى تېگى پەس كۆرۈپ ئاجرىشىپ كېتەيمۇ ياكى باشقىچە يول تۇتايمۇ ؟ ئۇنىڭدىن ئاجراشسام ماڭا قايتا لايىق چىقارمۇ ؟ ياق ، قىز چېغىمدا چىقمىغان لايىق چوكان بولغاندا نەدە تۇرۇپتۇ ؟… » بېشىم بەكلا قاتتى .

ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ تەقدىرگە تەن بەرمەكچى بولدۇم ۋە ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ موللايوپتىن :

— مەن ئۇنداق ھۆنەرگە چىقماسمەن ؟ — دەپ سورىدىم دېلىغۇللۇق ئىچىدە .

— ھازىرچە چىقمايسىز . تەربىيىلىنىپ بولۇپ چىقىسىز ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن .

— تەربىيىلىنىپ ؟ مېنى كىم تەربىيىلەيدۇ ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ .

— مەھەللىمىزنىڭ ئاقساقىلى، بىزنىڭ پىر ئۇستازىمىز شاھ قەلەندەر يەتتىنچى، — ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھەيران قالدىم. موللايۇپ غىمىدە يوق كۈلۈپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، «يەكچەشمىنىڭ يۇرتىغا بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەن بويىچە بۇ مەھەللىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە سىڭىپ كەتتىم.

بىر كۈنى مېنى موللايۇپ تەربىيىلەشكە بېرىش ئۈچۈن، شاھ قەلەندەر يەتتىنچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ تىلغا ئالغان كىشىنى يول بويى ھويلا ـ ئاراملىرى ئازادە، ئۆي ئىچى پاكىز تۇتۇلغان، يېمەك ـ ئىچمىكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان، توققۇزى تەل بولغان، بۇ مەھەللىنىڭ كاتتا بېيى، دەپ ئويلىغانىدىم. موللايۇپ بىر ئۆيگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە:

— ئاشۇ ئۆي شۇ، — دېۋىدى، بايىقى خىياللىرىم پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. موللايۇپنىڭ «ئۆي» دەپ كۆرسەتكىنى گازىر شېخى بىلەن قورشالغان كەپەرخانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر ئېغىز كەپە ئىدى. بىز كىرلىشىپ قاپقارا پارقىراپ تۇرغان تار بىر ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ كەپە ئىچىگە كىردۇق. كەپە ئىچىنى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — موللايۇپ ئۇ پاكار كەپىدە ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى.

شۇ چاغدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئاغزىنى مىتىلدىتىپ تۇرۇپ ئوڭ قولىدا توختىماي تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان، پاخپايغان ئاق چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن، ئۇزۇن ئاقساقىلى يالىڭاچ كۆكسىنى ياپقان، كىرلەش ئىشتىنىنىڭ ئوتتۇز ـ قىرىق يېرىگە رەڭگارەڭ ياماقلار بېسىلغان، يۈزىنى مەينەتچىلىك باسقان، قويۇق قاشلىرى ئۆسۈپ ساڭگىلاپ تۇرغان، ئاق توپىلاڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىرسى موللايۇپنىڭ سالىمىدىن كېيىن چاپاق باسقان سىنچى كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ، — دەپ قويۇپ يەنە تەسۋىسىنى سىيرىشقا باشلىدى .

— ئېھ ، جانابى پىر قەلەندەر ھەزرەتلىرى ، — دەپ سۆز باشلىدى موللايۈپ ئۇنىڭغا ئىززەت - ئېكرام بىلەن ، — مۇنۇ مەزلۇمە ئاجىز قۇللىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ھالال جۈپتىدۇر . ئۇ مۇقەددەس شاھى قەلەندەر تەرىقەت يولىدىن بىخەۋەردۇر . شۇڭا مەزكۇرنى ئاشۇ يولنىڭ بىغۇبار مۇخلىسلىرىدىن قىلماق ئۈچۈن ئالدىلىرىغا سالامغا ئەكەلدىم ، — دەپ بېشىنى ئېگىپ قول باغلاپ تۇردى .

شاھ قەلەندەر يەتتىنچى ئىسىملىك بۇ كىشى موللايۈپنىڭ سۆزلىرىگە بىردەم پەرۋاسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن سىنچى كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ، سىپايىلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى :

— ئول مۇقەددەس شاھ قەلەندەر تەرىقىتى ئۇلۇغ يولدۇر . تەرىقەت ئىلمىدىن مۇستەسنا بولغانلارنىڭ روھى ئۆلۈك ، جىسمى خۇنۇك بولۇر . خۇداۋەندە ھەر بىر كۈندە زېمىن ئۈستىگە مىڭ بالا ياغدۇرار . ئۇ بالا - قازالار ئادەم زاتىنىڭ چىن سەدىقىسى بىلەن ، بىز تەرىقەت ئەگىلىرىنىڭ تەسپەئى دۇئاگۇيلۇقىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن دەپىن بولغۇسىدۇر .

شاھ قەلەندەر يەتتىنچى يېنىدىكى چىلىمنى قولىغا ئېلىپ ، چىلىم ئوچىقىدىكى چوغنى پۈۋلەپ قىزارتقاندىن كېيىن ، قارا بىر نەرسىنى ئالىقىنىدا ئېزىپ چوغنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى - دە ، چىلىمنى كۈچەپ سوراشقا باشلىدى . كۆكۈچ ئىس ئۆرلەپ چىقـقاندا ، بەتبۇي بىر پۇراق كۆزۈمدىن باش ئاققۇزدى . ئۇ خۇماردىن چىقىپ ، راھەتلىنىپ كېرىلگەندىن كېيىن ، بۇلۇڭدا تۇرغان ھاۋارەڭ ماتا كۆڭلەكنى ئالدىمغا تاشلىدى . كۆڭلەكنىڭ ئاز دېگەندە يەتمىش - سەكسەن يېرىگە ياماق سېلىنغانىدى . شۇ چاغدا مولـلايۈپ قۇلاق تۈۋىمگە شىۋىرلىدى :

— شاھ قەلەندەر ھەزرەتلىرى سىزنى تەربىيىلەشكە قوشۇل-

دى . ئۇ تاشلىغان كۆڭلەكنى كىيىڭ .
مەن بىر موللايۈپقا ، بىر شاھ قەلەندەر يەتتىنچىگە قاراپ قويۇپ ، كۆڭلەكنى قولۇمغا ئالدىم ، كۆڭلەكنى قولۇمغا ئالدىم-دە ، سىرتقا چىقىپ كىشلەرنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان بىر يەردە تۇرۇپ «قەلەندەرلىك كۆڭلىكى»نى كىيدىم . شۇنداق قىلىپ شاھ قەلەندەر يەتتىنچىنىڭ ھۇزۇرىدا «قەلەندەرلىك ئىلمى» بو-يىچە ئۈچ ئاي شاگىرت بولدۇم .

## 10

مەن شاھ قەلەندەر يەتتىنچىنىڭ ھۇزۇرىدا دۇئاگويلۇقنىڭ ئاھاڭ ۋە گەپ - سۆزلىرىنى پىششىق يادلاپ ئۆگىنىۋاتاتتىم . موللايۈپمۇ ئاخشاملىرى مېنىڭ تەكرارىمغا ياردەملىشەتتى . بارا-بارا بىلدىمكى ، موللايۈپنىڭمۇ ھۈنەرلىرى جىق ئىكەن . ھەتتا پالمۇ ئاچالايدىكەن . ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆرگۈم كېلىدىغىنى-نىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم . ئۇنى شۇقەدەر ياخشى كۆرەتتىم . ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىكىمدە ھامىنى بىر ئوت لاۋۇلداپ كۆيەتتى . بەلكىم مېنى ئۆزىگە چەمبەرچەس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . بىر كۈنى موللايۈپ بىلەن ئۆيدە سىردىشىپ ئولتۇرسام ، قېپىنانام بەدىنى گۆمبەزدەك سەمرىگەن يالاڭباش بىر ئەرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى . بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق . مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ تۆرگە باشلىدۇق .
ئۇ ناتونۇش مېھمان جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :
— ماڭا بىر پال ئېچىپ بەرگەن بولسىڭىز ، — دېگەنىدى ، موللايۈپ بىردەم تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :
— سىزنىڭ دوستىڭىزدىن دۈشمىنىڭىز كۆپ ئىكەن ، — دېۋىدى ، ئۇ ئادەم ئالدىراپ - تېنەپ :
— راست ··· راست دەيلا . تاپتىلا ··· جايىدا تاپتىلا··· مەن

بەكلا دۈشمەنلىك ئادەم زادى ، — دېدى مەيۈس قىياپەتتە . موللا-يۈپ ئۇ ئادەمگە قاراپ :

— سىزنى يۇقىرى قوللايدىكەن ، ئەمما تۆۋەن قوللىمايدى-كەن . يات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلامدا سايلىنىش ئېھتىمالى-ڭىز بەك تۆۋەن بولىدىكەن ، باشقا بىرىنىڭ يېزا باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرىدەك قىلىدۇ ، — دېگەنىدى ، ئۇ ئادەم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى ۋە بىردەم جىملا ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— ۋەكىللەرنىڭ كۆڭلىنى مەن تەرەپكە مايىل قىلىپ بەر-سىڭىز بوپتىكەن ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، باشقا بىرى يېزا باشلىقى بولۇپ قالمىسۇن ، بولمىسا مېنىڭ كۆزۈم بۇ دۇنيادىن ئوچۇق كېتىدۇ ، — دېدى . موللايۈپ ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەسۋىينى بىردەم سىيرىغاندىن كېيىن :

— بەش يۈز دانە لامپۇچكىغا ئوقۇپ بېرىمەن . لامپۇچكىلار سايلام ئاخىرلاشقۇچە قاراڭغۇ بىر ئۆيدە كېچە- كۈندۈز ئۆچۈرۈل-مەي يېنىپ تۇرسا ، ۋەكىللەرنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلى شۇ لامپۇچكا نۇرلىرىدەك چاقناپ ، ئۈزلۈكسىز كۆڭلى سىمابتەك ئېرىپ بېلەتنى سىزگە تاشلايدۇ . شۇڭا چارشەنبە كۈنىگىچە بەش يۈز دانە لامپۇچكىنى قولۇمغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئۇ كىشىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغىنىچە ئور-نىدىن تۇردى . موللايۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى ئۈچ كۈن ئولتۇ-رۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، يەنە بىر ئاخشىمى ئۆيگە تولىمۇ ئورۇق ۋە ۋۇجىك بىر ئايال پەيدا بولدى .

— بىر يىلدىن بېرى تىجارىتىم ئاقمايۋاتىدۇ ، دۇكاننىڭ ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمەي كېلىۋاتىمەن . خېرىدار كېلىدۇ - يۇ ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدۇ . ئەتىدىن كەچكىچە سودام كاسات . نېمە سەۋەب باركىن ؟ ئوبدان بىر كۆ-رۈپ باقسىڭىز ، — دېدى . موللايۈپ تەسۋىينى ئۈزۈنغىچە سىي-

www.uyghurkitap.com

ـرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، يۇمۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ :
— سىزنىڭ تىجارەت ئىشلىرىڭىزغا سېمىز بىر ئايال پۇتلـ
كاشاك بوپتۇ . ئۇ بىر چىشى ئىتنىڭ كاللىسىغا تىجارەت ئىشلىـ
ـرىڭىزنى بەند قىلىپ بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر كونا
ئازگالغا كۆمۈپ دەپنە قىلىۋېتىپتۇ . ئاشۇ توسالغۇنى يوق قىلىـ
ۋەتسەك تىجارىتىڭىز ئېقىن سۇدەك ئاقىدۇ ، — دېۋىدى ، ئۇ
ئايالنىڭ يۈزىدە شۇ هامان كۈلكە جىلۋە قىلدى .
— مەن سىزگە نېمە دېسىڭىز شۇنى بېرەي . ئۇنىڭ سىرتىدا
ئۈستىڭىزگە تون ياپاي . بېشىمنى ئوبدان بىر ئوڭشاپ ، تىجارەت
يولۇمنى ئېچىپ بەرسىڭىز ، — دېدى ئۇ ئايال ئۆتۈنۈپ .
— زىمات ئىشىنىڭ سائىتى دۈشەنبىگە چۈشتى . ماڭا هەقىـ
قىي ئاق قوينىڭ يۈرىكىنى يەتكۈزۈپ بېرىڭ . مۇشۇ هەپتە ئىچىدە
تىجارەت يوللىرىنى ئېچىۋېتەي ، — دېدى موللايۈپ . ئۇ ئايال :
— خاتىرجەم بولۇڭ ، سىز دېگەن يۈرەكنى دەرهال يەتكۈـ
زۈپ بېرىمەن ، — دەپلا قايتىپ كەتتى .
موللايۈپ بىر يىلغىچە ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل
بولدى . كېيىنچە پال ئاچقۇزىدىغانلار بارا ـ بارا ئازىيىپ ، هەتتا
كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئېهتىمال ، نۇرغۇنلىرىنىڭ هاجىتى
راۋا بولمىغان بولسا كېرەك . مەن ئاشۇ كۈنلەردە دۇئاگۈيلۇقتا
كامالەتكە يەتكەنىدىم . موللايۈپ ئۆگەنگەنلىرىنى سىناپ باقسۇن
دەپ ئويلىدىمىكىن ، مېنى هۈنەرگە چىقىشقا دەۋەت قىلدى .
يانۋار ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى . ئۈستىمىزگە ياماق بېسىلـ
غان كەسپىي «ئىش كىيىمىمىز»نى كىيىپ ، يۈزىمىزگە كۆمۈر
سۈرۈپ قارايتتۇق ـ دە ، تىلەمچىلىك يولىغا راۋان بولدۇق .
ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ موللايۈپ يىراق سەهراغا بېرىشقا ،
مەن شەهەر ئىچىدە قېلىشقا دېيىشتۇق ـ دە ، بىر ـ بىرىمىزگە
قىيالماي ئايرىلىشتۇق .
تىلەمچىلەرنىڭ شەهەردىكى مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا قا

تارلىشىپ ئولتۇرىدىغىنى ئېسىمدە ئىدى . ئاشۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلاي دەپ يولغا چىقتىم . يوللار بۇرۇنقىدىن كېڭەيتىپ ياسال-غان بولۇپ ، نۇرغۇن ئىمارەتلەر يېڭىدىن سېلىنىپ ناھايىتى ئېگىز قەد كۆتۈرگەنىدى . ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرى ئۇياق-بۇياققا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . كىچىك ماشىنىلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى . رەڭگارەڭ ، پاسونلىرى ئۆزگىچە ئىدى . پىيادى-لىكلەر يولىدا كېتىپ باراتتىم . چوڭ بازار دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان تىلەمچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇم . مېنى كۆرگەن مەينەت چىراي تىلەم-چىلەرنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدىن ماڭا غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇ-راتتى . يېنىمدا ئولتۇرغان ئېغىزىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان بىر تىلەمچى :

— نەدىن كەلگەن پالاندى تىلەمچى سەن ؟ — دەپ ھۇرپەيدى ماڭا . مەن ئۇنىڭ مېنى بۇنداق سەت گەپ بىلەن يەكلىگىنىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدىم ، — ماڭ ، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يېرىڭگە كەت ! — دەپ قولىدىكى ساپايىنى شىلتىدى ئۇ يەنە .

مەن جۇل - جۇل كىيىملىك بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىغا پاتماي ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم . ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئۈچ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— خۇدايىم تېنىڭلارنى ساق ، ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلار ، بېشىڭلارغا كەلگەن بالا - قازانىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن بىر كوي پۇلۇڭلارغا دۇئا قىلاي ، — دېدىم بوينۇمنى بىچارىلىك بىلەن قىسىپ تۇرۇپ . ئۇلاردىن بىرسى :

— پارچە پۇل يوق ، — دېدى ئاچچىقلاپ . ئۇنىڭ يېنىدىكى پاكارراق بىرى :

— شۇنچە ياش تۇرۇپ تىلىگىنىڭنى قارىمامدىغان ! كۈچۈڭ بولغاندىكىن ئىشلەپ يېسەڭ بولمامدۇ ، — دېگەنىدى ، ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپ يەنە بىرىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى :

— كىپەكتە قۇۋۋەت يوق ، تىلەمچىدە ئۇيات ، دەپتىكەن . بۇ خەقنى پادىشاھ سايلاپ قويسىمۇ يەنە تىلەمچىلىكتىن باشقىنى قىلمايدىغۇ دەيمەن .

— شەھەرنىڭ ئىناۋىتىنى چۇشۇرۇپ ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى ئەمەسمۇ بۇ پەسكەش تىلەمچىلەر ...

بۇ ئاھانەتكە چىدىماي كېتىپ قالدىم . تىلەمچىلىك يولغا كىرگەنىكەنمەن چىدىشىم كېرەك ، دەپ يەنىلا ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلىدىم . قۇلىقىمغا ئېغىر كېسەللەرنىڭ ۋايساشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى . ئېھتىمال ، ئۇ كېسەللەرنىڭ ئىگىلىرى سەدىقە بېرىشكە تىلەمچى تاپالمايۋاتقاندۇ ھەرقاچان؟ مەن شۇ خىيال بىلەن تۇيۇقسىزلا بىر كاۋاك تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم ۋە دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم . كارىدورغا كىرىپلا :

— مۇساپىر مەزلۇمغا بىرنى بەرسەڭلار ، خۇدا سىلەرگە مىڭنى بېرەر ، ئېغىر كېسەلنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا ئۇچۇن ، تېزرەك شىپا تېپىشى ئۇچۇن ، سەدىقە بېرىڭلار ... سەدىقە بالانى يەر ، تولا گۇناھنى ، خۇدا ھەرقايسىڭلارنى ئىككى ئالەم ئەزىز قىلار ، خارلىق يۈزى كۆرسەتمىگەي ، — دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ ، كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ماڭدىم . كېسەللەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كارىدورغا چىقىشتى . ئۇلارنىڭ ئۇزاتقان پۇللىرىنى ئېلىشقا ئۇلگۈرەلمەي قالدىم . دىللىرى سۇنغان ، كۆزلىرى ياشقا تولغان بەزى كېسەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ بەرگەن سەدىقە پۇلى ئالىقىنىمغا لىق تولدى .

بۇ ، بىر ياخشى باشلىنىش بولدى . شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدىكى دوختۇرخانىلارنى قويماي ئارىلىدىم . دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسى تۇگىگەندە ، بىكەتتىكى يولۇچىلار ئېسىمگە كەلدى . خىيالىمدا ئۇلارمۇ ئۆلۈمنى پېشانىسىگە ئېلىپ ، يىراقى

دۆك ـ دۆك ھالدا سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان كۆڭلى يېرىم كىشىلەر ئىدى . مەن ئىككىنچى قەدەمدە ئەنە شۇ يەرنى نىشانلاپ باردىم . ئاپتوبۇس ئىچىنى قويماي ئارىلىدىم . بۇ يەردە-كى كىشىلەرمۇ كەلگىنىمگە يارىشا قولۇمنى قۇرۇق ياندۇرمىدى . مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېخىيلىقىغا يارىشا تېنىمگە سالامەتلىك ، ئۇزۇن ئۆمۈر ، سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىشقا ئۈلگۈردۈم . ئاپتوبۇس سىرتقا قاتنىسا ئادەم شالاڭلىشىپ قالاتتى ، بېكەتكە كىرگۈدەك بولسا تۆكمە بولۇپ كېتەتتى . مەن بۇ قايناق جايدا ھەربىر يولۇچى ئالدىغا بېرىپ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ پۇل يىغىۋېلىش كويىدا تىمىسقىلاپ يۈرەتتىم .

كەچ كىردى . ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى . بېكەت ئىچىنى بىردىنلا جىددىيلىك قاپلىدى ... ئادەملەر ئۆي ـ ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ جىددىيلىشىشىنى كۆرۈپ مەنمۇ جىددىيلەشتىم . بۇ ئادەملەرنىڭ-غۇ ئېنىق سەپەر مەنزىلى ۋە ئۆي ـ ماكانى بار . ئەمما ، مېنىڭ-چۇ ؟ بۇ يات شەھەردە مېنىڭ نېمەم بار ؟ ... ئۆيۈم بولسا يېزىدا ، موللايۇپ بولسا قاياقىدۇر بىر يېزىغا كەتكەن . مەن بېكەتتە تۇرۇۋەرمەي ، ئۆزۈمگە قونالغۇ تاپاي ... مەن شۇ خىياللارنى قىلىپ بېكەتتىن ئالدىراپ چىقتىم . خېلى ئۇزاق يولنى پىيادە بېسىپ شەھەرنىڭ كىندىكىدىكى بىر مېھمانخانىغا يېتىپ كەل-دىم . ياتاق باشقۇرغۇچىغا ياتاق بېرىشنى ئۆتۈندۈم . بىراق ، ئۇ كىشى ئەپتىمگە قاراپ :

— بۇ ، تىلەمچىلەر ياتىدىغان مېھمانخانا ئەمەس ، — دەپ چىرايىنى تۈردى . ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن يۈزۈمگە «لاپپىدە» ئوت ئالغاندەك بولدى . ئەمدى نېمە ئامال ؟ ئارقامغا ئۆرۈلگىنىمچە قايتتىم . سىرتتا قار تېخىمۇ ئەدەپ يېغىشقا باشلىغانىدى . مەن توخۇنىڭ كاتىكىدەك بولسىمۇ بىرەر ئىسسىق جاينى ئىزدەش ئۈچۈن ئىتتىك كېتىۋاتاتتىم . توساتتىن كۆزۈم ناۋايلارنىڭ تونۇ-

www.uyghurkitap.com

رىغا چۈشتى . بۇ يەردە ئون بەش ـ يىگىرمە تونۇر تۇراتتى . ئوتتۇرىسىدىكى بىر چوڭ تونۇرنىڭ يېنىغا باردىم . تونۇرنىڭ ئىچىدىكى چوغ پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلىنىپ بولغانىدى ، مەن ئۇنىڭ ئىچىنى پاكىز تازىلىدىم ـ دە ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاستا كىرىپ ئولتۇردۇم . تونۇر ئۆيدەك ئىسسىق ئىدى . مۈزلىغان تېنىم راھەتلەندى . بىردەمدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ماڭا ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم :

— كىم سەن ؟

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر قارا گەۋدە كۆز ئالدىمدا تۇراتتى . بۇ ئاۋازدىن ئۇنىڭ ئاياللىقىنى بىلدىم . مەن تىترەپ تۇرۇپ :

— بـۇ... بـۇ ... مـەن ... مـەن بۇ تونۇردا تاڭ ئاتقۇزاي دەپ ... ، — ئاران شۇنداق دېيەلىدىم قورققىنىمدىن .

— بۇ دېگەن مەن پاناھلىنىدىغان تونۇر . چىق بۇياققا ! — ئۇ ئايال ماڭا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېدى . مەن تونۇردىن ئاستىلا چىقىپ ئۇ گەۋدىگە سەپسالدىم . ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تىلەمچىدەك قىلاتتى .

— ئاۋۇ تونۇرچۇ ؟ ئۇنىڭ ئىگىسى يوقتۇ ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا بۇ ئايالدىن يېقىنلا يەردىكى بىر تونۇرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ . ئۇنىڭغا بۇ سوئالىم قىزىق تۇيۇلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب- تىنمۇ پىخىلداپ كۈلدى .

— سەن بۇ يەرنىڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟ شەھەر دېگەندە ئىگىسى يوق نەرسىمۇ بولامدۇ ؟ بۇ يەردىكى تونۇرلارنىمۇ تىلەمچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئۆيى دەپ بىلىشىدۇ . ئۇلار ناۋايلار كۈندۈزى نان ياققاندا تونۇردىن ئاجرىماي قالغان نان پارچىلىرىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ قورساق تويغۇزۇشىدۇ . سەن مېنىڭ بۇ يەردە- كى رىزقىمغا سوغۇق قول تەگكۈزۈپ نان پارچىلىرىنى يەپ بولمىغانسەن ؟ — ئۇ ماڭا ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىپ ، ئاخىرىدا مېنى سوراقلىدى .

— ياق ، مەن تېخى تونۇردىكى نان پارچىلىرىنى يېگۈدەك بولمىدىم .

ئۇ ئايال تىلەمچى گەرچە تونۇرنىڭ ئىچىنى كۆرەلمىسىمۇ بېشىنى تونۇر ئىچىگە بىر ئاز تىقىپ قاراپ قويۇپ دېدى :

— ھە ، خېلى ئىنساپلىق تىلەمچىكەنسەن ، — دېدى ۋە پىخىلداپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ، گېپىنىڭ داۋامىنى قىلدى ، — ئەمدى بۇ يەردىن كەت ! مەن تونۇرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلىمىسام بولمايدۇ .

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تونۇردىن چىقتىم ۋە بۇ يەردىن كەتتىم . شۇ كېچىسى قار توختىماي ياغدى . كېچە جىمجىت ھەم قاتتىق سوغۇق ئىدى . ئاخىر قار ياغقان بۇ كېچىنى ئۇخلىماي مېڭىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدۇم . سوغۇققا پەقەت چىدىمىدىم . ئەزان ئاڭلانغاندا مەسچىت ئىچىگە كىردىم ۋە سوغۇققا چىدىماي مەسچىت قورۇسىنىڭ بۇلۇڭىدىكى مۇئەززىنىنىڭ ئۆيىگە كىردىم . مۇئەززىنىنىڭ ئايالى مېنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتتى ۋە مەشتىكى ئوتنى كۆچەيتتى . مەن سوغۇقتىن ئۆيۈشۈپ قالغان پۇت - قوللىرىمنى ئىسسىتىپ ئەسلىمگە كېلىۋالدىم .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شەھەرگە ئۆزلىشىپمۇ قالدىم . گەرچە شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولسىمۇ ، باشقا تىلەمچىلەرگە ئوخشاش بىر تونۇرغا ئىگە بولدۇم . ئۇ مېنىڭ پاناھلىنىدىغان ئۇۋام بولۇپ قالدى . تونۇر ئىچى گەرچە بەكلا تار بولسىمۇ ، ئەمما ئىچى ئىسسىق بولغاچقا ، قىشنىڭ سوغۇقىدىن پاناھلىنىشتا ئۆيدەك ئىللىقلىق ئاتا قىلدى .

## 11

ماڭا تونۇردا بىر كېچىنى تۈگۈلۈپ تاڭ ئاتقۇزۇش بارا - بارا ئېغىر كېلىشكە باشلىدى . پۇت - قوللىرىم سىرقىراپ

ئاغرىپ كەتتى . جاھان شۇنچە كەڭرى تۇر ۇقلۇق كىچىك قەپەسكە كىرىپ قالغاندەكلا ئىدىم . ھېلىمۇ بۇ تونۇرنىڭ تېپىلغىنىغا مىڭ شۇكرى . ناۋايغىمۇ كۆپتىن - كۆپ رەھمەت . مۇبادا بۇ تونۇر بولمىغان بولسا نەلەردە يۈرەتتىمكىن ، كېچىلەرنى نەلەردە ئۆتكۈزەتتىمكىن - تاڭ . «جاپانىڭ تېگى راھەت» دەپتىكەن . جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت نەدە دەيسىلەر ؟ كېچىنى تارچۇقتا چالا ئۇيقۇلۇق ئۆتكۈزگىنىم بىلەن ، تاڭ ئاتسىلا شەھەرنىڭ ھەممە يېرى مېنىڭ : يولىمۇ يول ، كوچىمۇ كوچا ، رەستىمۇ رەستە ، دۇكانىمۇ دۇكان ھەممە يەردە قاتراپ يۈرىمەن . ھېچكىم ماڭا ئۇياققا تۇر ، بۇياققا ماڭ دېمەيدۇ . قولۇمغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل كىرىپ تۇرىدۇ . ئەتىدىن - كەچكىچە ھېچقانداق چىقىم يوق ، كىرىمىملا بار . كۆرۈنۈشتە ئىسكەتىمنىڭ ئىككى پۇللۇقى بولمىسىمۇ ، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچى لىق پۇل . بەلكىم ئۇ پۇللارغا بۇ شەھەردىن ئۆي - زېمىن كېلەر دەپ ئويلايمەن . ھېلىمۇ ياخشى ، ماڭا ھېچكىمنىڭ زەھىرى چېچىلمىدى . كىشىلەرگە يانچۇقۇمدا بىر دۆۋە ئەخلەت باردەكلا كۆرۈنىدىغان ئوخشايمەن . مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق . ئوغرى - يانچۇقچىلار يانچۇقىدا بىر سىنتنىڭ تايىنى يوق سۆلەتۋاز نوچىلارنىڭ ۋە ياساnچۇق خېنىملارنىڭ يانچۇقلىرىغا ۋە سومكىلىرىغا قول سېلىپ باقىدۇ - يۇ ، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن قىلچىمۇ كارى يوق . بەزىدە تېخى ئۇلارنىڭ قۇلىقىمغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان : «ھالى ئاسماندەك ئېگىز . ئەمەلىيەتتە ، تىلەمچىدىنمۇ ئۆتە قەلەندەركەن ئەمەسمۇ . ئادەمنى بىكاردىن بىكارغا ئاۋارە قىلىپ ، ۋاقتىمىزنى ئالدى - دە ، بۇ ئەبگارلار» دەپ تىللاشلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن . مېنىڭ تىلەپ تاپقان پارچە پۇللىرىمنى ئەسكى چاپىنىم بىلەن كۆرۈمسىز چىرايىمنىڭ قورقۇنچلۇق سۈر - ھەيۋىسى پاختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىغاندەك ساقلاپ بېرىدۇ .

بىر كۈنى ، كۈن دەل چۈش بولغان چاغ ئىدى . كۈندىكىدەك

شىپاخانا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتىم . بۇ كۆنى شەھەر مۇھىتى ئۆزگىچە تۈسكە كىرگەنىدى . يوللار پاك ـ پاكىز تازىلىنىپ سۇ سېپىلگەن ، ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە رەڭگارەڭ بايراقلار قادالغان ، لوزۇنكىلار چىقىرىلغان ، تامغا پلاكات شوئارلار چاپلانغانىدى . قاتناش ساقچىلىرى دوقمۇش ـ دوقمۇشتا تۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ماشىنا ، ۋېلسىپىتلەرنى باشقۇراتتى . «بۈگۈن شەھەر قىياپىتى باشقىچە بولۇپ ، جاھانغا نېمە بولغاندۇ ؟ » دېدىم ئىچىمدە يولدا كېتىۋېتىپ . ھەممە ياق بايرام تۈسىگە كىرىپ كەتكەنىدى .

— ئاۋۇ تىلەمچىنى ، پىيادىلەر يولى ئاۋۇ تۇرسا …

خىيالىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلدى . ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىغۇدەك بولسام ، ئىككى ئەرنىڭ بىرسى يەنە بىرىگە نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگىنىچە كېتىپ باراتتى . باشقا گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم . ئۇلار بەلكىم يولنى خاتا بېسىۋاتقانلىقىمنى ئەيىبلەۋاتسا كېرەك . قاتناش يولىدا كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ ، خىجالەت بولۇپ ، ئاستىلا پىيادىلەر يولىغا ئۆتتۈۋالدىم . شىپاخانىغا يېقىنلىشاي دېگەندە ، ئۈستىدە قىزىل چىرىغى بار بىر ماشىنا ناھايىتى ئىتتىك كېلىپ يېنىمدىلا توختىدى . تۇلۇمدەك سېمىز ، قاسقان شەپكىلىك ئىككى ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ ماڭا قاراپ كېتىشتى . يۈزىنى دانىخورەك قاپلىغان سېرىق چىراي بىرى :

— قورقماڭ ، قېنى بۇ ماشىنىغا چىقىڭ ، — دېدى قورقۇپ تۇرغان ئەپتىمگە قاراپ ، — ھەممە تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىش ئورنىغا يىغدۇق ، خاتىرجەم بولۇڭ . سىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمىز ، — دېدى ئات يۈزلۈك قارامتۇل بىرى . مەن شۇ چاغدا ئاران ئېغىزىمنى ئاچتىم ـ دە :

— مەن … مەن ئالدىرايتتىم ، — دېيەلىدىم .

— سىز ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ بىزچىلىك ئالدى-

www.uyghurkitap.com

ـراش ئەمەسسىز . خاتىرجەم ماشىنىغا چىقىۋېرىڭ ، كەچ كىرگۈ-
چە چوقۇم قويۇپ بېرىمىز ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى .
— تىلەمچىلەرنى نېمىشقا يىغىۋالىسىلەر ؟ — دەپ سورىدىم
مەن ماشىنىغا چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن . دانىخورەك ئادەم
ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ھەيدەپ ماڭغاچ دېدى :
— سەۋەبىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز .
ماشىنا كونا ۋە ۋەيرانە بىر قورۇغا كىلىپ توختىدى . مېنى
قاسقان شەپكىلىك بىرەيلەن زالدىن كىچىكرەك ، ئۆيدىن چوڭراق
بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى . بۇ ئۆيدە يەتتە
ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ، يۈزگە يېقىن تىلەمچى چوڭ بىر
مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىكەن . ئەر - ئايال ئارىلىشىپ
ئولتۇرۇشقان تىلەمچىلەر مېنى كۆرۈپ ياتسىراش نەزىرىدە قاراپ
قويۇشتى . مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇم .
تىلەمچىلەر ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . دەرۋىشكىلا
ئوخشايدىغان ئۇزۇن ساقاللىق بىر تىلەمچى :
— بۈگۈن يۇقىرىدىن كاتتا بىر باشلىق كېلەرمىش ،—
دېدى پاراڭ ئارىلىقىدا يېنىدىكى چاڭگا ساقاللىق تىلەمچىگە قا-
راپ . ئۇ تىلەمچى تازا بىر ئەسنەپ قويۇپ :
— بىز تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرسەك بۇ شەھەرنىڭ شەنىگە ،
باشقىلارنىڭ يۈزىگە سەت تۇرارمىش .
— ئامبىرىكىدىچۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى چاڭگا
ساقال تىلەمچى ، — تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى يۈزلەر كىيىنەر-
مىش ، ئۇلار ئايرىم مەكتەپتە تەربىيىلىنەرمىش . يۇقىرىدىن تۆ-
ۋەنگىچە تىلەمچىلەر جەمئىيىتى ھەم ئۇنىڭ رەئىس ۋە ئەزالىرى
بارمىش . بۇ گەپلەر زادى راستمىدۇ ؟ ئۇلار مەخسۇس مەكتەپتە
ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتلىق گۇۋاھنامە ئالمىسا ، كاستۇم - بۇرۇلكا
كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ مەدەنىي يۈرمىسە خالىغان كىشىلەرنى
تىلەمچىلىك قىلىشقا رۇخسەت قىلماسمىش ، بىزدەك تەربىيە

كۆرمىگەن ، جۇلدۇر كىيىملىك تىلەمچىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ قوللۇق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك ـ ھە !

يەنە بىر تىلەمچى ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشتى :

— ئەممازە ، بۈگۈن يۈز كويدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇقدە ، بۇ بەك يامان بولغىنى !

— ئۇنداق بەك ھەسرەت چەكمەڭلار . ھەربىرىمىزگە بىر يۈز يىگىرمە يۈەن تارقىتىپ بېرىدىكەن ، — دېدى يەنە بىر تىلەمچى .

— راستمۇ ؟

— راست ، — دەرۋىش سۇپەت تىلەمچى باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ شۇنداق دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاڭگا ساقال تىلەمچىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى .

چۈش ۋاقتى بولغاندا ھەر بىرىمىزگە بىردىن گىردە تارقىتىپ بېرىلدى . دەرۋىش سۇپەت تىلەمچىنىڭ دېگىنىدەك كەچتە ھەر بىرىمىزگە بىر يۈز يىگىرمە يۈەن تارقىتىپ بېرىپ ، قايتىپ كېتىشىمىزگە ئىجازەت بېرىلدى . مەن ئەتىسىدىن باشلاپ يەنە ئەسلىي ئورنۇمدا پاناھلىنىپ ، تىلەمچىلىكىمنى بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلدۇردۇم .

تىلەمچىلىكنىڭ يولىدا ئەنە شۇنداق ئۇدا ئۈچ يىل سۇدەك ئاقتىم ، ئوتتەك كۆيدۈم . موللايۈپ بۇ كەسىپنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلىپ قالدىمۇ ، قانداق ، بىر كۈنى :

— باشقا بىر ئىش قىلايلى ، زۇپتۇمە ، — دەپ مېنى شەھەردىن قايتۇرۇپ كەتتى . بىز تىلەمچىلىك قىلىپ بىر يۈز يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن تاپقاندۇق . بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بانكىغا قويۇۋەتتۇق . شۇ يىلقى سوغۇق ئادەتتىكى يىللاردىن قاتتىق بولغاندى . يانۋار ئېيىدا ئۇدا بەش قېتىم قار يېغىپ ، جاھان قار ئاستىغا چۈمكەلگەندى . موللايۈپ مەش تۈۋىدە ئوت ئىسسىنغاچ ئولتۇرۇپ :

— ھەي زۇپتۇمە ، تىلەمچىلىك قىلىپ جىق جاپا تارتتىڭ-

www.uyghurkitap.com

لار . ئەمدى ئاسانراق بىر ئىش قىلايمىكىن . مېنىڭچە ، بىگى بىر ھۈنەر ئۆگەنسەك قانداق دەيسىلە ، — دېۋىدى ، مەن بۇنىڭغا قىزىقىپ :

— قانداق ھۈنەر ئۆگەنسەك بولار ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ قولىنى مەشكە قاقلىغاچ :

— كەسپىي يىغىچىلىقنى ئۆگىنەيلى ، ئۇ ھۈنەرنى ئۆگەنسەك ھازىدارلارغا يىغلىشىپ بېرىپ ئۆلۈمنى قىزىتىپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ . بۇ ، تىلەمچىلىككە قارىغاندا قۇلايلىقراق . كىمىدمۇ يامان ئەمەس ، — دېدى بۇ ھۈنەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ .

— ئۇ ھۈنەر تازا جاپا تارتىپ ئۆگەنگەنگە يارىشا ئاقارمۇ ؟ — دەپ سورىسام ، موللايۈپ :

— ئاقمايدىغان ھۈنەرنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلارمەن ؟ ئانام ئۆتمۈشتە يىغىچىسى يوقلارنىڭ بىر قۇر كىيىمى ئۇچۈنلا يىغلايتتى . ھەر جاي ، ھەر جايدىن تەكلىپ كېلەتتى . ئۇ بىر ھەپتە ياكى ئون كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈملۈكلەرنىڭ كىيىمىدىن بىر قوچاق كۆتۈرۈپ كېلەتتى . ھازىر بولسا ئۇنداق كونا كىيىملەر ئەمەس ، نەق پۇلغا يىغلايدىغان گەپ . ئۇ ھۈنەرنى ئۆگەنسەك جەزمەن جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ . چۈنكى ، ھازىرقى زاماننىڭ تەرەققىياتى شۇنى بەلگىلىدى . پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئازلاپ ، ئىككى ـ ئۈچتە توختاپ قالدى . ھەتتا بەزى ئائىلىلەر بىر باللىق بولۇپ شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى . ئۇلار ھازىدار بولدىمۇ ، ئۇ ئىككى ـ ئۈچ بالا ئاتا ـ ئانىسىغا يىغلاپ بولالمايدۇ . بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ جامائەتچىلىكى بار . يەنە بەزىلىرىنىڭ جامائەتچىلىكى يوق . شۇڭا يالغۇز راۋابنىڭ ئۈنى ، يالغۇز ئاتنىڭ دېكى چىقمىغاندەك ، ئۇلارنىڭ نامىزىمۇ قىزىمايدۇ . بۇنى قىزىتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق ئائىلىلەرگە كەسپىي يىغلامچىلار لازىم بولىدۇ . بىز بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنسەك

نۇرغۇن قىز ـ يىگىتلەرنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەيمىز ـ دە ، ئوغلى يوقلارغا ئوغۇللاردىن ، قىزى يوقلارغا قىزلاردىن سەپلەپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ مەرھۇملىرىنىڭ ئۆلۈم نامىزىنى قىزىتىپ بېرىپ ھەق ئالىمىز دېگەن گەپ . مەن يېقىندا بىر ـ ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا قاتنىشىپ قالدىم . بىر ئائىلىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن . ئۇلار خۇددى تامدەك تۇردى . كۆزلىرىگە چېكىتچىلىك ياش كەلمىدى . مەن ھەيران قېلىپ باشقىلاردىن : «ئۇ بالىلار ئۆگەيمىدى» دەپ سورىسام باشقىلار : «ئۆگەي ئەمەس» دەيدۇ . مەن يەنە ھەيران بولۇپ يەنە باشقا بىر ئادەمدىن كوچىلاپ سۈرۈشتە قىلسام ، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ كىشى بالىلىرىغا يىغلاشنى ئۆگەتمىگەن ، ئۇلارنى داۋاملىق كۈلكە ۋە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن مەشغۇل قىلىپ چوڭ قىلغانىكەن . شۇڭا ئۇ بالىلارنىڭ يىغلاش دېگەندىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىكەن . ئۇ بالىلار دادىسىنىڭ مېيىتىنىڭ توختام سۇدەك تىپتىنچلا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە بەكلا ئېچىنىپتۇ . ئۇلار «بۇ يەردە كەسپىي يىغلىغۇچىلار بولغان بولسا ، پۇل بېرىپ ئورنىمىزدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ يىغلىتار ئىدۇق . دادىمىزنىڭ مېيىتى بۇنداق يىغىسىز ، تىپتىنچ ئۇزىتىلىپ قالماس ئىدى» دەپ ئېچى پۇشۇپتۇ . شۇڭا بۇ كەسپىي ھۈنەرنى ئۆگىنىپ ئادەم تەشكىل قىلىۋالساق تازا پۇل تاپىمىز ئەمەسمۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . ئۇ سۆزلەشتىن توختىغاندىن كېيىن :

— ئۇ ھۈنەرنى قەيەردە ، كىمدىن ئۆگەندىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ :

— مۇشۇ مەھەللىدە يىغىچىلارنىڭ پىرى ، شاھ ھازىدار بەشىنچىدىن ئۆگىنىمىز ، — دېدى .

مەن شۇ چاغدا «بۇ كەسىپنى قانداق ئۆگەنگىلى بولار ؟ خالىغان چاغدا يىغلايمەن دەپ ، ئۇن قويۇپ يىغلىغىلى ۋە ياش تۆككىلى بولمىسا» دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ئەتىگەندە ئېرىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، شاھ ھازىدار بەشىنچىنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ ماڭدۇق. قار توختىماي يېغىۋاتاتتى. بىز ئۇچىمىزغا جۇۋا، پۇتىمىزغا پىيما كىيىۋالغاندۇق. قار ئايىغىمىز ئاستىدا غىرسلايتتى. تىنىقىمىزدىن ھور چىقاتتى. بىز قارنى كېچىپ ناھايىتى تەستە كېتىۋاتاتتۇق، بىر چاغدا موللايۇپ ماڭا:

— كەلدۇق، ئاشۇ ئۆي شۇ، — دېدى. قارىسام، ئالدىمىزدا قار بىلەن قاپسىلىپ قالغان پاكارغىنە بىر ئۆي تۇرۇپتۇ. بىز بىر قانات ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىرگەندە بېشىغا ئاق داكا لېچەك سالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارا بۆك قوندۇرۇپ ئۇستىنى چۇمبەل بىلەن ياپقان، قارا پەرىجە كىيىپ ئاق باغلىغان يەتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چىراي بىر ئايال قوشاق قېتىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ ئىچى قاندەك قىزارغان بولۇپ، ياش مەڭزىدە سىرغىپلا تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى تام مەشتە ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. تام ـ تورۇسلار ئىسلىشىپ سىياھتەك قارىداپ كەتكەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — مەنمۇ موللايۇپقا ئەگىشىپ تەڭ سالام بەردىم. شاھ ھازىدار بەشىنچى يىغىدىن توختاپ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى سىپايە ئاۋازدا.

— ئۇلۇغ بۇۋى مەريەم شاھ ھازىدار پىر ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا پاي قەدىمىمىز يېتىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسەت شۇدۇركى، ئول مۇقەددەس ھازىدارلىق ئىلمىدىن تەلىم بېرىپ، بۇ يولنىڭ ئىخلاسمەن مۇرتلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقىشلىرىنى ئارزۇ قىلىپ، پىقىر — باغرى پۇتۇن قۇللىرى خانىلىرىگە ھازىر بولدى.

شاھ ھازىدار بەشىنچى موللايۇپنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئول ئۇلۇغ ھازىدارلىق ئىلمى مۇقەددەس ئىلىمدۇر . بۇ ھۈنەرگە ئىخلاسمەن مۇرىت بولغۇچىلار زىنھار كۈلمەستۇر . دىلى ھەر ۋاخ غەمناك بولغۇسىدۇر . خۇشاللىق ۋە كۈلكە بۇ تەرىقەتكە ياتتۇر . كۆز ياشلىرىم شۇ سەۋەبتىن سەلدۇركى ، جاھان كىشىلىرىنىڭ دىلى مۇشۇ كەملەردە تۆمۈردەك قاتتىقلاشتىلەر . ئۇلارنىڭ كۆڭلى - رايىنى بىغەملىك ۋە خۇشاللىق قاپسىدىلەر . شۇڭا ئاتا - ئانا ، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ھازىسىدا بىر تېمىم ياش كەلمەس بولۇپ كەتتى . ئول ۋاپاسىزلارغا ئەل - جامائەت قارغىش ياغدۇردىلەر . شول سەۋەبلىك بۇۋىمەرىيەم جان تەسەددۇق قىلغۇچىلارغا يېقىن مۇخلىس بولۇپ خالىس ياش تۆكتىلەر . «تويغا ناغرا ، ئۆلۈمگە يىغا» دېگەننى ئۇ ۋاپاسىز شەيتان - ساياقلار تۇزكورلۇق بىلەن ئۇنتۇپ كەتتىلەر .

موللايۇپ شاھ ھازىدار بەشىنچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ۋەزمىن ئاھاڭدا :

— ئول سۆزلىرى شەك - شۈبھىسىزدۇر . جاھان رەپتارلىرىدا مېھىر - شەپقەت قالمىدىلەر . كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى غەپلەت ئۇيقۇسى باستىلەر . شۇ سەۋەبتىن بۇ تەرىقەت يولىغا جان تەسەددۇق قىلماقچىمىز . يىغىچىسى يوقلارغا يىغلىشىپ بېرىپ ناماز قىزىتىپ ئۇلارنىڭ مېھرىنى ئىللىتماقچىمىز ، — دېدى .

شاھ ھازىدار بەشىنچى موللايۇپنىڭ سۆزىنى ئۈنسىز تەستىقلاپ باش لىڭشىتتى . ئۇ بىزگە ئاق باغلاپ قويدى . قولياغلىق تەقدىم قىلدى . بۇ ، ئۇنىڭ بىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىكەن . بىز بۇ يەردە شۇ كۈندىن باشلاپ «يىغىچىلىق كەسپى» بويىچە ھازىدارلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتۇق .

## 12

شاھ ھازىدار بەشىنچىنىڭ ھۇزۇرىدا يىغىچىلىق كەسپى بو-

www.uyghurkitap.com

يىچە لاياقەتلىك ھۈنەر ئۆگەندۇق . موللايۇپ شەھەرنىڭ كىندىكىدىن ۋاقىتىنچە ئىككى دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى . ئۇ بانكىدىكى بىر يۈز يىگىرمە بەش مىڭ يۈەننى ئاجراتتى . ئۇنى شىركەتنىڭ چىقىمىغا دەسمايە قىلىدىغان بولدۇق . ئالدى بىلەن دۇكاننىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغۇدەك قىلىپ «كەسپىي يىغىچىلار ئەبۇ غىرىب مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى» دەپ چوڭ خەتلىك ۋىۋىسكا ئاستۇق . ياڭراتقۇلاردىن «مۇسىبەت مۇزىكىسى» ياڭراتتۇق . ئاتا - ئانىسىدىن ياكى بالا - چاقىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان باغرى يۇمشاق كىشىلەر شىركەت ئالدىغا يىغىلىپ مۇزىكىغا جور بولۇپ، قازا قىلىپ كەتكەن ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ھازا ئېيتىشتى . بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ھەقسىز يىغلىشىپ بېرىپ پراكتىكا قىلىۋالدۇق .

«مۇسىبەت مۇزىكىسى» قويۇپ بېرىش ۋە خېرىدار چاقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدۇق . كوچا - رەستىلەرگە يىغىچىلىقتىن خەۋىرى بار كىشىلەرنى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش، شىركەت قائىدىسى، ئىش تۈزۈمى، يىغىچىلىققا ئائىت تەسىس قىلىنغان تۈرلەر ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ۋە ئېلانلارنى چاپلىدۇق .

بىرقانچە كۈندىن كېيىن شىركەتكە تىزىمغا ئالدۇرىدىغانلار يىغىلىپ كەتتى . تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى، ئىقتىدارىنى شەرت قىلىپ تىزىملاش ئېلىپ باردۇق . تىزىملانغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇز نەپەر خادىم قوبۇل قىلدۇق . بۇ خادىملار ئىچىدە ياشانغان ئەر - ئايال، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى . بىز ئۇلارنىڭ ئېگىز - پاكارلىق، چوڭ - كىچىكلىك بوي پەرقىنى، پۇت - قول ۋە باش قىسىملىرىنى ئوبدان ئۆلچەتكۈزۈپ تەلپەك، بۆك، يەكتەك، پەرجە، ياغلىق، ئۆتۈك، چەكمەن، چۇمبەل، ئاق بەلۋاغ، قولياغلىق قاتارلىقلارنى تىككۈزدۇق . دەسلەپكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ «ھازىدارلىق كىيىمى» ھەل بولدى . ئۇلارنى جىنسى، ياش پەرقى،

ئاۋازىنىڭ يۇقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن چىقىدىغان ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۇچكە ئايرىپ تەربىيىلەشنى باشلىۋەتتۇق .
ئۇلارنى بىر ھەپتە تەربىيىلىدۇق . شۇنىڭدىن كېيىنلا شىركەت-
نىڭ رەسمىي تىجارەت باشلىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقار-
دۇق . يىغىنچىسى يوق نۇرغۇن خېرىدارلار مەرھۇمنىڭ ئېڭكىنى
چېكىپ بولۇپلا بىز بىلەن ئالاقە ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى . بىز
شىركەت قائىدىسى بويىچە مېيىت ئىگىلىرىدىن ئالدى بىلەن
مېيىتنىڭ كەسپى ، جىنسى ، يېشى ، قالدۇرغان ياخشى - يامان
تەسىرى ، قىسقىچە تەرجىمىھالى قاتارلىقلارنى ئىگىلىگەندىن كې-
يىن ، كېرەكلىك ئادەم سانى ، يىغىنىڭ مەزمۇنى ، ۋاقتى ، كې-
تىدىغان ھەق ئۆلچىمىنى بېكىتتۇق . توختامنامىگە قول قويۇش-
تۇق .

مەن توختام ماددىسىغا ئاساسەن «يىغا ھەققى» ۋە «ئاۋازنىڭ
يۇقىرى - تۆۋەنلىك ھەققى» بويىچە ھەق ھېسابلاپ تالون كېسىپ
بەردىم . كۆزدىن ياش چىقارماي ئاۋاز قويۇپ يىغلاش بىلەن كۆز-
دىن ياش چىقىرىپ ئاۋاز بەرمەي ئۈنسىز يىغلاش ئەرزانراق ئى-
دى . تارام - تارام ياش تۆكۈپ ، بار ئاۋازى بىلەن تولۇلاپ يىغلاش
ئەڭ قىممەت ، كۆزدىن سىم - سىم ياش تۆكۈپ ئوتتۇرا ئاۋازدا
ئۈن قويۇشنىڭ تەننەرخى سەل تۆۋەنرەك ئىدى . بىز يۇقىرىقىدەك
باھا جەدۋىلىنى مېيىت ئىگىلىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇناتتۇق .
ئائىلىسى باياشات ، چوڭ يەپ ، چوڭ ياشىغانلارنىڭ پۇل - مېلى
ئېشىپ تۇرسىمۇ بىر قىز ياكى بىر ئوغلى بولغاچقا ، پەرزەنتلىك
بۇرچىنى دەپ قىممەت تۈرنى زاكاس قىلىپ بۇيرۇشاتتى . ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ يالغۇزلۇقىنى چاندۇرماسلىق ، ئون ، ھەتتا يىگىرمە
بالىلىق ھازا ئاچتۇرۇپ ئاتا - ئانىلىرىنى داغدۇغا بىلەن ئۇزى-
تىشنى ئارمان قىلىدىغانلار ئىدى . بەزىلىرى بۇنىڭغا چىدىماي ،
ئەڭ ئەرزان تۈرنى زاكاس قىلدۇرۇشاتتى . بىر كۈنى كەچتە سۇ
بۇقىسىدەك سېمىز ، يۈزى گەزىندەك چوڭ بىر يىگىت شىركەت

ئىشخانىسىغا كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ:

— دادام بايىلا تۈگەپ كەتتى. ئۆزۈم يالغۇز بىر بالا. ئۆمرۈمدە بىر كىمگە يىغلاپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. «ئۆلۈكنىڭ چېھرى سوغۇق» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. كۆزۈمگە ھېچ ياش كەلمەيۋاتىدۇ. ئەتە جامائەت ئالدىدا سۆز - چۆچەككە قالىدى- غاندەك تۇرىمەن. شۇڭا ئورنۇمدا يىغلاشقا بەش نەپەر خادىم زاكاس قىلاي دەپ كېلىشىم، — دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا:

— خۇش كەپسىز، سىز ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىد- مىز، — دېدىم. ئۇ ئۈستىدىن چوڭ بىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك كېرىلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سو- راپ بىلىۋالغاندىن كېيىن:

— يىغىچى خادىملار ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىگە بېرىپ، يەتتە يېرىمغىچە يىغلاپ بەرسە بولىدۇ. ئاۋۋال يىغلاش ئۇسۇللى- رىنىڭ بۇ تۈرىنى كۆرۈپ تاللاڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن باھا كېسەي، — دېدىم بىر جەدۋەلنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ. ئۇ جەدۋەلنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— قىممەت بولسىمۇ چىدايمەن. يۇقىرى ئاۋازدا ئۈن قويۇپ ياش ئاققۇزۇپ يىغلاپ بەرسۇن، — دېدى جەدۋەلنى ماڭا قايتۇ- رۇپ بېرىۋېتىپ. مەن تالوننى ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ:

— ئەمىسە بەش نەپەر خادىمنىڭ يىغىچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ھەققىگە ئىككى يۈز يىگىرمە بەش يۈەن كېتىدۇ، — دېسەم، ئۇ:

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دەپ يانچۇقىغا قول سالدى. مەن ئۇنىڭدىن پۇلنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن تالون يېزىپ بەردىم. ئۇ تالوننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن:

— مەن ئۇيقۇغا بەك ئامراق. دادامنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ ئويغىنالماي قېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا يىغىچىلارغا دەپ قويسى- ڭىز، يوقلۇقۇمنى چاندۇرمىسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى. مەن:

— خاتىرجەم بولۇڭ، يىغىچىلار سىز ئۇچۇن ئەللىك ئوغۇلدەك يىغلاپ بېرىپ ناماز قىزىتىدۇ. جامائەتلەر «تووۋا، ئوغلىمىزمۇ بىز ئۆگەپ كەتكەندە ئاشۇنداق ئادەم ياللاپ نامىزىمىزنى قىزىتالىسىدى، باققان ئەجرىمىز قالمايتتى» دېمەي قالمايدۇ، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردۇم. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، كۈلۈپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى يىغا يىغلاپ ناماز قىزىتىشقا كەتكەن باللار قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا:

— راست ئېيتىپتىكەنسىز، ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى بىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ دەپنىسىدىن قايتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بىر ئۆيدىن چىقتى ۋە «تازا ئوبدان يىغلىدىڭلارمۇ؟ ئىش ئاخىرلاشتىمۇ؟» دەپ ئەسنىگىنىچە كېرىلىپ قويدى. بىز پەخىلداپ كۈلۈۋېتىشكە تاس ـ تاس قالدۇق، — دېگەنىدى، مەنمۇ «تووۋا» دەپ باش چايقاپ قويدۇم.

بۇ ئىش بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئىشخانىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئالدىمغا كەلگەندىن كېيىن:

— بىر مېيىتنىڭ يىغلايدىغان يىغىسى بار ئىدى، لېكىن ئۆزى يالغۇز كېلىپ قالدى، يىغلىشىپ بەرگەن بولساڭلار، — دېدى. مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— خوش كەپسىز، ئەلۋەتتە يىغلىشىپ بېرىمىز، — دېدىم. ئۇ ئادەم مېيىت ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ:

— ئۆلۈپ كەتكۈچى كۈيئوغلۇم بولاتتى. ئۇ ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ جان ئۈزگەن، — دېدى. مەن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۆلۈمى بەك قەدىرسىز بوپتۇ. يىغلىغۇچىلار ماختاپ يىغلامدۇ ياكى سۆكۈپمۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ كىشى:

— ئەلۋەتتە ماختايدۇ ـ دە، — دېدى.

— ئۇنداقتا باھاسى تەڭگە تەڭ قىممەت، پۇلغا چىدىسىلا

ماختاپ يىغلاشقا مۇمكىن بولار ، — دېدىم . ئۇ كىشى دەرھال يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ :

— پۇل دېگەن مانا ، قانچىلىك دېسەڭلار بېرەي ، يىغىچىلار ئۇنىنى تازا كۆككە كۆتۈرۈپ قوشاق قېتىپ يىغلاپ بەرسۇن ، — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىنىپ قويۇپ ، مەن كۈلۈپ قويۇپ :

— بولىدۇ ئەمىسە ، قانچە ئادەم بارىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ كىشى :

— ئون ئادەم بارسا ، — دېدى . مەن :

— ئەمىسە ھەربىر ئادەمگە يۈز يۈەندىن مىڭ يۈەن كېتىدۇ ، — دېسەم ئۇ ئادەم ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە :

— مانا مىڭ يۈەن ، — دەپ قىپقىزىل پۇلدىن ئون تالنى ساناپ بېرىپ تالوننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ھاراقكەشكە يىغلاپ بەرمەكچى بولۇپ كەتكەن ئون نەپەر خادىم ئەتىسى قايتىپ كەلگەن ـ دە بىرى :

— بىز بۇ قېتىم جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدۇق ، — دېدى . مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ :

— كۆڭلۈڭلارغا ئالماڭلار ، سىلەر ۋاكالىتەن يىغلىغۇچى ـ لار ، بىزگە پۇل جىق كىرىم بولسا بولدى . شۇ چاغدا شىركەت روناق تېپىپ تەرەققىي قىلالايدۇ ، — دېدىم . موللايۇپ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇ مېنى قوللاپ :

— ياخشى قىپسىز ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرقانداق خېرىدار كەلسە ، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، پۇلنى ئۇبدان بەرسىلا تالون كېسىپ بېرىۋېرىڭ ، — دېدى .

موللايۇپ سىرتتا چېپىپ يۈرۈپ شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈچۈر ئىگىلەيتتى . ئۇ كەسپىي ئىشلارنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقتىن كۆپ خۇرسەن ئىدى . ئۇ مېنى شىركەتنى باشقۇ ـ رۇشتا ئىقتىدارلىق ، ھەرگىز چاتاق چىقارمايدۇ ، دەپ ماختايد ـ تى .

بىر كۈنى ئىشخانىغا يەنە بىر ئادەم كىردى . ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا :

— مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بولغۇسى مېيىتنىڭ نەۋرە ئاكىسى ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەكچى ئىدى . شىركىتىڭلار بىلەن توختاملىشىپ قوياي دەپ كېلىشىم ، — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ . مەن ئۇ كىشىدىن :

— ئۇ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزۈپتىكەن ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ كىشى دەرھال :

— ئۇ خوتۇنىغا سادىق بولمەن دەپ ، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، — دېگەنىدى ، تېنىم «جۇغغىدە» قىلىپ ئەندىكىپ كەتتىم ۋە بىردەمدىن كېيىن :

— ئۇنىڭ ئۆلۈمى نېمىدېگەن قەدىرسىز - ھە ! — دېدىم پەس ئاۋازدا . ئۇ كىشى چىرايىمغا قاراپلا قالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن :

— ياخشى - يامىنىنى خۇدا سۈرۈشتە قىلىۋالسۇن دېدۇق . ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يىغىسىز ، داغدۇغىسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىماي ئۇدۇل بۇ يەرگە چېپىپ كېلىشىم ، — دېدى ئۇ كىشى قاتىلغا يان بېسىپ . مەن «توۋا ، بۇ دۇنيا نېمانچە مۇرەككەپ-ھە ، ئەگەر بۇ شىركىتىمىز بولمىغان بولسا ، يىغلىغۇچىسى يوقلار قانداق قىلاتتىكىن ؟ ئەمدى بىز يىغلاپ بەرمىگەن ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل قالدىمۇ ؟ قانداق قىلسام بولار ؟ ياق دەيمۇ ياكى ماقۇل دەيمۇ ؟ ئەگەر ھەققىنى تازا يۇقىرى بەرسە مەيلىمىكىن - يا ...» مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇ كىشىگە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم .

— بۇ شىركەت قۇرۇلۇپ قاتىلنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلىشىپ بەرمىگەنىدۇق . بۇ ، يېڭى بىر ئىشكەن ، ئەگەر ھەققىنى يۇقىرى بەرسىلە يىغلىشىپ بەرسەك بېرەيلى ، — دېدىم ئوچۇقلا . ئۇ ئادەم پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپ :

www.uyghurkitap.com

— قانچە پۇل كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر يىغىنچىغا ئىككى يۈز كوي كېتىدۇ، — دېسەم، ئۇ ئادەم بىردەمدىلا تېتىكلىشىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئەرزانكەن، ئەرزانكەن! مۆلچەرىمدىكىدىن خېلى ئەرزانكەن، — دېگەنىدى، هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. «توۋا، يۇقىرى دېدىم دەپ، تۆۋەن باها قويىدۇمىمۇ، نېمە» دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن باهانى قايتۇرۇۋېلىپ باها قويۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئاغزىمدىن كەتكەچكە پۇشايمان قىلدۇاتسامۇ لېكىن چىرايىمنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— قانچە ئادەم كېرەك؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ئون ئادەم، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئون ئادەم ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەنگە تالون كەستىم. ئۇ ئادەم تالوننى قولىغا ئېلىپ ئىككى مىڭ يۈەننى ساناپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەمسە، يىغىنچىلار ئەتە چۈشتىن كېيىن بارسۇن. جۇمەدىن كېيىن نامىزى چىقىرىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى موللايۈپ بىلەن شىركەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرسام، يىغلىشىپ بېرىشكە كەتكەن خادىملار ئىچىدىن بىرسى ھېچبىر ھالى يوق ھالدا كىرىپ كەلدى - دە، ئىشخانىغا كىرىپلا «گۈپ» قىلىپلا يىقىلدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى كۆكىرىپ ئىششىغان، بېشىنىڭ ئىككى يېرى يېرىلغان بولۇپ قان تەپچىرەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن گەپ - سۆز سورىمايلا جىددىيلىشىپ دەرھال بېشىنى تېڭىۋالدۇق. قان توختىغاندىن كېيىن موللايۈپ:

— سەن يىغلىشىپ بېرىشكە كەتمىگەنمۇ؟ ئېيتتە، سېنى كىم ئۇرۇپ بوزەك قىلدى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— بىز ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئۇ قاتىلنى تازا ماختاپ يىغلىـ

غاندۇق ، جامائەت بىزگە غەزەپلىنىپ كەتتى . جامائەت ئىچىدىن بىرسى : «پۇلغا تويمىغان بۇ ئاچ كۆز مەلئۇنلارنى ئۇرۇڭلار ! ئۇلار نېمىشقا ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىل مۇناپىق ئۇچۇن هازا ئېچىشىپ ، كۆزلىرىنىڭ يېشىنى چىقىرىپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ ؟ ! بۇ ساختىپەزلەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە يوقكەن ، قېنى جامائەت ، ئۇلارنى كالتەكلەڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى . بىز شۇ گەپ بىلەن تاياق ئاستىدا قالدۇق ۋە بىر ئامالنى قىلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتۇق . ئەگەر قاچمىغان بولساق ، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەركەن ، — دېدى .

بىز ئۇنىڭ سۆزىگە هەيرانلىق ئىچىدە قاراپلا قاپتىمىز . شۇ چاغدا يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئېسىمىزدە يوق ، موللايۇپ بىلەن ئىشخانا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىغۇدەك بولساق ، بىرنەچچە يۈز ئادەم قوللىرىدىكى چالما - كېسەكلەرنى ۋىشىلدىتىپ ئىشخانىغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى ۋە بىردەمدىلا ۋىشىلدىغان پەسكە غۇلاپ تاراقشىغىنىچە چۇشۇپ كەتتى . شۇ چاغدا موللايۇپ سىرتقا چىقماقچى بولۇۋىدى ، مەن ئۇنى توسۇپ :

— سىرتقا چىقماڭ ! ئۇلارنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ ، — دېسەم ، ئۇ :

— ياق ، مەن چىقىپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئەهۋالنى چۈشەندۈرەي ، — دەپ چىقىپ كەتتى ۋە ئەمدىلا ، — جامائەت ··· جامائەت ··· ! — دەپ گېپىنىڭ بېشىنى چىقىرىشىغىلا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى ۋە قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى :

— بۇ شىركەت دەل مۇشۇ كاساپەتنىڭ ! ··· ئۇنى ئۇرۇپ دەردىمىزنى ئالايلى ! ئۇ يامانلارنى ماختاپ يۇرىدىغان يىغىچىلىق شىركىتى ئاچقىنىغا تويسۇن ··· ، — دېيىشىپ ، ۋارقىراش - جارقىراشلار ئىچىدە موللايۇپنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇپ كېتىشتى . مەن قورقۇپ دىر - دىر تىترىگىنىمچە ئۈستەلنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدىم .

بىرئازدىن كېيىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىقتى. يوشۇرۇنغان يېرىمدىن تۇرۇپ ئەينەكتىن قارىسام، موللايۇپ قان ئىچىدە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە ساقچى ۋە بىرنەچچە كىشى يىغىلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بىر توپ ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ ئىشىكتىن ئوقتەك چىقتىم ـ دە، بېرىپ جايىدا قىمىر قىلماي ياتقان موللايۇپنىڭ ئۈستىگە تاشلاندىم. ئۇ ئاللىبۇرۇن تىنىقىدىن قالغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ «كەسپىي يىغىچىلار ئەبۇ غېرىب مەسئۇليەت چەكلىك شىركىتى» ۋەيران بولدى. موللايۇپنىڭ قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن ئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتىم. بىر ئۆينىڭ خەج ـ خىراجىتى يامان ئىكەن. ياشىنىپ قالغان ئانامنى ئوبدان يېگۈزۈپ ماغدۇرلاندۇراي دەپ بۇ يەرگە پاختا تېرىپ پۇل تاپقىلى كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى سىلەر بىلەن دىدارلىشىپ تۇرۇپتىمەن ...

زۇپتۇمەنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى. ھېنىمبانۇ باش كۆتۈرمەي پاختا تېرىۋاتقان ئاياللاردىن بىرىگە قاراپ:

— زىۋىدە! — دەپ چاقىرىۋىدى، زىۋىدە ئىسىملىك چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— لەببەي، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمدى نۆۋەت سىزگە كەلدى، — دېدى ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا قاراپ.

— بولىدۇ، ئىش بېشى. ئۇنداقتا مەن ھېكايەمنى باشلاي، — دېدى ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويۇپ.

## 13

مەن بىر موللا ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. مەن بۇ ئۆيدە ھەم ئوغۇل، ھەم قىز ئورنىدا پەقەت بىرلا بالا ئىدىم. دادام كەنتتىكى

مەسچىتنىڭ خاتىپلىقىنى قىلاتتى . ھەرىيلى قىشتا مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك باللار ئۆيىمىزگە يىغىلىپ قىزلار ئايرىم ، ئوغۇللار ئايرىم بولۇپ ئوقۇيتتى . مەن قىزلارنىڭ باشلىقى ئىدىم . دادام پات ـ پاتلا ناھىيە ئاتلاپ نە ـ نەلەرگە كېتىپ قالاتتى . شۇ قېتىممۇ ئۇ سىرتتا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدى . كىممۇ ئويلىغان دەيسىلەر ، ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن مۇنداق بىر ئىش بولدى : بىر كۈنى سىرتتىن كىرسەم ، ئۆينىڭ سۇپىسىنىڭ تۆرىدە ئون ئىككى ياشلاردىكى چىرايلىق بىر ئوغۇل بالا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ . دادام ئانامغا قاراپ دەۋاتقانىكەن :

— بۇ بالا قارا يېتىم ئىكەن . بالىچىلاپ باقايلى ، دەپ باشلاپ كەلدىم .

ئانام دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ بالىغا قاراپ خۇش چىراي ھالدا :

— بەك ئوبدان قىپلا ، بۇ ئىككى بالا بىر جۈپ چوڭ بولغۇدەك ، ئوغلىمىزمۇ يوق ئىدى ، — دېدى .

ئۇ بالا شۇ چاغدا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي دېگۈدەك ئولتۇردى . دادام يەنە بىزگە :

— ئۇ بالىنىڭ ئىسمى ئابدۇغاپپار ، — دەپ تونۇشتۇرغاندى ، ئۇ بالا ھەممىمىزگە «لەپپىدە» قاراپ قويدى .

ئاتا ـ ئانام ماڭا قانچىلىك ئامراق بولسا ، ئابدۇغاپپارغىمۇ شۇنداق كۆيۈنۈپ ، ئۆز بالىسىدەكلا كۆردى . بىزمۇ گويا ئاكا ـ سىڭىللاردەك ئىناق ئۆتتۇق . دادام ئابدۇغاپپارغا ئىمان ئۆگەتمەن دەپ خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنۇمى بولمىدى . دادام ئاخىر ئىلاجسىز :

— بۇ بالىنىڭ دىلى قېتىپ قاپتۇ ، — دېدى ئۇنىڭغا ئىمان ئۆگىتىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ .

ئابدۇغاپپار بىر كۈنى ناشتىدىن كېيىن :

— موللا دادا ، مەن مال باقسام قانداق ؟ — دەپ قالدى .

ئوت ـ چۆپلەر تازا ئۆسكەن ياز پەسلى بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۇ گېپى دادامغا بەكلا خۇشياقتى . ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە يايلاققا مال ھەيدەپ بېرىپ ئوتلىتىپ كېلىشكە باشلىدى .

ھەر ئىككىمىز بارا ـ بارا بوي تارتتۇق . قىشنىڭ بىر كۈنى ئىدى . بۇ قىش قار ناھايىتى قېلىن ياغقانىدى . ئاتا ـ ئانام يىراق تۇغقانلارنىڭكىگە پەتىلەپ كېتىپ ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە قايتىپ كەلمىدى . ئابدۇغاپپار ماللارغا ئوت ـ سامان بېرىپ ئۆيدە پەيدا بولغاندا ، مەن ئەتكەن چۆچۈرىمۇ قايناپ تۇراتتى .

— ۋاي ، نېمانچە مەززىلىك پۇراق بۇ ؟ — ئابدۇغاپپار شوخلۇق بىلەن ئاغزىنى چاكىلدىتىپ قويدى .

— يېنىنە سالغاندىم ، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ .

مەن ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىم . ئابدۇغاپپار يېنىمغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى . مەن ئۇنىڭغا بىر قاچا چۆچۈرە ئۇسۇپ بەردىم . بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ چۆچۈرە ئىچتۇق . بارغانسېرى كەچ بولدى . ئۆيدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلىمايلا يېتىپ قالماقچى بولدۇق . مەن ئۇنىڭغا ئورۇن راسلاپ بېرىۋاتقىنىمدا ، نېمە بولغىنىنى تۇيمايلا قالدىم ، ئۇ بىردىنلا مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى . ئۇنىڭ شەھۋەت چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرۈپ ھەم قورقتۇم ، ھەم گويا ئوت ئۈستىگە يىقىلىپ كەتكەندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم .

— سۆيۈپ قويۇڭ ، — دېدى ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ .

— ئاكا ، بۇ قانداق گەپ بولدى ؟ سىز ··· ، — شۇ گەپنىلا دېيەلىدىم .

— ھا ـ ھا ـ ھا ! ··· ، — ئۇ ماڭا تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپ كۈلگەچ دېدى ، — زىۋىدە ، سىز نېمە دەۋاتىسىز ! مېنى ئاكا دېمەڭ ، بۇنداق دېسىڭىز غەلىتىلا تۇرىدىكەن . مەن سىزنى بەك

ياخشى كۆرىمەن . مەن سىز بىلەن توي قىلاي دەيمەن ، — دېدى-
دە ، لېۋىمگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى .
ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىشقا شۇنچە كۈچىگەن بولسامۇ بوشىنالمىدىم . بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلىۋېرىپ ، بىردىنلا لەس-سىدە يۇمشىدىم . ئۇنىڭ ئوماق سۆيۈشى بىلەن تىنىقىدىن گۈپۈل-دەپ ئۆرلەۋاتقان ئىسسىق ھىد مەندە ئوتلۇق ھاياجان پەيدا قىل-دى .
شۇ كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتىم …
شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇغاپپار كۆزۈمگە بەكلا ئىسسىق كۆ-رۈنىدىغان بولۇپ قالدى .
بىر كۈنى ئۇ يايلاقتا مال ھەيدەپ كېتىپ چۈشلۈك تاماققا كەلمىدى . ئۇ كەلمىگەندىكىن ، مېنىڭ گېلىمدىنمۇ تاماق ئۆتمە-دى . شۇنىڭ بىلەن تاماق كۆتۈرۈپ يايلاققا باردىم . يايلاقتىكى پادىلار توپ - توپ بولۇپ ئوتلاۋاتاتتى . يازنىڭ ئىللىق مەيىن شامىلى يۆپەكلىك قىياقلارنى تەۋرىتىپ تۇراتتى . چەكسىز سو-زۇلۇپ ياتقان كۆپكۆك شىۋاقلار گويا دېڭىز سۈيىدەك كۆرۈنەت-تى . يايلاق ئاسمىنى شېشىدەك چاقنايتتى . قۇشلار ئۇيان - بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى . مەن ئۇ پادا باققان جاينى تېپىپ كەلگىنىم-دە ، ئابدۇغاپپار بىر گەمىنىڭ ئالدىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇ مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ ، تاماكىسىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كۈ-لۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كەلدى . مەن شۇ چاغدا قاپاق تۈرۈپ :
— تاماكا دېگەن شەيتاننى چېقىرىڭ ! — دېدىم زەردە بى-لەن .
ئۇ يېڭىدىكى تاماكىنى يەرگە تاشلاپ يانچىغاندىن كېيىن ماڭا يالۋۇرۇپ :
— ئاغىنىلەر تەڭلىۋىدى ، يۈز كېلەلمەي شوراپ سالدىم . خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەمدى ھەرگىز تاماكا چەكمەيمەن ، — دېدى .

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپ بىلەن سەل ئاچچىقىم يانغاندەك بولدى :

— ئەمىسە ، بۇنىڭدىن كېيىن لەۋزىڭىزدە تۇرۇڭ ، بولامدۇ ، — دېدىم ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ . ئۇ شەيتانلىق قىلىپ ھىجايغىنىچە ماڭا يوشۇرۇن قاش ئېتىپ قويدى .

شۇ ئىش بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭا يىراق بىر جايدىن ئەلچى كەلدى . بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ، بېشىم قېتىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم . ئاتا ـ ئانام ئەلچىلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۆزىتىپ قويدى . بۇ چاغدا ئابدۇغاپپار يايلاقتا مال بېقىۋاتقاچقا ئەلچى كەلگەندىن خەۋەرسىز ئىدى . ئەلچىلەر كەتكەندىن كېيىن مېنى قىزلىق نومۇسى تۇسۇپ تۇرغاچقا ئاتا ـ ئانامغا ئابدۇغاپپار بىلەن توي قىلىدىغانلىقىمنى ئاغزىمدىن چىقىرالماي ، ئىلاجسىز ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ يىغلاپ سالدىم . يىغلاۋېتىپ ئابدۇغاپپارنى تېزرەك كەلسىكەن ، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم . ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى . ئۇ خېلى كەچتە ئاندىن ماللارنى ھەيدەپ كەلدى . ئۇ ماللارنى قوتانغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئاستىلا ياتاق ئۆيۈمگە چاقىرىپ ئەكىردىم .

— ئابدۇغاپپار ، — دېدىم مەن ناھايىتى تەستە ئېغىز ئېچىپ ، — بۈگۈن ماڭا ئەلچى كەپتۇ .

— ھە ، شۇنداقمۇ ؟ ئاتا ـ ئانام نېمە دېدى ؟ — ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ سورىدى .

— ئۇلار ماقۇل دېدى ، — دېدىم مەن يىغلامسىراپ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن كىرىپ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى دەيمەن ، — دەپ ئابدۇغاپپار ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە ، چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ياتاق ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتسام ، ئابدۇغاپپار يېنىمغا كېلىپ :

— ئىش پۈتتى ، زىۋىدە . ئەمدى سىز مېنىڭ بولدىڭىز ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭغا قاراپ خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ قويدۇم. ئۇ ماڭا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇغاپپار تۈنۈگۈن مېنىڭ ياتقان ئۆيۈمدىن چىقىپلا دادام بىلەن ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە مەن توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندا، ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— نېمىشقا بۇ ئەقىل بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە كەلمىگەندۇ، — دەپ، ئابدۇغاپپارغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ كېتىپتۇ ھەمدە، — بۇ ئىككى بالىنىڭ بېشىنى بىرگە ئوڭلاپ قويساق، بۇنىڭ نەرى يامان؟ ئەجەب بۇنى ئويلىماپتۇق، — دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپتۇ ۋە ئابدۇغاپپاردىن قاتتىق سۆيۈنۈپتۇ، خۇشال بوپتۇ. تويىمىزنى ئەل - جامائەت ئىچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئابدۇغاپپارنىڭ ئېغىزىدىن ئاتا - ئانامنىڭ رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ كېچە خۇشلۇق ئىچىدە شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن.

ئاتا - ئانام تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقتى. ئابدۇغاپپار ئۈچۈن ماڭا ئاتاپ نۇرغۇن تويلۇقلارنى ئېلىپ تويىمىزنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ بەردى. تويدىن كېيىن ئابدۇغاپپار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھويلىسىدىكى ئايرىم بىر ئۆينى يېڭى ئۆي قىلىپ تۇتتۇق. باشتا كۈنىمىز ياخشى ئۆتتى. ئەمما توي قىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئابدۇغاپپار ھاشار باھانىسى بىلەن ئۆيگە كەمدىن - كەم كېلىدىغان بولۇۋالدى.

ھاشارغا كېتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە ئىشىكتىن كىرىشىگە قاڭسىق بىر پۇراق ئۆينى بىر ئالدى. مەن جايىدا دەلدەڭشىپ تۇرغىنىچە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ئابدۇغاپپاردىن:

— نېمە پۇراق بۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— دادامغا تىنىمغىن خوتۇن، ئازراق ئىچىپ قويدۇم، — دېۋىدى، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

— بۇ قورۇ مولىلىنىڭ قورۇ - جايى تۇرسا. ئەمدى بۇ پاك

ئۆيىنى بۇلغاپ ··· نېمە سەتچىلىك بۇ؟ — دېگىنىمچە باش-كۆزۈمگە ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئۇ يېنىمغا كېلىپ يالۇرۇشقا باشلىدى.

— سېكرېتار زورلاپ تۇرۇۋېلىۋىدى، ئازراقلا ئىچىپ سالدىم. كەچۈر، بىر قېتىم كەچۈر بولامدۇ؟ — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

مەن بىر هازادىن كېيىن يىغىدىن پەس بولۇپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلماڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ماقۇل. هاراق دېگەن نەرسىدىن ئۆزۈمنى تارتىمەن، ئەمدى ئىچمەيمەن، — دېدى ئۇ دېگەنلىرىمگە جاۋابەن.

مەن قايتا بىر نەرسە دېمىگەندىن كېيىن، ئۇ هاراق پۇراپ تۇرغان پېتى يوتقانغا كىردى ···

ئەتىسى ئاخشامقى ئىشلار ئېسىمدە يوق. ئابدۇغاپپارنى چىرايلىق ئۈزىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ هاراق ئىچكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ قەلبىمدە نۇقسانسىز ئەر ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۆيگە ناھايىتى خۇشال كىرىپ:

— خوتۇن، ساڭا خۇش خەۋەر، تەشكىل مېنى ئۆستۈردى، — دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تازا چۈشىنەلمەي:

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ ناھايىتى روھلۇق ھالدا:

— مەن ئەترەتكە بوغالتىر بولدۇم، — دېدى ماڭا چۈشەندۈرۈپ، مەن شۇ چاغدا كۈلۈپ:

— مۇبارەك بولسۇن، — دەپلا قويدۇم.

ئۇ بۇ گېپىمدىن كېيىن يېنىمغا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ كېلىپ:

— مېنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشۈمگە دۇئا قىلىپ قويۇڭ، — دېۋىدى، مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئۇنىسىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش

لىڭشىتتىم. ئۇ شۇ ھامان بوينۇمغا گىرە سېلىپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى ...

مەن ئىككى بالىلىق بولغان يىللىرى خۇسۇسىي ئىگىلىك يولغا قويۇلۇپ يەرلەر شەخسلەرگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلدى. شۇ چاغدىكى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا توۋا دەپ كەتتىم. قارىسام، كوممۇناغا ئىشلەشتىن قېچىپ ھەرخىل باھانىلەر بىلەن يېتىۋالغان تەييارتاپ كىشىلەر، ھەتتا خېلى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلارمۇ ئەمدى قوللىرىغا كەتمەن ئېلىپ ئۆز ئائىلىسىگە تەقسىم بولغان يەرلىرىگە ئىشلەش ئۈچۈن تاڭ يورۇماستا ئېتىزغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. يۇرتىدىن ۋاز كېچىپ ياقا يۇرتلاردا ئاققۇن بولۇۋالغانلار ئاتا- بوۋامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىمەن دەپ قايتىپ كېلىشكەندى.

ئۆتمۈش ئۆتمۈش پېتى كەتتى. ئېتىزلاردا قايتىدىن ئەمگەك قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئەمدى توقچىلىق باشلىناي دېگەندە، ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ كەتتى. ئابدۇغاپپار مېنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم ئىدى. ئۇنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ كەنت باشلىقى بولدى. ئۇ كۈن بويى ئالدىراش بولغاچقا كەنت خىزمىتىدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. بەزى چاغلاردا ئىشخانىسىدا قونۇپ قالاتتى. بىزگە تەقسىم بولغان سەككىز مو يەرنى ئۆزۈم يالغۇز باشقۇراتتىم. ئابدۇغاپپارنىڭ ئۆي ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا قارىغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆيگە تاماققىمۇ كېلەلمەيتتى. ئۇ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ۋە يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش دېگەندەك يېڭى - يېڭى ئىشلار بىلەن ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى. ئۇ بىر كۈنى چۈشلۈك تاماققا كەلگەندە، ماڭا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كېتىپ:

— خوتۇن، نېمانچە قارىداپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئېتىزنىڭ ھەممە ئىشى يالغۇز بېشىمغا قالغان تۇرسا قارىدىماي ئاقىرامتىم ئەمىسە ، — دەپ بىر ماي تارتىۋېدىم ، ئۇ كۇلۇپ كېتىپ :

— راستىنلا يەتكۇچە جاپا تارتتىڭلار ، ئەمدى ئېتىزغا چىقمايسىلەر . بىرەيلەننىڭ سىرتقى چىقىمىنى كۆتۈرۈۋەتتىم . ئۇ مەخسۇس بىزنىڭ يەرلىرىمىزگە ئىشلەيدۇ ، — دېدى .

ئۇ ئېيتقىنىدەك ئەتىسى ئوتتۇرا ياشلىق مۆمىناخۇن ئىسىملىك ، نامرات بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى . ماڭا ئېتىزنى كۆرسىتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئېتىز ئىشلىرىدىن ئازاد بولدۇم .

بىر كۈنى ئۇ يېنىمغا كەلگەندە ، ئاغزىدىن تاماكىنىڭ پۇرىقى پۇرىدى . مەن شۇ چاغدا :

— نېمە؟ يەنە تاماكا چەكتىڭىزمۇ؟ ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىز ئېسىڭىزدىن چىقتىمۇ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ غېمىدە يوق كۈلۈپ :

— رەھبىرىم ماڭا تاماكا چەكمىگەن ، ھاراق ئىچمىگەن ئادەم ياخشى كادىر بولالمايدۇ دەۋاتسا مەندە نېمە ئامال؟ — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى :

— بىلەمسىز ، بىز دېگەن مولللىنىڭ ئەۋلادى . كەيپ قىلغۇچە بولدى كادىرلىق قىلماڭ ، — دېسەم ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتاردى .

— مەن كادىر ئەمەس بەلكى ھوقۇقدار ، شۇڭا بىر كەنتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرىمەن . بۇنداق ئامەت نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىر ماڭىلا تەۋە بولۇۋاتسا . دۇنيادا ھوقۇقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان نەرسە يوق ، ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ . تارىختا دۆلەتلەر ئارا ، رايونلار ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن ، پادىشاھ ، بەگ بولۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئۇبدان خوتۇن ، جاھانغا كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ

قاراپ باق . هازىر دۇنيادا مەندىنمۇ ، سەندىنمۇ بەختلىك ياشىغان-
لار بارمۇ ؟ كەنتتىكى مىڭغا يېقىن ئادەم ماڭا شۇنداق ئىتائەت
قىلىۋاتىدۇ . ئاغزىمدىن چىققان ھەر بىر سۆز سىياسەت ، ئەگەر-
ئۇلارغا ئوتقا كىرىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلسام ، ئوتقا كىرىدۇ ، سۇغا
كىرىڭلار دېسەم سۇدا ئاقىدۇ . مەن بىرەر جەڭگە قاتناشماي ،
بىرەر تامچە قېنىمنىمۇ بىھۇدە ئاققۇزماي موككىدە ئېرىشكەن بۇ
مۇقەددەس ھوقۇقنى سەن چەكلىگەن ئاشۇنداق يوقىلاڭ بىر ئىش-
لار ئۈچۈن ۋاز كېچىپ تاشلىۋەتسەم ، خەق مېنى ئۈچىغا چىققان
ساراڭكەن ، ئەخمەقكەن دەپ تازا مەسخىرە قىلىپ كۈلمەمدۇ ؟ —
دېۋىدى ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قاپتىمەن .

مەن ئادەتتە ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ بۇنچە كۆپلۈكىنى بىلمىگەچكە
ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئېرىپ كەتتىم . مەن تاش سانىسام ،
ئۇ قوم سانايدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قول
قويدۇم . مەن ئابدۇغاپپارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بولغاندىن
كېيىن ، سۈكۈتكە چۆمدۈم . ئۇ بىردىنلا شوخلىشىپ مېنى سۆ-
يۈپ قويدى . ئۇ مېنى ئۆزىنى چۈشەندى ، ئاخىر قايىل قىلدىم
دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسا كېرەك ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈچۈقتىن
ئوچۇق كەيپ- ساپاغا بېرىلىپ كەتتى . ئەر - خوتۇنلارنىڭ خوي-
پەيلى بىر- بىرىگە ئۆتۈشىدۇ ، ئۆزلىشىپ كېتىدۇ ، دېگەن سۆز
راست بولسا كېرەك ، مەن ئاغدۇغاپپارنىڭ ھەممە ئىشىنى يۈزدە
يۈز توغرىغا چىقىرىپ كېلىۋاتاتتىم . ئەسلىدە ئۇ مېنى بەتبۇي
پۇرايدىغان ئاغزى بىلەن سۆيگەندە يىرگىنچلىك ھېس قىلغان
بولسام ، مانا ئەمدى تاماكا بىلەن هاراق تەڭلا پۇراپ تۇرىدىغان
ئاشۇ ھىدقا مەنمۇ ئۆزلۈكۈمدىن خۇمار بولۇپ قالغانىدىم . ئۇنىڭ-
دىن كېلىدىغان بۇ پۇراق ماڭا خوش پۇراق بىلىنىپ ، ئۆزۈمچە
راھەتلىنىپ كېتەتتىم . ئابدۇغاپپارغا كۈندىن - كۈنگە مېھرىم
ئۇلغىيىپ قەۋەتلا ئامراق بولۇپ كەتتىم . ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇي-
رۇتمىلىرىنى ئۈن - تىنسىز ئىجرا قىلاتتىم .

مەن ئۆزگىرىشكە باشلىدىم . ئىلگىرىكى ئەقىدەممۇ سۇسلاپ
كەتتى . ئابدۇغاپپار بىر كۈنى چۈشتە سىرتتىن كىرىپ :
— خوتۇن ، رەھبىرىم كەچتە ئۈچ - تۆت دوستى بىلەن
مېھمان بولغىلى كېلىدۇ ، نان - پان يېقىپ تەييارلىق قىلىپ
قويۇڭ ، — دېدى . مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە دەرھال ماقۇللۇق
بىلدۈرۈپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدىم . ئابدۇغاپپار ئۆيدىن دەر-
هال چىقىپ كېتىپ ، مەھەللىمىزدىكى قاسساپنى باشلاپ كەلدى .
ئۇ يۈگىمەچ مۈڭگۈزلۈك بىر ئېرىكنى بوغۇزلاتتى . كۈن ئولتۇر-
غان مەھەلدە سىڭار كۆز بىرەيلەن ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى .
بىزدىن ئامانلىق سوراپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ ئارقىسى-
دىن بەش ئايال بىلەن تۆت ئەر كىرىپ ئالدىدا كىرگەن سىڭار
كۆز ئادەمنىڭ ئىككى يېنىدا تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇش-
تى . ئەرلەرنىڭ قولىدا بىردىن داپ ، دۇتار ، راۋاب ، دېگەندەك
چالغۇلار بولۇپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى . مەن
ئۇ چالغۇ ئەسۋابلارغا قاراپ كېتىپ : «تۇۋا ، قانداق جاھاندۇر
بۇ ، ئەسلىدە ساپايى چېلىپ ھۆكۈمەت ئوقۇلىدىغان بىر ئۆيدە
ئەمدى نەغمە قىلىپ ناخشا ئوقۇلارمۇ ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇ-
ۋاتسام ، سىرتتا مېنى ئابدۇغاپپار چاقىرىپ قالدى . ئۇزۇن ئۆت-
مەي مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان تارتتۇق . ئۇلارغا
ئالدى بىلەن چاي ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قورداق كەلتۈرگەندىن
كېيىن ھورلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇ كەلتۈردۇق . ئارقى-
دىنلا كاۋاپ ، مېۋە - چېۋە دېگەنلەر بىلەن داستىخان ئۈستىنى
موللاشتۇرۇۋەتتۇق .
ئابدۇغاپپار نازۇ نېمەتكە ئۇلاپلا بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى
ئېچىپ ئىككى رومكىغا تەڭ نىسبەتتە هاراق قۇيدى ۋە بىر روم-
كىنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى كۆتۈردى :
— با شۇجى ، ئۆزلىرى مېنىڭ ياخشى رەھبىرىم ، باشپانا-
ھىم . بۇ يېزىدا ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمدەك يار - يۆلەك بولۇپ
كېلىۋاتىلا ، بىراق مەن لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم ، مېنى ئەپۇ

قىلسىلا . بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشلىرى بولسا ، مەن قولىلىرى جان دەپ بەجا كەلتۈرىمەن . شۇڭا ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشىمىز ئۈچۈن مۇنۇ بىر قەدەھنى بىللە ئىچىشسەك ، — ئابدۇغاپپار سىڭار كۆز ئادەمگە بىر رومكا ھاراقنى ئەدەپ بىلەن تەڭلىۋىدى ، ئۇ كىشى ئابدۇغاپپارنىڭ قولىدىكى ھاراق رومكىسىنى ئاستا ئېلىپ :

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە ، — دېدى ۋە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سىزنى بۇرۇن كەنت باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويغانلىقىم يېقىندا سېكرېتارلىق نامزاتىغا كۆرسەتكىنىم ئاغزىمنىڭ يېلى ، خالاس . بۇ ئىشنى ئانچە چوڭ ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . سىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوبدان ئىشلىدىڭىز . يېزىلىق پارتكوم سىزدىن رازى ، شۇنداق ئىكەن سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز پارلاق ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەڭ .

— تىرىشىمەن ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن ، — دېدى ئابدۇغاپپار كۈلكە چىراي ھالدا .

— ناھايىتى ياخشى . ھە ، يەنە بىر ئىشنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي ، ئامما بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىڭىز ياخشى بولسۇن ، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قەتئىي ساقلىنىڭ ، — ئۇ كىشى بۇ گەپنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتتى .

ھاراق رومكىلىرى سوقۇشتۇرۇلدى . ئۇلار ھاراقنى «گۇپپىدە» كۆتۈرۈۋەتتى . ئابدۇغاپپار قۇرۇقدالغان رومكىلارغا يەنە ھاراق تولدۇرۇپ نۆۋەت بىلەن مېھمانلارغا تۇتۇپ ساھىبخانلىقنى رەسمىي باشلىۋەتتى . ئىككى بوتۇلكا ھاراق قۇرۇقدالغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈردى .

— قېنى ، ئەمدى مەشرىپىمىزنى باشلايلى ، — ئابدۇغاپپار سازەندىلەرگە قاراپ شۇنداق دېگەندى ، ئۇلار سازلىرىنى قولىغا ئېلىشىپ سازلاشقاندىن كېيىن ئات يۈزلۈك بىر ئادەم يېنىدىكى-

لەرگە ئىشارەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچى سازنىڭ ئاۋاز-لىرىدىن تىترەپ كەتتى . ئات يۈزلۈك ئادەم دۇتار بىلەن ناخشا باشلىدى .

تۇتۇن چىقماس موراڭدىن ،
شامال چىقماس شوراڭدىن .

ئازدىن كېيىن مۇزىكىنىڭ رىتىمىدا ئۆزگىرىش بولدى . بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ناخشا يەنە باشلاندى :

چالۇ چۇمبەل ،
تاختا ئەمبەل ،
ئۆزۈنى لەڭمەن ،
سوقۇسى سامسا ،
گۆللۈكى مانتۇ ،
يۇمىلاق خوشاڭ ،
قىسقىسى پولۇ ،
قىزىلىسى چاي ،
ئىچمەي ، هاي ... هاي !...
قانداق چىداي !...

مەشرەپ ئوتتۇرا كېچىگىچە داۋام قىلدى . يا ئانام ، يا دادام كۆرمىگەن ئۇ شەيتان سىياق مېهمانلار تويغۇچە ئىچىشىپ ، مەست بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشتى . ئابدۇغاپپار ئاشۇ مېهماندارچىلىقنىڭ يۈزىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ، ئۆزۈن ئۆتمەي كەنتكە سېكرېتار بولۇپ سايلاندى .

## 15

ئابدۇغاپپارنىڭ سېكرېتارلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولدى.

ئىككىنچى ئاينىڭ بىر ئەتىگىنى كەنت تەشكىلىنىڭ قورۇسىدا ئەزالار چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. ئۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتناشقانىدىم. ئابدۇغاپپار يېڭى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مىكروفوندا قىلغان سۆزلىرى كانايدىن بەكلا جاراڭلاپ ئاڭلىناتتى. ئۇ بىرمۇنچە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ چاي ئوتلاپ ئولتۇرغاندا، ئىمىن قۇۋان دېگەن ئادەم ئەزالار ئارىسىدىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سېكرېتار رۇخسەت قىلسىلا، مېنىڭ ئازراق پىكرىم بار ئىدى، — دېگەنىدى ئابدۇغاپپارنىڭ «غۇچچىدە» ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى - يۇ، ئەمما چىرايىغا ياسالمىلىق بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— قېنى، سۆزلەڭ، — دېدى.

ئىمىن قۇۋان كالتە يۆتەلدىن كېيىن دىمىغىنى قىرىپ قويۇپ:

— بايا سىلى باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىدىلە. يەنە ئۈچىنچى ئاي ئىچىدە كۆچەتلەرنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئانار كۆچىتىنى تىكىشىمىزنى ئۇقتۇردىلا. ئەسلىرىدە باردۇر، ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن ياڭاق كۆچىتىنىڭ ھەر تۈپىنى ئون يۈەندىن سېتىپ بېرىپ بېغىمىزغا تىكىشنى مەجبۇرلىغان ئىدىلە. تۇپراققا ماس كەلمەي ئەي بولمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇ باغقا ئۈزۈمنىڭ يېڭى بىر سورتىنى تىكتۇق. ئۇمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالما تىكتۇق. ئۇ تۇپراققا ماس كېلىپ، بولتۇر مېۋە كۆرگەندۇق. ئەمدى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئېلىۋېتىشلار ، ئانار كۆچىتى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تىكمەكلار دېسىلە ، بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەھەللە ھۆلچىلىك . ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئانار تىكىپ مېۋە كۆرۈپ باقمىغان . يەنە كونىلاردا : «ئانارنى چۆلگە تىك ، ئەنجۈرنى كۆلـ-گە» دەيدىغان گەپ بار . ماشا ئەنجۈر كۆچىتى ئەكىلىپ بەرسىلە تىكەي ، ئەمما ئانار كۆچىتىنى تېڭىپ بەرسىلىمۇ تىكمەيمەن ، — دېدى . ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ئابدۇغاپپار چىرايىنى تۇ-رۇپ :

— مەن ئالما كۆچىتىنى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا ئانار كۆچىتى تىكىش ئىشىنى ئىچىمدىن چىقىرىپ دېمىدىم . ناھىيە يېزىغا ، يېزا كەنتكە ئورۇنلاشتۇردى . ئۇ دېگەن سىياسەت ، — دېۋىدى ، مەسۇم ئىسمىلىك دېھقان ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ :

— سىياسەت دېگۈچە ، بىر باشلىقنىڭ كۆچىتى دېگەنلىرى تۈزۈكمىكىن ! تۆت - بەش يىل بولدى . ھەريىلى ئەتىيازدا بىر باشلىقنىڭ كۆچىتىنى مەجبۇرىي پۇل قىلىپ بېرىۋاتىمىز ، — دېدى .

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ — دېدى ئابدۇغاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ . چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتكەن بوغالتىر ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . يىغىن كۆڭۈل-سىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى .

كەچتە ئابدۇغاپپار چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەل-دى .

— نېمە قىلسام قىلىپ ئۆسىمسەم ! ھېلىقى ئىمىن قوۋزان ، مەسۇم دېگەنلەرنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە ئۆچ ئالمىسام خەپ ! — دېدى ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ .

— نېمە ، يەنە ئۆسۈپ نەگە باراي دەيسىز ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن .

— يېزىغا ، ناھىيىگە ، ۋىلايەتكە ، ھەتتا ئاپتونوم بىلەن مەر-كەزگىچە …

— مەركەزگە بارغۇچە قومىچىڭىز قېتىپ قالارمىكىن ؟ — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ .
— سىز راست موللىنىڭ قىزىغۇ . ئۆمرۈمنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا ، پەللىمۇ ئۇسۇشۇمگە بەش ۋاخ دۇئا قىلىمەن ، — دېدى ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ .
شۇ پارلاق بولۇنۇۋاتقاندا توساتتىن ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، هويلىغا كەنتنىڭ بوغالتىرى كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولىدا بىر دۆۋە دەپتەر تۇراتتى .
— سېكرېتار ، ناھىيىدىن ئۆگۈنلۈككە مۇپەتتىش كېلىپ كەنتلەرنىڭ ئۆتكەن يىللىق ھېسابلىرىنى تەكشۈرگۈدەك ، — دېدى ئالدىراپ سۆزلەپ .
— ھە ، كەلسە كەلمەمدۇ . يەنە شۇ ئاۋۋالقى يىلقىدەك بۇرنىنىڭ ئاستىدا ئاغزى بار ئادەملەر كېلەر شۇ . سىز بەش پاقلاننىڭ كويىغا چۈشۈك . مەن بىر يەشكىتىن ھاراق- تاماكا تەييارلاپ قوياي ، — ئابدۇغاپپار ئۇنىڭغا شۇنداق ئەقىل كۆرسەتتى .
— داستىخان ئىشىغۇ ئوڭاي گەپ . دېمەكچىمەنكى ، ئەزالاردىن يىغقان چام ھەققى ، مائارىپ ھەققى ، سۇ ھەققى ، تۇياق بېجى ، يېزا يىغىمى ، ۋاكسىنا پۇلى ، تۇرلۇك جەرىمانە ئۇچۇن يىغىۋالغان پۇل ئىچىدىن ئىككى يۇز ئەللىك تۆت مىڭ يۈەننىڭ ئورنى يوق . ھە ... دېمەكچىمەنكى ، بىر يۇز ئەللىك مىڭ يۈەننى سىلى ، ئەللىك تۆت مىڭ يۈەننى دادۇيجاڭ ، ئەللىك مىڭ يۈەننى مەن ، ئىشقىلىپ ھەممىمىز چۆنتىكىمىزگە سېلىشقان . ئەمدى مۇشۇ پۇلغا قانداق ئىسپات يازساق بولاركىن دەپ ، بېشىم قېتىپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم ، — بوغالتىر خېلىلا جىددىيلەشكەندەك كۆرۈنەتتى .
ئابدۇغاپپار بىر كېرىلىۋېلىپ ئەسنىۋالغاندىن كېيىن :
— شۇنچىلىك پۇلنىڭ ئىشىمىدى ؟ ھە ، ماي ساتىدىغان

www.uyghurkitap.com

ياسىن دەججالىنىڭ چۆنتىكىگە ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەن تىقىپ قويۇپ بىرەر يۈز مىڭ يۈەنگە تراكتورغا ماي قاچىلىغانلىق توغرىسىدا ھۆججەت ئېلىڭ. يەنە باشقا پۇلغا ئۇ تەكشۈرۈشى، بۇ تەكشۈرۈشى، ئۇ مېھمان، بۇ مېھمانىنىڭ قىتىم سانىنى تەڭگە تەڭ كۆپەيتىپ، مال سېتىۋالغانلاردىن راستلىق ئۈچۈن ھۆججەت ئېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھېسابىڭىز ئېلىپتەك توغرىلىنىدۇ.

بوغالتىرنىڭ چىرايىغا سەل كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئېيتتى:

— كۆرسەتمە بەرگەنلىرىگە رەھمەت. مەن بىرىپ باشقا ھېساب ئىشلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇۋالاي.

— ھە يەنە بىر كىچە جاپا چېكىدىغان بولدىڭىز، بىز كادىرلار خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جاپا ئالدىدا، راھەتتە ئارقىدا تۇرىمىزغۇ، — ئابدۇغاپپار ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان گەپتىن قىلدى.

— ھە، شۇنداق ... شۇنداق! — بوغالتىر شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

ئابدۇغاپپار بوغالتىرنى ھويلىدىلا ئۇزىتىپ قويدى.

بوغالتىر كەتكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ:

— سانىيە بىلەن ئالىمجان كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىرتتا ئويناۋاتامدىكىن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ئويۇننى ئاز ئويناپ، دەرسنى ئوبدان تەكرار قىلسۇن.

— نۇرغۇن قېتىم دېدىم، گېپىم قۇلىقىدا تۇرمامدىكىنە، — دېدىم مەنمۇ خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

— مەن ئوبدانراق بىر ئەدەپلەپ قويمىسام بولمىغۇدەك.

ئارىلىقىمىزدا ئاشۇ پاراڭلار بولۇنۇۋاتقاندا باللار كىرىپ كەلدى.

بىر كۈنى ئابدۇغاپپار:

— كەنتنىڭ زاپاس قالدۇرغان بىر يۈز ئون بەش مو يېرىنى ھۆددە ئالدىم ، — دەپ كەلدى . مەن ئۇنىڭدىن :
— ئۆزۈم يالغۇز قانداق باشقۇرىمەن ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ ئاسمانغا بېقىپ بىر كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن :
— خاتىرجەم بولۇڭ . غول ئىشقا بىرىنچى ئەترەتنىڭ ئەزا-لىرىنى سالىمەن . ئوتاپ سۇغىرىشنى ئورمانچى ، ئازمىچى دېگەن-دەكلەرگە قىلغۇزىمەن ، — دېدى .
ئابدۇغاپپار ھۆددىگە ئالغان يەرلەرگە كېۋەز تېرىدۇق . مەن ئەمگەكچىلەرگە تاماق ئېتىپ بەردىم . ئۇلار پات - پات كېلىپ ئۇ يەرنىڭ پەرۋىشىنى قىلاتتى . ئابدۇغاپپار ئۇ يەردە بولۇق بول-غان پاختىنى بىر يۈز ئىككى مىڭ يۈەنگە ساتتى . بۇنىڭ بىلەن بانكىدىكى ئامانىتىمىز بەش يۈز مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى . شۇ كۈز كۈنلەردە قايسىدۇر بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى ئابدۇغاپ-پارنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى . ئابدۇغاپپار ماڭا مۇخبىرنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويغاچقا ، مەن ئاز - تولا تەييارلىق قىلىپ قويغاندىم . بىز ئۇ مۇخبىرنى ئوبدان مېھمان قىلدۇق . ئون نەچچە كۈندىن كېيىن ئابدۇغاپپار بوغال-تىر بىلەن بىر گېزىتنى كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا ئۆيگە كىردى . بوغالتىر بىزگە ئابدۇغاپپارنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان خەۋەرنى ئوقۇپ بەردى . خەۋەردە ئابدۇغاپپارنىڭ كوپىراتسىيىلد-شىش دەۋرىدە كاسىسىر بولغاندىن تارتىپ ھازىرقى سېكرېتارلىق-قىچە قەدەر خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلغان بولۇپ ، ئابدۇ-غاپپارنىڭ يېزا ، ناھىيە تەرىپىدىن ئىلغار بولۇپ تەقدىرلەنگەنلى-كى قاتارلىق بىر قاتار ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغانىدى .
ئابدۇغاپپار خەۋەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىزدىن خىجىل بولۇپ قىزارغىنىچە ئولتۇرالماي قالدى . بوغالتىر كەت-كەندىن كېيىن ئۇ ماڭا :

— زىۋىدە، توۋا دەيمەن. ئۇ مۇخبىر بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئاشخانىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. بىز ئوبدان ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ماختاپ خەۋەر يازىمەن دېگەنىدى. راست دېگەندەك، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئازراق يوقىلاڭ ئىشلارنى شۇنچىمۇ كۆپتۈرۈۋەتكەن بارمۇ، ھەي ...، — دەپ پۇشايمان قىلغاندەك ئەپسۇسلىنىپ قويدى.

ئۇنىڭ ئىلغارلىق ئىشلىرى گېزىتتە تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن توختاپ قالمىدى. يەنە ئون نەچچە كۈندىن كېيىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن يەنە ئادەم كېلىپ كەنت بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئابدۇغاپپارنى ماختۇزۇپ، ناھايىتى جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقان، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تىيىن پۇلىغا خىيانەت قىلمىغان، بىر تىيىن پارا ئالمىغانلىق ھەققىدە دېھقان ۋەكىللىرىنى گۇۋاھلىق ئۈچۈن سۆزلىتىپ سۈرەتكە ئېلىپ كېتىشتى - دە، بىر ھەپتىدىن كېيىن تېلېۋىزوردا كۆرسەتتى. ئابدۇغاپپار ئۆزىنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ شۇ ئاخشىمى مېنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ قويۇپ:

— زىۋىدە، مەن سىزنى كەنتنىڭ ئاياللار مۇدىرلىقىغا تەيىنلىمەكچىمەن، — دېگەنىدى، مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ:

— مەن ئۇنداق ئىش قىلالمايمەن، — دېسەم، ئۇ تېرىككەندەك قىلىپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن بۇرۇندىن خىزمەت قىلىشنى بىلمەيتتىم. مانا ھازىر مۇخبىرلار تەرىپىدىن ھەممىنى بىلىدىغان بولۇپ كۆرسىتىلىۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى ۋە، — ئەتە ئىشقا چۈشۈڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا كەنتنىڭ ئاياللار مۇدىرى بولۇپ قالدىم. ئابدۇغاپپارغا يېزا ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى ئوڭ كۆزدە قارايتتى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ھۆكۈمەت شتاتىغا

ئۆتۈپ، رەسمىي دۆلەت كادىرى بولدى. يەنە شۇ يىل ئاخىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان يېزا باشلىقىنى سايلاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. سايلامغا مەنمۇ ۋەكىل بولۇپ سايلانغانىدىم. سايلام ئېلىپ بېرىلغان تۈنجى كۈندە ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرۇپ چىرايلىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ يېزا يىغىن زالىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۇ سوغۇق كۈنلەر بولغاچقا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. ئەمما، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، كىشىگە جۇشقۇنلۇق بېغىشلايتتى. ئىككى قاسساپ يېزا قورۇسى ئىچىدىكى ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئىككى كالىنى سويۇۋاتاتتى. بۇ ھەر قېتىم سايلام ئۆتكۈزگەندە بولىدىغان ئىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئاغزى مايلىناتتى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ ئوچاقتا ناھايىتى چوڭ ئىككى داش قازان ئېسىلغان بولۇپ، ئاستىدىن ئىس ـ تۈتەك قارىيىپ ئۆرلەۋاتاتتى.

ۋەكىللەر قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك پەتلىرىنى مەيدىسىگە تاقىشىپ، يىغىن ئېچىلىدىغان زالغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. سائەت سەككىز بولغاندا بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغان ھېلىقى سىڭار كۆزلۈك ئادەم يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

شۇ كۈندىكى يىغىن ئۆزىنىڭ تەرتىپلىرى بويىچە داۋاملاشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغاندا سىڭار كۆز ئادەم بىزنىڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلغان ئىشخانىغا ئالدىراش ھالدا كىرىپ:

— ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، ئېسىڭلاردا باردۇ. چۈشتىن كېيىن بىلەت تاشلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ساندۇقتىن چىقىدىغان يېزا باشلىقى چوقۇم شتاتلىق دۆلەت كادىرى بولۇشى ھەم ئاساسىي قاتلامدا ئۇزۇن مەزگىل چېنىققان كەنت سېكرېتارى بولۇشى، ئىش ـ ئىزلىرى گېزىتلەردە يېزىلىپ، تېلېۋىزوردا كۆر-

ستىلگەن بولۇشى كېرەك ، — دەپ ئەسكەرتىش بەرگەندىن كې-
يىن چىقىپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ : «توۋا ، نىشان ئېنىق بولدىغۇ ، بۇ ئابدۇغاپپارغا يۈزدە يۈز بېلەت تاشلاڭلار دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ » دەپ ئويلاپ قالدىم .

چۈشتىن كېيىن بېلەت تاشلاش ئېلىپ بېرىلدى . سىڭار كۆز ئادەم بەلگە بەرگەندەك ، مەن ئويلىغىنىمدەك ئابدۇغاپپار ساندۇقتىن چىقىپ يېزا باشلىقلىقىغا ئېلان قىلىنغاندا زال ئىچە-نى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى تىترىتىۋەتتى . ئابدۇغاپپار خۇ-شال بولغىنىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغاندى .

## 16

بەلكىم ، ئابدۇغاپپار تۇغما مەرتىۋىلىك بولسا كېرەك ، ئۇ يېزىغا يۆتكىلىپ بىر ئايدىن كېيىن تېخىمۇ ئىناۋەتلىك بولۇپ كەتتى . چالا ساۋات بولسىمۇ گەپ - سۆزى مەن - مەن دېگەن نوچىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى . ئۇنىڭ يىغىندىكى نۇتقى ھەممىنى قايىل قىلاتتى . ئۇ تىرىشتى ، ئاخشاملىرى ئېلىپبەنى قولىغا ئېلىپ خەت يېزىشنى ، ئوقۇشنى مەشىق قىلىۋىدى ، ئۈچ ئاي ئىچىدىلا كاتىپ يېزىپ بەرگەن يىغىن نۇتۇقلىرىنى راۋان ئوقۇيا-لايدىغان ، ھۆججەت ۋە خەت - چەكلەرگە ئىسمىنى يازالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈردى . ئۇ ئەمدى بىر يېزىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ باشقۇرۇۋاتاتتى . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بەلگىلىنىدىغان ھالەت شەكىللەن-دى . دېمەك ، ئۇنىڭ ئايىغى يارىشىپ ، شۇ يىلى يېزىنىڭ مول-ھوسۇلى ئاشتى .

ئابدۇغاپپارنىڭ كىيىملىرىدىن ئەمدى ئەتىرنىڭ ھىدى تار-قىلىپ تۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ چېچىنى بۇدۇر قىلدۇرۇپ ياسى-تىشقا ئامراق بولۇپ قالغان بولۇپ ، ناس رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن قارا رەڭلىك شىبلىتى قەددىگە يېڭىچە ئىسكەت بېغىشلىغا-نىدى . چىرايىدىن بولسا خۇش تەبەسسۇم كەتمەيتتى . ئۇ دائىم روھلۇق كۆرۈنەتتى .

ئۇ يېزا باشلىقى بولۇپ يېرىم يىل ئۆتكەندە ئۇنى ئىزدەيدى-غانلار كۆپىيىپ كەتتى . ئابدۇغاپپار تولىراق ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقىدا يىغىنغا قاتنىشىمەن ، يېزىنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلى-مەن دەپ ، يېزىغا كەلسە كۈندە بىر يىغىن ئاچىمەن ، تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت قىلىمەن ، تەكشۈرىمەن ، يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش-كە كەلگەنلەرگە ھەمراھ بولىمەن ، تۈرلۈك ئۆمەكلەرنى ، مۇخ-بىرلارنى كۈتۈۋالىمەن دېگەندەك بىر قاتار مۇھىم خىزمەتلەر بىلەن بەكلا ئالدىراش ئۆتەتتى . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىكى مۇشكۇل ئىدى . نۇرغۇنلىرى ئاخشاملىرى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مەن بىلەنلا كۆرۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى . ئابدۇغاپپارنىڭ ھەپتە - ھەپتىلەپ قارىسىنى كۆرسەت-مەيدىغان چاغلىرىمۇ كۆپ بولاتتى . ئۇ چاغلاردا ئۇ ھەر كۈنى ئۆيگە تېلېفون بېرىپ تۇراتتى . ئابدۇغاپپارنىڭ خاس شوپۇرى ئۇنى سۈت رەڭلىك سانتانا بىلەن ئەتىگەن - كەچلەردە توشۇپ يۈرەتتى . ناھىيىگە بارسىمۇ ، تۆۋەنگە چۈشسىمۇ ئاشۇ ماشىنىدا باراتتى . بىر يىلدىن كېيىن بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى ئۇنىمى-غانغا ئۇنىماي تېخى پۈتكىنىگە ئۈچ يىلمۇ بولمىغان ، سېكرېتار چېغىدا ئەتكەن سەككىز ئېغىز ئۆي بىلەن ، بىر جۈپ ئايۋاننى چېقىپ تاشلىۋېتىپ ، ئورنىغا پىششىق خىش بىلەن كۆركەم ، ئازادە ۋە يورۇق بولغان يېڭى بىر يۈرۈش ئۆينى پۈتتۈرۈپ ، ئازغىنە كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى . ئۇ بۇ كىشى-دىن كۆپ مىننەتدار بولدى ۋە بۇ قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىگە يېزا

ئىچىدىكى چاقىدىغان ھەم يېڭى بىنا قىلىدىغان پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئاشۇ ھۆددىگەرگە بەردى . ھۆددىگەر ئابدۇغاپپارنىڭ ئۇ ياخشىلىقىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى ، پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى .

ئۇ سېكرېتار چېغىدا يۈز مودىن ئارتۇق يېرىمىزنى بىر ئەترەتنىڭ ئەللىك ئادىمى باشقۇرغان بولسا ، ئەمدى بەش يۈز مو يېرىمىزنى بىر كەنتنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەكچىسى باشقۇرۇپ بېرىۋاتاتتى . جاڭگالدا يۈز تۇياق كالىمىز بىلەن ، ئىككى يۈز تۇياقتىن ئارتۇق قويىمىزنى ئۈچ پادىچى بىلەن بەش چوپان قىش-ياز بېقىپ بېرىۋاتاتتى . ئامەت كەلسە ئىشىك - تۈڭلۈكتىن ئېتىپ ، پاتمىغانلىرى يوچۇقتىن كىرىپتۇ دېگەندەك ، ئاخشاملى-رى ئۆيىمىزگە بايلىق تۈكۈلۈشكە باشلىدى .

بىر كۈنى ئابدۇغاپپار بىلەن تاماق يەپ بولۇپ ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرساق ئىشىك چېكىلدى .

— كىرىڭ ، — دېدى ئابدۇغاپپار دىمىغىنى قىرىپ قويۇپ . ئىشىك ئېچىلدى . ئىشىكتىن قارامتۇل بىر ئادەم ئېگىلگە-نىچە سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى .

— قېنى ، بۇ ساپادا ئولتۇرسىلا ، — دېدىم ئۇ كىشىگە . ئۇ ئادەم ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ ئۆي ئىچىگە تەكشى قاراپ چىقتى .

— ئا شاڭجاڭ ، مەن خېلى - خېلى باشلىقلارنىڭ ئۆيىگە بارغان ، ھېچكىمنىڭ ئۆيى ئۆزلىرىنىڭ بۇ كاتتا ئۆيىگە يەتمەيدى-كەن . بۇ ساپا ، ئاۋۇ كۆركەم گىلەملەرچۇ تېخى ··· چەت ئەلنىڭ ئوخشايدۇ ، ھە شاڭجاڭ ؟ !

ئابدۇغاپپارنىڭ ھېچكىمگە ئوخشاشمايدىغان بىر مىجەزى بار بولۇپ ، نەرسىلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان ئادەمگە بەك ئامراق ئىدى . بۇگۇنمۇ ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كەتتى .

— شۇنداق ، ئۇ قىممەت گىلەملەرنىڭ بىر دانىسىنى ئىراد-

دىن بەش مىڭ يۈەندىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۇرگەن ، — دېدى
ناھايىتى ئېچىلىپ كۈلۈپ .
— ئا شاگجاڭ ، بۇ ئاغىنىدارچىلىقىمىز ئۈچۈن ··· ، — ئۇ
كىشى يانچۇقىدىن بىر باغلام يۈز كويلۇق پۇلنى ئابدۇغاپپارنىڭ
ئالدىغا قويدى .
— نېمە قىلىق بۇ ، بىز ئۆز ئادەملەر تۇرساق بۇنچە ئاۋارە
بولۇپ يۈرگەن بارمۇ ؟ — دېدى ئابدۇغاپپار بىردە ئۇ ئادەمگە ،
يەنە بىردە پۇلغا قاراپ .
— ئارانلا ئون مىڭ يۈەن ، لايىقىدا ئەمەس ، كۆپنىڭ ئورنىدا
قوبۇل قىلسىلا .
— ھە ، ئۇنداق بولسا كۆڭۈللىرىنى قايتۇرماي ··· خوتۇن
بۇ پۇلنى ئېلىپ قويۇڭلار ، — ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى .
مەن ئۇنىڭ قولىدىن ماڭا ئۇزاتقان پۇلنى ئالدىم - دە ، ھۇجرا
ئۆيىمىزگە چىقىپ ، ئۇ ئۆيدىكى تۆمۈر ساندۇققا سېلىپ قويدۇم .
بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىۋىدىم ، ئابدۇغاپپار ئۇ ئادەمگە
قاراپ :
— قېنى ئېيتسىلا ، نېمە قىيىنچىلىق بىلەن كەلدىلە ؟ —
دەپ سورىغىنىنى ئاڭلىدىم . ئۇ ئادەم :
— ئۈچ مۇشكۈل ئىشىمنى ھەل قىلىپ بېرەرمىكىن ، دەپ
كېلىۋىدىم ، — دېدى ئۇ ئادەم باشقىدىن ئېچىلىپ ئولتۇرۇپ .
— قېنى دېسىلە ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى ئابدۇغاپپار ئۇ
كىشىگە .
ئابدۇغاپپارنىڭ سوئالىدىن كېيىن ئۇ كىشى سەل تارتىنىپ-
راق ئېغىز ئاچتى :
— ئىككى يۈز مو بوز يەر ئاچقانىدىم . ئۇ يەرگە ئېرىق -
ئۆستەڭ ئېلىشتا قىيىنلىپ قالدىم . سىرتتىن ئەمگەك كۈچى
ئەكەلدۈرەي دېسەم ، ھەربىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈكىگە ئوتتۇز
يۈەن بەرسەم بولىدىكەن . ئېشىكىدىن توقۇمى ئۇزۇن دېگەندەك ،

تېخى بىرەر تال دان بەرمىگەن ئۇ يەرگە ئارتۇق پۇل خەجلەشكە ئىچىم ئاغرىدى. شۇڭا يېزىدىكى ئەمگەك كۈچىنى ئاجرىتىپ، ئۈچ - تۆت كۈن ئاشۇ ئىشىمغا سېلىپ بېرەمدىكىن، دېگەندىم، — ئۇ كىشى سەل توختىۋېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى، — يەنە بىر تەلىپىمنى ئېيتسام ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا. ئوتتۇرانچى ئوغلۇم بۇلتۇر ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ رەسمىيەتلەشكەندى. يول مېڭىپ يۇرۇپ يېزىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلدۇرغاندىم. ئۇ بالىنىڭ شۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغۇسى بار ئىكەن. شۇڭا مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە دەپ ئۇنى ئاشۇ ئارزۇسىغا بىر يەتكۈزۈپ قويغان بولسىلا سىلىدىن كۆپ خۇرسەن بولغان بولاتتىم. يەنە بىرى، چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئايالى بەشىنچى بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. ئۇ ھازىر پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىدىن قېچىپ، شەھەردە مۆكۈنۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ بالدىسىنى بىر ئامال قىلىپ قوغداپ قېلىشقا ياردەمدە بولۇپ بەرگەن بولسىلا تولىمۇ بەلەن بىر ئىش بولغان بولاتتى.

بۇ كىشىنىڭ بۇنچىۋىلا كۆپ تەلەپ - ئارزۇلىرى بارلىقىغا ھەيران قالدىم. ئابدۇغاپپار ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— خاتىرجەم بولسىلا، ھازىر قولۇمدا بىر يېزىنىڭ جىمىكى ھوقۇق - ئىمتىيازى بار. ياخشى ئىشنى يامانغا، يامان ئىشنى ياخشىغا ئۆزگەرتىۋېلىش قولۇمدىن تامامەن كېلىدۇ. بۇنىڭغا يوچۇق دېگەن جىق. بىرىنچى تەلەپلىرىگە قىش ئېيى چىقىپ كەتسۇن، توك ئېرىگەن ھامان قىلدۇرۇپ بېرەي. ئىككىنچى ئىشلىرىنى تېلېفون بىلەن جايلاپ بەرسەملا بولىدۇ. مائارىپ ئىدارىسى يېزىمىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنى تەيىنلەشتە ئاغزىمغا قارايدۇ. ئۈچىنچى ئىشلىرىغا كەلسەك، مەن كۆرمىگەن بولاي، كېلىنلىرى ئىچكىرى ئۆلكىگىمۇ ياكى باشقا بىر يەرگە بېرىپ شۇ يەردە تۇغۇپ چىقسۇن، قالغان ئىشلارغا مەن كېپىل

www.uyghurkitap.com

بولاي ،— دېدى . ئۇنىڭ ھەممىگە ئەنە شۇنداق كاپالەت بەرگىنىگە تېخىمۇ ھەيران قالدىم .

ئابدۇغاپپارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئۇ كىشىنىڭ چىرايىدا دەرھال خۇشال تەبەسسۇم پەيدا بولدى .

— رەھمەت شاڭجاڭ ئۇزلىرىگە ، كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ،— دېدى ھاياجان بىلەن ئابدۇغاپپارنىڭ چىرايىغا باشقىچە ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ .

ئۇ كىشىگە ئوخشاش ئادەملەر ئۆيىمىزگە كۈندە دېگۈدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بولدى . ئەلۋەتتە ، ئۇلار ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول كەلمەيتتى ، شۇنداقلا مەقسەتسىزمۇ كەلمەيتتى . ئابدۇغاپپار ئۇلارنىڭ دەردىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ، ھەربىرىنىڭ تەلىپىنى ئوخشاشمىغان ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ ئۇزىتىپ قوياتتى .

بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۆيگە ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى .

— تاتلىق خوتۇن ، ئۆز ۋاقتىدا مەھەللىدىكى ئىمىن قۇۋان ، مەسۇم دېگەن پايتىمىلار ئەزالار ئالدىدا پىكىر بېرىپ يۈزۈمنى تۆكۈپ ، خىزمىتىمگە پۈتلىكاشاڭ بولغىنى ئېسىڭلىدا بارمىكىن . مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلدى ،— دېدى ئۇ خۇشال ھالدا . ئۇنىڭ چىرايىدا باشقىچە بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ئاداۋىتىنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلگەچكە ، بىرەر يامانلىقنى سەزدىم - دە :

— ئۇلار بەك نامرات كىشىلەرغۇ ؟ ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتسىڭىز ياخشى بولماسمىكىن . سىز ئۇلارنى يۆلىمەكتە يوق ، ئۇلارنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقاي دېگىنىڭىزنىڭ ئۆزى نېمە گەپ ئەمدى ؟ — دەپ سورىدىم .

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى تېخىمۇ نامراتلىشىپ ئۆلسۇن ئۇ كاسكىلار. ئاڭ-
لىمىدىڭ تېخى، ئۇ نىجىسلارنىڭ كېلىنلىرى مۇددەتتىن بىر-
ئىككى ئاي بۇرۇن تۇغۇپ قويۇپتىكەن، ھەربىرىگە ئۇچ مىڭ
يۇەندىن جەرىمانە قويدۇم ھەمدە ئۆيىنى جاڭگالغا كۆچۇرۇۋېتىشنى
بۇيرىدىم. شۇنداق قىلىپ دەردىمنى ئالدىم دېگىنە، — دېدى ئۇ
ئېچىلىپ كۇلۇپ. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئۆچ ئېلىشىنىڭمۇ چېكى بولاتتى، ئابدۇغاپپار. بەك
ئاشۇرۇۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟ — دەپ سورىسام، ئۇ ھەسرەتلىنىپ
ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە:

— بۇنىڭلىق بىلەن تېخى ئاچچىقىم چىقمايۋاتىدۇ. يىللار-
دىن بېرى ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى قانداق تۇتارمەنكىن دەپ ئۇلارنىڭ
پېيىدىلا يۇرگەنىدىم، يا چوڭراق بىرەر چاتاق تېرىمىدى، ئۇ
كاسكىلار. ئەگەر تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئەسكىلىك قىلغان
بولسا بىراقلا قولغا ئالغۇزۇۋەتكەن بولسام تامامەن پۇخادىن چى-
قاتتىم ئەمەسمۇ، — دېدى.

مەن ئابدۇغاپپارنىڭ يېزا باشلىقى بولغاندىن بېرى كۇندىن-
كۇنگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئۇ
دېھقانلارنى قىلچىلىكمۇ كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، باي
ئادەملەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلى-
رى كۇندىن-كۇنگە باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاق بىلەن
قارىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىماي، ئۆز نەپسىگە تېخىمۇ بەك
چوغ تارتىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا بەزى كۇنلىرى مەست
بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ئىچ كۇيئوغۇللۇقىنى ئۇنتۇپ، «تالا
مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك ماڭا: «ئۆيدىن
چىق، مەن ياش قىزلارنى ئالىمەن» دەپ ۋارقىرايدىغان چاغلىرى-
مۇ بولاتتى. مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماي دەپ جىم
بولاتتىم. ئۇ ئەتىسى مەستلىكىدىن يېشىلگەندە، ئاشۇنداق گەپلى-
رىگە پۇشايمان قىلىپ، مەندىن ئەپۇ سوراپ تۇرۇۋالاتتى.

ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى باشقا بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئالىمجان ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ كەلدى . ئۇنىڭ خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغانىدى . بىز ئۇنىڭ قولىدىكى لاقالۇقىلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق .

— كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ كەپسەنغۇ ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇغاپپار ئالدىراپ .

ئالىمجان قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە پاققىدە تاشلىغاندىن كېيىن ، چىرايىنىمۇ ئاچماستىن :

— مەن ئەمدى ھەرگىز ئەپەندىچىلىك قىلمايمەن ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككىمىز ھەيران قالدۇق . مەن :

— بالام شۇنچە يىل ئوقۇدۇڭ ، ئەمدى بۇ نېمە گەپ ؟ — دەپ سورىدىم جىددىيلىشىپ . ئابدۇغاپپارمۇ سورىدى :

— بىرەر چاتاق تېرىمىغانسەن - ھە ؟ !

ئالىمجان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ :

— سىلەرگە ھەممە ئەھۋالنى ئېيتمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ . ھازىرقى جاھاندا ئوقۇتقۇچى بولغۇچە دېھقان بولغان ياخشىكەن . ئوقۇتقۇچىلىق دېگەننىڭ مەھەللە مۇدىرىچىلىكمۇ ئىناۋىتى يوق بىر خىزمەت ئىكەن ، جاپاسىچۇ تېخى . بىر سىنىپنىڭ ھەممە دەرسلىرىنى ئۆزۈم يالغۇز تەييارلىدىم ، يالغۇزلا ئۆتتۇم ، ھەتتا سىنىپ مۇدىرى بولدۇم . مەكتەپكە كەلمىگەنلەرنى ئەكېلىش ، سوقۇشقانلارنىڭ سوقۇشىنى ئايرىش ، ئۇلار بىلەن ئائىلە سۆھبىتى قىلىش ، ئۆگىنىش قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ ، خۇدانىڭ ئاق تاڭ ئاتقان كۈنى بۇ خىزمەتلەردىن باش كۆتۈرەلمىدىم . تېخى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك قاسساپنىڭ پارچە جىگىرىدەك ھەممە ساھەگە تەقسىملەندىم . كەنتلەردىكى چالا ساۋاتسىز كادىرلارنىڭ خەت - چەكلىرىنى يېزىش ، مەھەللە مۇدىرىنىڭ ئالدىغا

چۈشۈپ ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىش ، ئەترەتتە ئىشلەپ-
چىقىرىش ئەمگىكىگە يېتەكچىلىك قىلىش ، قوش دەم ئېلىش
كۈنلىرىدە يېزا چاقىرغان يىغىن ، ئەمگەكلەرگە قاتنىشىش دېگەن-
دەك بىر تالاي ئىشلارنىڭ بېسىمىغا پەقەت چىدىيالمىدىم . مەن
يا تۆمۈر ئادەم بولمىسام ؟ شۇنچە كۆپ خىزمەتنى قىلىپ جېنىمنى
نېمانچە قىينايتتىم ؟ يا مەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرمىسەم ، دېگەن-
لەرنى ئويلاپ ، ئاخىر ئوقۇتقۇچى بولمايمەن دەپ ئىستېپانامە
يېزىپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم شۇ .

بىر ئالىمجاننىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتقان ئۇ سۆزلىرى-
نى ئاڭلاپ سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشىشىپ ئولتۇرۇپ كەت-
تۇق . بىر ئازدىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئابدۇغاپپار
بۇزۇپ ، ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى :

— ئوغلۇم ، قارىغاندا نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپسەن . يۈرە-
كىم تازا ئېچىشتى . بىراق سەن ياش بولغاندىكىن بەرداشلىق
بەرسەڭ بولاتتى . سېنى ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئىمتىھانىدىن ئۆت-
كۈزىمەن ، دەپ يول مېڭىپ تاپىنىم قاپىرىپ كەتكەن . شۇڭا ماڭا
مەسلىھەت سېلىپ تېلېفون قىلغان بولساڭ ، مەن ساڭا يۆتكەشكە
يول ماڭاي ، يەنە بىر مەزگىل چىدىغىن دەپ تەسەللى قىلاردىم .
ئىستېپانامە يېزىپ بېرىپ نەچچە يىل ئوقۇغان ئەجرىڭنى بىكار
قىلىۋېتىپ قايتىپ كەلگىنىڭنىڭ ئۆزى بۇ ئوبدان بولمىغىنى .

— دادا ، — دەپ دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى ئالىمجان ، —
ئەگەر مېنى بۇ يەرگە يۆتكىۋالساڭمۇ ، ئۇنداق ئىناۋەتى يوق
خىزمەتنى ھەرگىز ئىشلىمەيتتىم . ئاددىيسى ، مۇشۇ ئۆي ئىچىدە-
نىلا مىسال قىلىپ ، دادا - بالا ئىككىمىزنى سېلىشتۇرۇپ با-
قاي : ئېيتە دادا ، سەن مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ ؟ ياق . سەن ھېچقان-
داق بىر مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ بىر يېزىغا شاڭجاڭ بولدۇڭ .
نۇرغۇن ئادەمنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا . ساڭا خوش - خوش
دەيدىغانلار شۇنچە كۆپ . ئۆيگە كېلىپ ساڭا يېلىنىدىغانلارنىڭمۇ

ھېسابى يوق . مەخسۇس ماشىنىدا ئولتۇرۇپ راھەتتە خىزمەت قىلىسەن . مەنچۇ ؟ ئون بەش يىل مەكتەپتە جاپالىق ئوقۇشۇم ئاشۇ ئەرزىمەس ، ئىناۋەتسىز ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى قىلىش ئۈچۈنمىدى ؟ ھۆكۈمەت ماڭا يا موتسىكلىت بولسىمۇ ئېلىپ بەر-مىسە ، يا ئازراق بولسىمۇ كەلدى - كەتتى چىقىمىمنى ئاتچوت قىلمىسا . شۇ ئازراق مائاشتىن بۆلەك ھېچقانداق نەپ بولمىسا . بولدى نەپ دېگەنلەرنى بىر چەتتە قويۇپ قويايلى ، ھەتتا ھۆكۈمەت بېرىشنى تەستىقلىغان مۇقىم مائاشىمۇ قولغا ساق تەگمىسە . بەر-گەن ئايلىق مائاش ئاي ئاخىرىغىچە يېتىشمەي ، قەرز ئالماي كۈن ئۆتكۈزگىلى بولمىسا ، شۇنداق ئىكەن ، كىمنىڭمۇ بۇ خىزمەتتىن رايى يانمايدۇ ؟

— راستىنلا شۇنداق جاپالىق خىزمەتمۇ ئۇ ؟ — دەپ سورى-دىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەي ،— راستىنلا سەن دېگەندەك جاپالىقمۇ ؟

ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ دېدى :

— شۇنداق ئانا ، ئۇ ئىنتايىن جاپالىق ھەم قەدىرسىز خىز-مەت ئىكەن . ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ سالغان شور پېشانە ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان خىزمەت ئىكەن ئوقۇتقۇچى-لىق دېگەن .

ئابدۇغاپپار ئىككىمىزنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تا-راملاپ چۈشتى .

## 17

يېزا دېگەن چوڭ ئالتۇن كان ئىكەن . يۇقىرىدىن بەرگىنى-مۇ ، كەنتىمىزدىن يىغقىنىمۇ ئابدۇغاپپارنىڭ تەستىقىسىز چىقىم بولمايدىكەن . ئۇ نۇرغۇن پۇلنى ئۆزىنىڭ تەستىقى بىلەنلا بېرەلە-گەنلىكى ۋە بىر بۇيرۇق بىلەنلا يىغالىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر

ئارىسىدا ئىنتايىن ھۆرمەتلىك ئىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشىدىغان بولدى . نېمىشقا دېسەڭلار ، .دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش چاقىرىقى چىقىرىلدى . دېھقانلار ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەندىلا باشقا كىشىلەرمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يېتەتتى . يۇقىرىدىن نامراتلارغا بېرىلىدىغان مەبلەغ كېلىشكە باشلىدى .

بىر كۈنى ئابدۇغاپپار ئۆيگە كىرىپلا :

— توۋا ، ھۆكۈمەت نېمانچە مەردلىشىپ كېتىدىغاندۇر دەيە. مەن ؟ يېزىغا نەچچە مىليون پۇل كەلدى ، بۇ پۇللارنى دېھقانلار. نىڭ بېيىشىغا ئىشلىتىڭلار دەيدۇ . دېھقان دېگەننىڭ قورسىقى تويسىلا بولاتتىغۇ ؟ ئۇلارغا شۇنچە ھەشەم ـ پەشەم قىلىپ بېرىش يارىشامدۇ ؟ — دېدى .

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ :

— «خۇدا بەرسە خۇداۋەندىكام چىدىماپتۇ» دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ ، دېھقان باياشات ياشىسا ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دېسەم ، ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ :

— دېھقان دېگەننى بېدىدەك ئورۇپ تۇرۇپ ئۆستۈرىدىغان گەپ ئىدى . ئۇلارنى باش كۆتۈرگىلى قويمىساق ، سېغىن كالىنى ساققاندەك سېغىپ تۇرساق ئاندىن باشقۇرماق ئاسان بولاتتى . ئەگەر ئۇلار ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ قالسا ، مېنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ ئەمەسمۇ .

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ، دېھقانلار بېيىسا سىزدىن تېخىمۇ بەك مىننەتدار بولامدۇ تېخى ، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى. گە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ .

ئابدۇغاپپار بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ، بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرغان. دىن كېيىن :

— كۆپ ئويلاندىم ، ياردەمگە كەلگەن بۇ پۇلنى بايلارغا بېرىپ ئارىدىن پايدا ئالالايمىكىن دەۋاتىمەن ، — دېۋىدى ، ئۇنىڭ بۇنداق شەخسىيەتچىلىكىگە نارازى بولغان ھالدا :

— ئۇنداق قىلىسىڭىز ، دېھقانلار بىلىپ قالسا ئەرز قىلمامدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى :

— ھەرقانچە چوڭ ئەرز قىلسا «چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە » دېگەندەكلا بىر ئىش بولىدۇ . ناھىيىدە تونۇش - بىلىشلىرىم ناھايىتى كۆپ . ئۇلار تېخى خەقلەر يازغان ئەرزنى قولۇمغا بېرىدۇ ئەمەسمۇ .

— مېنىڭچە ، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ ، — قورسىقىڭىز ئۇنداق تار بولمىسا بوپتىكەن . مەبلەغنىڭ ئازراق قىسمىنى بولسىمۇ ئۇلارغا تارقىتىپ بېرىڭ ، شۇنداق قىلسىڭىز دېھقانلار سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ چوقۇم ، ئىناۋىتىڭىزنىمۇ قىلىدۇ . ھەممىسى ناھايىتى خۇشال بولىدۇ .

— خوتۇن ، تازىمۇ كەم ئەقىلكەنسىلەر . يۇقىرىنىڭ ئۇ پۇللارنى دېھقانلارغا بېرىڭلار دېگىنى كۆڭلۈمگە پەقەت ياقمىدى . ئۇلار بېيىسا ، ھالىلىق سەۋىيىگە يەتسە مەن قانداق چىداپ تۇرالايمەن ؟ تېخى ئاڭلىسام ھەتتا باجنى ، سىرتقى ئەمگەك مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلارمىش . بۇنداق قىلىش خۇددى يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەندەك ئىش بولمامدۇ ؟ مېنىڭچە ، قەدىمدىن تارتىپ قايسى ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىن باج - سېلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن ؟ ئۇنداق قىلماي ئۇلارنىڭ گەدىنىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى . مانا ئەمدى بۇ ھۆكۈمەت ئېلىڭلار دېمەي ، بېرىڭلار دەۋاتىدۇ . بۇ قاراپ تۇرۇپ ئالجىغانلىق ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ ناھايىتى بەك ھەسرەتلىنىپ . ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بۇنچىۋىلا تارلىقىغا ئاچچىقىم كېلىپ :

— سىز يۇقىرىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم بولغاندىكىن ، ئۆيۈڭدىن ئېلىپ چىقىپ بەر دېمىگەندىكىن ، دېھقانغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىسىز ؟ بىزنىڭ ئەسلىمىزمۇ دېھقان ئەمەسمۇ ؟ «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما ، شىرچورۇقۇڭنى قۇرۇت-

ما» دېگەن ماقال بارغۇ ، ئەسلىي كۈنىمىزنى بۇنداق ئۆتۈپ كەت-
سەك خۇدا بىزنى جازالايدۇ ! — دېدىم ئۇنىڭغا .
— بوپتۇ ، سىز دېگەندەك خۇدا ئۇرمىسۇن بىزنى ، گېپى-
ڭىزنى ھۆل بولغۇدەك ، ئەمما ئاشقازىنىمغا بارمىغۇدەك يالىتىپ
قوياي ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ .
ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، ئابدۇغاپپار بىر
نەچچە ئادەمنى باشلاپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسام ئۇنىڭ مۇخبىر
ئاغىنىلىرى ئىكەن . ئۇلار تاماقتىن كېيىن سىرتقا ماڭدى . «ئۇ-
لار نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟» دەپ ئويلاپ دەرۋازا ئالدىغا چىق-
سام ، بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا لىق ئاق ئۇن قاچىلانغا-
نىكەن . شۇ كۈنى ئابدۇغاپپارنىڭ باشچىلىقىدا يۈك ماشىنىسىنىڭ
كوزۇپىدىكى ئۇنلار نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسىغىچە يەتكۈزۈل-
دى .
توۋا دېگۈم كېلىدۇ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ، تېلېۋىزور كۆ-
رۈپ ئولتۇرسام ئابدۇغاپپارنىڭ مېھرىبانلىق ، كۆيۈمچانلىق يې-
غىپ تۇرغان چىرايى ئېكراندا كۆرۈندى . ئۇ ئۆز قولى بىلەن
دېھقانلارغا ئۇن تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى . ئۇن تاپشۇرۇۋالغان بىر
موماي مۇخبىرغا :
— ئابدۇغاپپار شاڭجاڭ مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمدەكلا . ئۇ مېنى
ئۇزاقتىن بېرى ئۆز ئانىسىدەك كۆرۈپ ئۇن ، ياغ بېرىپ ھالىم-
دىن ياخشى خەۋەر ئالدى . مۇشۇنداق كادىرغا كۆپتىن - كۆپ
رەھمەت ! ... ، — دېدى - دە ، يىغلاپ كەتتى .
تېلېۋىزورنى كۆرۈپ بولۇپ ، «توۋا ، ئابدۇغاپپار نېمانچە
ياماندۇ ؟ ...» دېگەن خىياللارغا بەند بولۇپ ئولتۇرسام ، ئابدۇغاپ-
پار سىرتتىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە چاپىنىنى سېلىپ ماڭا
تۇتقۇزۇپ قويدى . مەن ئۇنىڭ چاپىنىنى ئىلغۇچقا ئىلىپ قويۇۋې-
تىپ ، ئۇنىڭغا :

— نامراتلارغا ئۇن تارقاتقانلىقىڭىز ھەققىدىكى خەۋەر تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى، — دېدىم ۋە كۈلۈپ قويدۇم. گېپىمنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ كۈلكىدىن نۇرلاندى ۋە ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ:

— تېلېۋىزوردا قانداقراق كۆرۈندۈم؟ — دەپ سورىدى.

مەن:

— ناھايىتى مېھرىبان، نامراتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قاياشىدەك كۆرۈندىڭىز. تاس قالدىم سىزنى تونۇيالمىغىلى، — دېسەم، ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن:

— ھە، ئازغىنە ئىش قىلىپ كۆپنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش دېگەن شۇ، ھېلىقى موماي مېنى ماختىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماختىدى، تېخى سىزنى ئۆز ئوغلىغا ئوخشاتتى، — دېسەم، ئۇنىڭ چىرايى شۇ زامان تۇرۇلدى.

— توۋا، ئەجەب مۇخبىر ئاداشنىڭ ئېسىدىن چىقىپتا، ئاشۇ يېرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار دېگەن تۇرسام، ھەي يەنە شۇ تېتىقسىز گەپ! — دېدى ئۇ بىئارام بولۇپ.

— ئوغلۇم دېگىنى سىزنى ھۆرمەتلىگىنى، شۇنىڭغىمۇ ئاچچىقلىنامسىز؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— ئوغلىنى تېپىپ ئوغلۇم دېسۇن ئۇنداق مومايلار. مەن دېگەن پۈتۈن بىر يېزىنىڭ شاڭجاڭى، — دېدى ئاچچىقلاپ.

مەن باشقا گەپ قىلماي جىم ئولتۇردۇم. شۇ ئارىدا توساتتىن ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى ئابدۇغاپپار بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئۆيگە تولۇمدەك سېمىز، گەزنە يۈز بىر ئادەم كۈلۈمسىرىگىنىچە پەيدا بولدى.

— ھە تۇداخۇن، نېمە گەپ بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئابدۇغاپپار ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

— مۇھىم بىر تەقسىمات ئىشىدىن يوليورۇق سوراي دەپ

www.uyghurkitap.com

كېلىشىم ، — دېدى تۇداخۇن ئىسمىلىك ئۇ كىشى ساپادا ئولتۇ-
رۇۋېتىپ . مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چاي دەملەپ ئەكەلدىم . ئابدۇغاپپار
ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىۋېتىپ :
— يەنە شۇ مەبلەغ پۇللىرىنى تەقسىملەش ئىشىمۇ ؟ — دەپ
سورىدى .
— شۇنداق ، — دېدى ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ .
ئابدۇغاپپار تازا بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ ئېيتتى :
— ئىلگىرى دېھقانلاردىن يىغىدىغاننى يىغىپ بولالماي ئاۋارە
ئىدۇق . مانا ئەمدى ئۇلارغا بېرىپ بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتىمىز .
بېرىپ ئادەتلەنمىگەچكە بەرگۈمىز كەلمەيۋاتىدۇ . مەن شۇنداق
ئويلاپ قالدىم ، هازىر يۇقىرىنىڭ خەزىنىسىگە پۇل پاتماي بەرگەن-
لى ئادەم تاپالماي ، بېشى تازا ساراڭ بولۇۋاتقان چېغى . مۇشۇ
بىر ئاي ئىچىدە تۆت تۇر بويىچە بىر نەچچە مىليون پۇل كەلسە
ئادەمنىڭ ئەقلى هەيران قالمامدۇ ؟ كىمگە بېرەيلى ، كىمگە
بەرمەيلى ، دەپ بولغۇچە سىلىنىمۇ پۇل بېسىۋالغىلى
تۇردى ـ هە…
— شۇنداق … شۇنداق ، — دېدى تۇداخۇن ۋە تۇكۇرۇكىنى
يۇتقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مەن خەلق ئىشلىرى
خىزمىتى بىلەن يىگىرمە يىل شۇغۇللاندىم ، بۇ يىلقى خىزمىتىم
يىگىرمە يىللىق خىزمىتىمنى بېسىپ چۈشىدۇ . ماڭا ئاراملىق
يوق دېسىلە . شۇڭا يانلىرىغا مۇنچە كەچتە كېلىشىمدىكى مەقسەت
يەنە شۇ خىزمەت ئۈچۈن . هازىر قولۇمدا جىددىي تارقىتىشقا
تېگىشلىك تۆت خىل پۇل بار . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، نامراتلارغا
سەككىز تۇياقتىن قوي تارقىتىپ بېرىش ، ئىككى تۇياقتىن كالا
ئېلىپ بېرىش ؛ ئىككىنچىسى ، نامراتلارنىڭ باغۋەنچىلىكىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا تال جازىسى ياساپ بېرىش ؛
ئۈچىنچىسى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە ئازما سېلىپ بېرىش ؛ تۆ-
تىنچىسى ، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئەللىك كۋادرات مېتىرلىق

ۋە ئوتتۇز كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدىن سېلىپ بېرىش . مۇشۇ تۆرلەر بەكلا جىددىي بولۇپ قالدى . لايىھىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بەرگەن بولسىلا .

ئابدۇغاپپار تۆداخۇننىڭ قولىدىكى بىرقانچە بەتلىك جەدۋەلنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن :

— بۇ تۆرلەرنىڭ تەقسىماتى ناھىيىنىڭ دېگىنىدەك بولىۋەرسۇن . ئەمما بىز ئەمەلىيەتكە بېقىپ ئىش قىلايلى . دېھقانلار نامرات ئەمەس ، يېزىلىق مالىيە نامرات ، جۈملىدىن بىزمۇ نامرات . شۇڭا يېزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن سەككىز تۇياق ئۈچۈن تۆت تۇياق ، ئىككى تۇياق ئۈچۈن بىر تۇياق بولىۋەرسۇن . قالدى تۆرلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي ، ئەللىك پىرسەنت كېمەيتىپ لايىھە ئىشلىسىلە .

— خوش ... خوش ... دېگەنلىرىدەك قىلاي ، — تۆداخۇن ئابدۇغاپپارنىڭ قولىدىكى جەدۋەلنى ئېلىپ قاتلىغىنىچە يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى . ئابدۇغاپپارمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ :

— تۆداخۇن ، ئەمىسە ئەسلىرىدە بولسۇن . ئەللىك پىرسەنت نامراتلار مەبلىغىنى سىز ۋە مەندىن باشقا ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن ، — دەپ جېكىلىدى .

تۆداخۇن ئۆيدىن باش لىڭشىتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن :

— ئەللىك پىرسەنتنى ئىككىڭلار يۇتۇۋالساڭلار ھۆكۈمەت بىلىپ قالامدۇ ؟ ئۆيگە قانداق سىغىدۇ ؟ — دەپ سورىسام ئۇ :

— بىلىپ قالمايدۇ . ناۋادا بۇ پۇل ئۆيگە سىغمىسا بانكا جىققۇ ، — دېدى ئۇ غېمىدە يوق كۈلۈپ .

— ھەرقانداق ئىش ئۆز چېكىدە بولسا بولاتتىغۇ ، — دېيىشىمگە ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ :

— ئارتۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ،

پۇل كۆپ بولسا ھەتتا ھوقۇقنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ، —
دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— نېمە؟ سىز يەنە ئۆسەمسىز ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن :

— ھەي ، نېمانداق ئۇنۇتقاقسىلە خوتۇن ، بۇرۇن سىلىگە
بارغانسېرى يۇقىرىغا قاراپ ئۆسكۈم بار دېمىگەنمىدىم ؟ — دېدى .

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن ! ··· شۇنداق دېگەنىدىڭىز راست .
بىراق مەن ئۇنى چاقچاقمىكىن دەپتىكەنمەن ، — دەپ قويدۇم .

— ئۇنداق ئىشلاردا چاقچاق قىلىپ يۈرۈيدىغان كىچىك بالا
ئەمەسمەن جۇمۇ مەن دېگەن ، — دېدى ئۇ مەقسىتىنى تېخىمۇ
يالىڭاچلاپ . مەن ئۇنىڭدىن :

— بانكا ئامانىتىمىز قانچە بولدى ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ
بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— بۇنى سوراپ قالدىڭلىغۇ ؟ — دېدى ماڭا باشقىچە نەزەردە
قاراپ .

— بۇنى سورىشىمدا مېنىڭ باشقا نىيىتىم يوق . جان تەنگە
ئامانەت دەپتىكەن . ھايات دېگەن سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئوخشاي-
مىش . ئۆلۈم ياشقىمۇ ، قېرىغىمۇ بار دەيدۇ . ئۆمرىڭىزغۇ ئۇزۇن
بولار . ناۋادا تۇيۇقسىز ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ···

— ھە چۈشەندىم ، چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ سۆزۈمنىڭ
ئاخىرىنى كۈتمەيلا ، — سۆزۈڭلار ناھايىتى ئورۇنلۇق . جاھان
ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس . ئەمما مېنىڭغۇ ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرگۈم بار . ماڭا قانچىدىن قانچە دۇئا قىلىپ قويۇڭلار . ئۆمە-
رۈمنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەڭلار . چۈنكى ، ھەر كىمنىڭ
ئاياللىنىڭ دۇئاسى ئېرىگە ئۈچ كۈندە ئىجابەت بولارمىش . خوش ،
سىلى سورىغان پۇلغا كەلسەك ، ھازىر بانكىدىكى ھەممە پۇل
يىگىرمە سەككىز مىليون بەش يۈز ئەللىك سەككىز مىڭ يۈەن
بولدى . مەن ئۇ پۇللارنىڭ مەخپىي كارتىسىنى ساقلاشقا بېرەي .

بىراق بىزدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىسۇن ، ھەتتا ئوغلىمىز ئالىممۇ بىلمىسۇن .

— ماقۇل ، بۇ مەخپىيەتلىكنى سىر تۇتىمەن . يەنە بىرسىندمۇ ئېيتىۋېتىمگە ، بايا تۇداخۇن بىلەن دېيىشكەن ئەللىك پىرسەنت پۇلدىن سىزگە قانچە پۇل تېگىدۇ ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ كۆزىنى بىردەم يۇمۇپ ئويلىۋالغاندىن كېيىن :

— يەتمىش پىرسەنت پۇل دېگەن تەخمىنەن سەككىز - توققۇز مىليونغۇ دەيمەن ، — دېدى . ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ماڭا تىترەك ئولاشتى .

— نېمە ؟ ئۇ پۇل پاش بولۇپ قالىدىغان ئىش بولسا ، ئائىلىمىز تۈگىشىدۇ ، — دېدىم قورقۇمسىراپ . ئۇ ماڭا پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇپ :

— توۋا ، بۇنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار دەيسىلە ؟ ئۇنى مەن ، سەن ۋە تۇداخۇن بىلىدىغان ئىش . ھەممىمىز ئۆز ئادەملەردىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى مەبلەغ بېرىشنىلا بىلىدۇ . ئانچە بەك زىغىرلاپ ۋە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ . تەكشۈرىدىغانلار مېھمان بولۇپ كېتىدۇ شۇ . نەگە ئىشلەتتى ، ئىشلەتمىدى ، دېگەن مەسىلىدە مېنىڭ دوكلاتىملا ھېساب ، — دېدى .

— ئىشقىلىپ ، چاتاق چىقمىسىلا خاتىرجەم بولىمەن ، — دېدىم ئۇنىڭغا . ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ مېنى ئۆزىگە تارتتى .

— ئوغلىمىزنىڭ ئىشى بېشىمنى تازا قاتۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدىم ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ .

— توغرا ، ئۇ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسا ياخشى بولاتتى . ئۇنىڭغا نەسىھەت يا كار قىلمىسا . ھاكىم ئارقىلىق ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شتاتىنى بۇ يېزىغا يۆتكىۋېتەيمىكىن ، — دېدى گېپىمگە جاۋابەن .

— ئۇ ئۆلسەممۇ ئوقۇتقۇچى بولمايمەن ، دەيدۇ ، — دېدىم ئۇنىڭغا .

— ئوقۇتقۇچى بولمىسا، كىرىم تاشلاپ بېرەي، تىجارەت قىلسۇنمىكىن ـ يا!

— ئۇ تىجارەتكىمۇ قىزىقمايدىكەن. مۇزىكىغىلا قىزىقىدىكەن.

— ئۇنىڭ يا ساز ـ پازدىن قىلچە خەۋىرى بولمىسا. ھەئە، توغرا، مەن ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. ئۇ مەكتەپتە ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەچكە باشقىلارنىڭ كۆزىگە تىكەن بولۇپ كۆرۈنگەن گەپ، شۇڭا ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتكىلى بولماس، ئۇ خىزمەتتىنلا ياراتمىغان گەپ.

— ئوغلىمىز نېمانچە چىدىماس، يارىماس ـ ھە! ئۇنداق قىيىنچىلىقلارغا بىر مەزگىل بەرداشلىق بەرگەن بولسا كېيىن بارا ـ بارا ئۆسۈپ مەندەك شاڭجاڭ بولاتتى ئەمەسمۇ.

— راست، ئۇنىڭ شاڭجاڭ بولغۇسى باردەك قىلىدۇ.

— نېمە؟ شاڭجاڭ بولۇش شۇنچىۋالا ئوڭاي ئىشمۇ؟ ئاساسىي قاتلامدا بىرنەچچە يىل جاپالىق چېنىققاندا، ھەر جەھەتتىن پىشقاندا، ئادەم باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاشقاندا، ئاندىن شاڭجاڭ بولغىلى بولىدۇ. ئۇ ھازىر ئۆزىنىمۇ باشقۇرالمايۋاتسا، بىر يېزىدىكى نۇرغۇن ئادەمنى قانداق باشقۇرىدۇ؟

ئابدۇغاپپار بىلەن ئىككىمىز ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئۇخلاپ قالدۇق.

يىل ئاخىرى ئىدى. يېزا يىغىن زالىغا يېزىنىڭ ھەممە كادىرلىرى جەم بولدۇق. ئابدۇغاپپار سۆزگە تەكلىپ قىلىنغاندا ھەممىمىز ئالقىش ياڭراتتۇق. ئابدۇغاپپار قىسقىلا بىر يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن:

— يولداشلار، — دېدى يىغىن قاتناشچىلىرىغا تەكشى بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، — يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «نەپەسلىنىش ھەققى» ۋە «نۇر ھەقـ

قى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەقنى يىغىشنى قارار قىلدۇق . ئويلاپ كۆرسەك ، بۇ ئىككى خىل ھەق قەدىم ئۆتمۈشتىن تارتىپ يىغىپ كېلىنىۋاتقان «سۇ ھەققى» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ھەق ئىكەن . بىز بۇ بايلىقنى بۇرۇنراق بايقاپ يىغىشنى ئادەت قىلغان بولساق ، يېزا مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولمايتتى ، قىزىل رەقەممۇ كۆرۈلمەيتتى . بىز ھېلىمۇ ئۆتكەنگە سالاۋات دەپ ئۇ ھەقلەرنى دېھقانلاردىن دەرھال يىغىشنى قارار قىلدۇق . يولداشلارنىڭ بارلىق چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ ، ۋەزىپىنى بالدۇرراق ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . ھازىر دېھقانلارغا يۇقىرىدىن تۈرلۈك بېيىش مەبلەغلىرى كېلىپ ، ئۇلار تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا ، يېڭى ئۆيلەرگە ، چارۋا ـ مال ، تېلېۋىزور ۋە تۈرلۈك ھال سوراش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە . ھازىر ئۇلار بېيىپ كەتتى . بىز ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەن تىلغا ئالغان ھەقلەرنى دەل ۋاقتىدا تولۇق يىغىۋالساق ، يېزا مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەمنى يوقاتقىلى بولىدۇ ھەمدە يېزىمىزنى بېيىتىپ بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ . كۆپچىلىك مەن تىلغا ئالغان «نەپەسلىنىش ھەققى» ، «نۇر ھەققى» دېگەن ئۇ ئاتالغۇلارنى تازا ئوبدان چۈشەنمىسە كېرەك . مەن ئۇ تۈرلەر ھەققىدە يىغىن قاتناشچىلىرىغا كونكرېت چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي ، «نەپەسلىنىش ھەققى» دېگىنىمىز ھاۋا ھەققى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . يولداشلار ، بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە بىلەن نەپەسلىنىۋاتىمىز ؟ ئەلۋەتتە ، ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلىنىۋاتىمىز . يېزا تەۋەسىدە بىر يىلدىن بۇيان ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئادەم ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلەندى . بىراق يىغىدىغان ھەقنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن كەنتتىكىلەردىن ئۆلگەنلەرنى تىزىملاپ ، ئۇلارغا ئايرىم جەدۋەل تۇرغۇزۇش كېرەك . قانچە ئاي ، قانچە كۈن ، قانچە سائەت ، قانچە مىنۇتقىچە نەپەسلەندى . بۇلارنى راستى بىلەن ئېنىقلاش زۆرۈر . ئۇلار ھايات چېغىدا قانچىلىك نەپەسلەنگەن بولسا ، شۇن-

چىلىك نەپەسلىنىش ھەققى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان-
لىرىدىن يىغىش كېرەك . ئەمدى ئۆي ھايۋانلىرىغا كەلسەك ،
ئۇلارمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش نەپەسلىنىدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر
بىرىگە ئايرىم ھەق چېچىش كېرەك . ئەمدى «نۇر ھەققى»گە
كەلسەك ، «نۇر ھەققى»دەل قۇياش نۇرىغا قارىتىلغان . يولداش-
لار ، ئويلاپ بېقىڭلار ، ئەگەر قۇياش بولمىغان بولسا ،
ئۇ يورۇقلۇق چىقىرىپ بەرمىگەن بولسا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ
پەرقى بولامتى ؟ جاھاندا ھاياتلىق مەۋجۇت بولارمىدى ؟ ئەلۋەتتە
بولمايتتى . ئالەم گۆردەك قاراڭغۇ پېتى قالاتتى ، ھاياتلىق ئەسلا
مەۋجۇت بولمايتتى . بىزمۇ بۇ كۈنگىچە ھايات كەچۈرەلمىگەن
بولاتتۇق .

شۇڭا ، ھەر دەرىجىلىك كەنت ۋە مەھەللە رەھبەرلىكى بۇ
تۈرلەر ھەققىدە تەشۋىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ ، مەخسۇس
يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ ، دېھقانلارنىڭ ھەق تاپشۇرۇش قىزغىنلىقى-
نى ئاشۇرۇشى كېرەك . كەنتلەرگە تۈرلەر بويىچە جەدۋەل تارقى-
تىپ بېرىلدى . ئالدى بىلەن ئېنىقلاش ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەم
بويىچە ھەقنى يىغىشنى باشلاش كېرەك .

ئابدۇغاپپار سۆزىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن
كېيىن گەۋدىلىك بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە بىرەر كىمنىڭ
ماقۇللۇقىنىمۇ ئالماي :

— ئا شاڭجاڭ «نەپەسلىنىش ھەققى»گە قارىتا مېنىڭ سو-
رايدىغان مۇنداق سوئالىم بار ، — دېيىشىگە ، ھەممەيلەن ئۇ
كىشىگە بۇرۇلۇپ قاراشتۇق . ئابدۇغاپپار ئۇنىڭغا ئوبدان بىر
قاراپ قويغاندىن كېيىن :

— قېنى ، ئالدىرىماي سوراڭ ، — دېدى . ئابدۇغاپپارنىڭ
ماقۇللۇقى بىلەن ئۇ كىشى دېمىغىنى قىرىپ قويۇپ :

— ئېيىتقانلىرىنى ئاڭلاپ ، «نەپەسلىنىش ھەققى»نى
ئەزالاردىن يىغىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم . مې-
نىڭ دېمەكچى بولغىنىم : ھازىر بەزى ئەزالار كۆل كولاپ ،

كۆلدە بىلىق بىقىۋاتىدۇ . بىلىق دېگەن سۇدا ياشايدۇ . شۇڭا بىلىقنى «نەپەسلىنىش ئوبيېكتى» ھېسابلامدۇق ، قانداق ؟ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە يولىيورۇق بەرگەن بولساڭلا .

ئۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن كېيىن يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتى . يىغىن زالىنىڭ ئىچىدە پەس ئاۋازدىكى پىچىرلىشىش باشلاندى .

ئابدۇغاپپار يىغىن زالىغا تەكشى بىر قاراپ قويغاندىن كې-يىن :

— يولداشلار ، تىنچلىنىڭلار ، — دېدى ـ دە ، يىغىن زالى تىپتىنچلىقتا چۆمگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ، ئۇ ، — بۇ سېكرېتار ناھايىتى بەلەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى .بۇ بىز ئويلاپ باقمىغان مەسىلە ئىكەن . مېنىڭچە ، بىلىققا نەپەسلىنىش ھەققى ئالماڭلار ، — دېيىشى بىلەن چاۋاك ئاۋازى ياڭرىدى . چاۋاكتىن كېيىنلا يەنە بىرەيلەن تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى :

— ئا شاڭجاڭ مەن «نۇر ھەققى»گە ئائىت بىر مەسىلە سورىماقچىمەن . قىش ۋە كۈز پەسلىدە ئاسماننى بۇلۇت ـ تۇمان قاپلايدۇ . ياز كۈنلىرىدە بوران چىقىپ ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ . مۇشۇ تۇتۇق كۈنلەرنىڭ نۇر ھەققى بىلەن ھاۋا ئوچۇق كۈننىڭ نۇر ھەققىنى ئاز ـ تولا پەرقلەندۈرۈپ ھېسابلامدۇق ياكى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ نۇر ھەققىنى ئورتاق بىر خىل باھادا ھېسابلامدۇق ؟

يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە تەۋرەپ كەتتى . ئابدۇغاپپار كۆپ-چىلىكنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن :

— ھە ، بۇمۇ ياخشى پىكىر بولدى . ئوچۇق كۈننى ئەسلىي باھا بويىچە ، تۇتۇق كۈننى يېرىم باھا بويىچە ھېسابلاڭلار . يېزى-لىق ستاتىستىكا پونكىتىدىكىلەر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى-دىن كۈنلەرنىڭ پەرقىنى ئىگىلەپ ئېنىق سان بىلەن تەمىنلى-سۇن ، — دېدى . شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر ئادەم ئورنىدىن تۇ-رۇپ :

— ئا شاڭجاڭ، يېزىمىز تەۋەسىدە نەپەسلىنىپ يۇرۇۋاتقان ياۋايى ئۇچار قۇشلارنىڭ نەپەسلىنىش ھەققىنى قانداق قىلىدىمىز؟ — دەپ سورىغانىدى، ئابدۇغاپپار شۇ ھامان ئىنكاس قايتۇردى.

— ياۋايى قۇشلارنىڭ نەپەسلىنىش ھەققىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق. ياۋايى قۇشلارنىڭ نەپەسلىنىش ھەققى دېھقانلارغا چېچىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەق يىغىش ھەققىدە ئېچىلغان يىغىن مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. بىز يىغىن زالىدىن چىقىپ، كەنتلىرىمىزگە تارىدۇق.

ئاخشىمى ئابدۇغاپپار ئۆيگە كىرگەندە ئۇنىڭدىن:

— سىلى بۈگۈن يىغىندا دېگەن ئىككى تۈرلۈك ھەقنى ئاڭلاپ بەك ھەيران بولدۇم، — دېسەم، ئۇ ناھايىتى روھلىنىپ:

— ئۇ تۈرلەرنىڭ ئىجادچىسى مەن. يېزىمىزنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى دەستەك قىلىپ تۈزۈپ چىقتىم، — دېدى ھىجىيىپ. مەن:

— ناھىيە ئۇ تۈرلەرنى يىغىشنى تەستىقلىدىمۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا «لەپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ:

— شۇنىمۇ تەستىقلاش كېتەمدۇ؟ مەن دېگەن يېزا باشلىقى، بۇ يېزىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى! ئاغزىمدىن چىقتىمۇ ئۇ شۇ زامان سىياسەتكە ئايلىنىدۇ. ناۋادا بىرەر كىم تەكشۈرۈپ كەلگۈدەك بولسا، يېزىمىزنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، بۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇپ ھەق يىغدىم دېسەم، چوقۇم ياخشى ئىش بوپتۇ دەيدۇ. ھەرگىز يامان ئىش بوپتۇ دېمەيدۇ، — دېدى.

بىر ئايدىن كېيىن مەن ئەنسىرىگىنىمدەك ئىش ئاخىر يۈز بەردى. خەقنىڭ سەۋر قاچىسى تاشقان ئوخشايدۇ. يېزىدىكىلەر ئابدۇغاپپارنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن ئەرز يېزىپ يۇقىرىغا يوللىغانىكەن. ئۇ ئەرزلەر ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ،

يېزىغا تەكشۈرۈشكە بىرمۇنچە ئادەم كەلدى .

ئاڭلىساق ، يېزىدىكى كادىرلاردىن بىرى ئۇلارغا تاماق يېگىلى بارساق ، دېگەنىكەن ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر : «يەنە شۇ چوڭ يەپ ، چوڭ ئىچىشنىڭ گېپىمۇ ؟ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچىمۇ سىلەر ؟ بىزگە ھۆكۈمەت تاماق ، ياتاق راسخوتى بەرگەن . تاماقنى ئۆزىمىز سېتىۋېلىپ يەيمىز ، سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن» دېگەنىكەن ، ئۇ كادىر ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ . چۈنكى ، ئىلگىرى يېزىغا كەلگەنلەردىن بىرەرسىمۇ بۇنداق گەپلەرنى دەپ باقمىغانىكەن . تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئابدۇغاپپارنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئورۇنسىز سالغان تەستىقلىرىدىن بىرمۇنچىنى ئىناۋەتسىز قاتارىغا چىقىرىپ : «مالىيىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن ؛ نەچچە مىليون پۇلغا خىيانەت قىلغان ؛ نامراتلار مەبلىغىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ ، نامراتلارنىڭ قولىغا تەگكۈزمىگەن ؛ مەبلەغلەرنىڭ بىر قىسمىنى قاقتى - سوقتى قىلغان ؛ «نۇر ھەققى» ، «نەپەسلىنىش ھەققى» دېگەندەك ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان سېلىقلار بىلەن خەلقنى ئالداپ ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سالغان ؛ كەنتنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كەنت كادىرلىرى بىلەن بۆلۈشۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىنى تومىلغان ؛ زاپاس يەر ۋە بىنەم يەرلەرنى شەخسلەرگە ئۈچ - تۆت يىللىق ھۆددە توختام بويىچە ئالدىن سېتىۋەتكەن ؛ ئەزالارنىڭ كونا قورۇلۇشلىرى ، مېۋە - چېۋە باغلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ، ئارىدىن پايدا ئېلىپ ، ئاشكارا ھالدا بۇلاڭچىلىق دېلوسى سادىر قىلغان ؛ يېزا تەۋەلىكىدىكى مىڭ مو يەرنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىپ ، بىر كەنتنىڭ ئىچىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئاشۇ يېرىنى تېرىپ پەرۋىش قىلىشقا ئاجراتقان . خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە يىغقان بانكىدىكى ئېشىندى ئامانەت پۇلى ئوتتۇز مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ؛ شۇڭا ئابدۇغاپپارنىڭ خىزمىتى توختىتىلىپ ، قىلمىش - ئەتمىشلىرى قانۇن بويىچە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

پاش قىلىنغان، ئېنىقلىنىپ دەلىللەنگەن يۇقىرىقى مال ـ مۈلۈك، نەچچە ئون مىليون پۇل مۇسادىرە قىلىنىپ، دۆلەت مالىيىسىگە قايتۇرۇلدۇ» دەپ كادىرلار چوڭ يىغىنىدا ئېلان قىلىندى. ئەتىسى يەنە ئاما پاش قىلغان بىر سەتچىلىكنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. پاش قىلغۇچىلار ئابدۇغاپپارنىڭ بۇ يېزا ئىچىدىكى قىرىقتىن ئوشۇق قىزغا ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى، ئۇلار ئىچىدىن يەتتە نەپىرى بىلەن قانۇنسىز ھالدا ئوغرىلىقچە ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلاردىن ئون بىر ئوغۇل، بەش قىز پەرزەنت كۆرگەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىقى ئىسپاتلانغاندا ھوشۇمدىن كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەلدىم. ئابدۇغاپپارنىڭ ماڭا بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى قىلچە ئويلاپ باقمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى تويۇقسىز ئاڭلانغاچقا ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېگەندەك، ئابدۇغاپپار قارا دەرۋازىلىق ھويلىغا سولاندى. باشقا ئىشلىرى يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەن شۇنىڭ بىلەن «نىمە بولساڭ بول، ھۇ ۋاپاسىز قارا يۈز» دەپ ئاچچىقتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيدە ھېچ بىر كۆڭلۈمنىڭ تاۋى يوق ئولتۇرسام سىرتتىن ئالىمجان كىرىپ:

— ئانا، دادام ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھازىر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇمىش، — دېدى. ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىغاندەك بولدى. «توۋا، ئامەت كەتسە ھەممە كېتىپتۇ» دېگەندەك، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى كېلەمدۇ، نىمە؟ ··· يول بويى نۇرغۇن خىياللار بىلەن بولۇپ ئالىمجان بىلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ باردۇق. دوختۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ «سەكتە كېسىلى» بو-

لۇپ قاپتۇدەك . شۇڭا كۆزلىرى پولتىيىپ ، ئاغزى مايماق بولۇپ قالغانىكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىزى سۆزلەشتىن قالغان بولۇپ ھېچ زۇۋان چىقىرالمايتتى . پۇتى تۇز پېتى ئوڭدىسىغىلا ياتاتتى . ئۆيدە ئېشىپ قالغان بىساتلىرىمىز داۋالاش پۇلىغا چىقىشمىدى . ئەمدى بىزدە پۇل تۈگىگەنىدى . دوختۇرلار ئۇنىڭ ساقايمايدىغانـلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىنىپ ، بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى . ئۇنى دوختۇرخانىدىن ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكېلىپ يىگىرمە نەچچە كۈندىن كېيىن ، بىر كېچىسى ئۆلۈپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇرۇن باياشات ياشاپ يوقىنىڭ دەردىنى تارتمىغانىدىم . مانا ئەمدى بىر ئۆيىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيگەچكە ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتىپ ، پاختا تېرىپ پۇل تېپىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدىم . مانا ئەمدى سىلەر بىلەن يۇزمۇ يۇز دىدارلىشىپ دەردىمنى تۆكۈپ تۇرۇپتىمەن .

زىۋىدەنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى .

ھىنىمبانۇ باش كۆتۈرمەي پاختا تېرىۋاتقان ئايالالارغا قاراپ :

— نۇيە ، نۆۋەت ئەمدى سىزگە كەلدىغۇ - ھە ؟ — دېيىشىگە ، ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى .

## 19

مەن 1965 - يىلى تۇغۇلدۇم . ئاتا - ئانامدىن ئون يېشىمدا يېتىم قالغانىدىم . ئاتا - ئانىسى نېمە ئۇچۇن تۈگەپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاپ قالغانسىلەر ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن پاجىئەلىك بولغانىدى . ئانام دادامنىڭ بېشىنى پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىغانىكەن . شۇڭا ئانام قولغا ئېلىنىپ كەتكەنـدى . ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى .

بەلكىم ئانامنىڭ دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىگە ھەيران قالغانـ

سىلەر. ناۋادا ئۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولساڭلار،
سىلەرگە ھېكايىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەي.

قوشنىلارنىڭ ئېيتىشىچە، دادام كىچىك چېغىمدا بەك تى-
رىشچان ئادەم ئىكەن. ئۇ مەكتەپتە ئەلا ئوقۇپتۇ. تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چارۋىچىلىق مەكتىپىگە ئىمتىھان
بېرىپ ئۆتۈپتۇ. دادام ئون سەككىز يېشىدا ئوقۇشنى تاماملىغان-
دىن كېيىن، يېزىمىزدىكى «چارۋىچىلىق پونكىتى»غا تەقسىم
قىلىنىپتۇ ۋە كەنتنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بوپتۇ. دادام
پونكىت ئىچىدە ياش قورامى ئەڭ كىچىك خىزمەتچى ئىكەن.
شۇڭا ئۇنى كەسىپداشلىرى «بالا دوختۇر» دەپ ئاتىشىدىكەن.
دادام ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. بىرنەچچە كىلومېتىر
يولنى پىيادە بېسىپ، يولمۇ يول، كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي
يۈرۈپ مال داۋالاشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ-
تۇ. بەزى چاغلاردا سىرتلاردا كەچ قىلىپ قونۇپ قاپتۇ. شۇڭا
دادامدىن يېزىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار بەك مىننەتدار ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام دورا پۇلىدا ئۇلار بىلەن ئانچە ھېساب-
لىشىپ كەتمەي، ئەرزان ھەق ئالىدىكەن. ھەتتا بەزى پۇلسىز
كىشىلەردىن پۇل ئالمايدىكەن. دادامنىڭ سىرتلاردىكى، بولۇپمۇ
دېھقان- چارۋىچىلار ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغاچ-
قا، نۇرغۇن ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى
ئارزۇ قىلىشىدىكەن. ئۇلار دادامغا تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر
بىلەن يېقىنچىلىق قىلىسىمۇ، ئەمما «قىزىمنى سىزگە بېرەي»
دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن ئۇچۇق چىقىرىشالمايدىكەن. بەزى كى-
شىلەر قىزلىرىنى دورا سېتىۋېلىش باھانىسى بىلەن دادامنىڭ
يېنىغا ئەۋەتىشىپمۇ بېقىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر «بەلكىم قىزىمىز-
نى كۆرسە ياقتۇرۇپ قالسا، ئىش ئوڭغا تارتار، قىزىمىزنىڭمۇ
ئۇ ياخشى يىگىتتىن بەختى ئېچىلار» دەپ ئويلىشىدىكەن. ئەمما،
دادام ئۇ چاغلاردا ئۆيلىنىش خىيالىدا بولمىغاچقا نۇرغۇن كىشى-

لەرنىڭ ۋە نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەنلىكىنى سەز-
مەي يۈرۈۋېرىپتۇ . ئۇ كۈنلەردە دادام خىزمەتتىن باشقىنى ئويلى-
مايدىكەن . دادام خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىككى يىل ئۆتكەن ، يېشى
يىگىرمىگە تولغان بىر ياز كۈنىدە ، شۇ ۋاقىتتىكى پونكىت باشلى-
قى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بوۋام دادام بىلەن بىرگە كاماندىروپ-
كىغا چىققاندا :
— مۇقارىپ ، مەن سىزگە ئېيتاي ـ ئېيتاي دەپ ھازىرغىچە
تىلىم كۆيۈپ كېلىۋاتقان بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى . بۇنىڭغا سىز
نېمە دەرسىزكىن ، — دېگەنىكەن ، دادام باشلىقىنىڭ ئېغىزىدىن
چىققان سۆزگە قىزىقىپ :
— قېنى ، قانداق ئىش بولسا دەۋەرسىلە . ئۆزلىرى دېگەن
مېنىڭ باشلىقىم ، شۇڭا چوقۇمكى مېنى يامان يولغا باشلىمايلا ،
— دەپتۇ .
— ئەمىسە تارتىنىپ ئولتۇرماي ئۇدۇل دەۋېرەي مۇقارىپ ،
سىز بەك ياۋاش ، مۇلايىم ، ئەخلاقلىق ، خىزمەت جەھەتتە تىرىش-
چان يىگىتسىز . شۇ سەۋەبتىن سىزنى ئۆزىگە كۆيئوغۇل قىلغۇ-
سى بارلار ماڭا نەچچە ئايدىن بېرى خۇشامەت قىلىپ ، ئەلچى
بولۇشنى ئۆتۈنۈپ كەلگەنىدى . دەگسەپ باققۇدەك بولسام ، سىزگە
كۆز سالغانلارنىڭ قىزلىرى سىزگە مۇۋاپىق كەلگۇدەك ئەمەس .
شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى «مۇقارىپنىڭ لايىقى بار ئىكەن» دېگەن
سۆز بىلەن يالغاندىن رەت قىلدىم . بۇنداق قىلغىنىم قانداقتۇر
مېنىڭ سىزگە دۈشمەنلىك قىلغىنىم ئەمەس . بۇنى توغرا چۈشى-
نىڭ . مەن سىزنىڭ باشلىقىڭىز ، شۇڭا مەن سىزنىڭ ھەممە
ئىشلىرىڭىزغا مەسئۇل بولمىسام بولمايدۇ . مەن سىزگە چاقچاق
قىلمايمەن ، سىز خۇددى مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈنىسىز .
كۆڭلۈمگە بەك يېقىن تۇرىسىز . راست گەپنى دېسەم ، سىزنى
باشقىلارنىڭ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشىنى تازا خالىمايمەن . بۇ ، قان-
داقتۇر قىزىم دىلبەرنى سىزگە تاڭغانلىقىم ياكى ئۇنىڭغا ئەلچى

www.uyghurkitap.com

كەلمەي تىت - تىت بولۇپ كەتكىنىم ئەمەس . ئۇ قىزىم تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇشۇ يىلى يەتتىنچى ئايدا پۈتتۈرىدۇ .
ئۇنىڭغا نۇرغۇن يىگىتلەر توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپتىكەن .
بىراق ، مەن ئارقىغا تارتىپ كەلدىم . نېمىشقا ئارقىغا تارتىمەن ؟
مەقسىتىم : ئۇنى سىزگە بېرىش ئىدى . سىز ئاۋۋال قىزىمنى
كۆرۈپ بېقىڭ . تەلىپىمگە چىن كۆڭلىڭىزدىن بىر نېمە دەپ
بېقىڭ . ئەگەر قىزىم كۆڭلىڭىزگە ياقمىسا ، ئوچۇقىنى دەۋېرىڭ .
مېنىڭ كۆڭلۈم بۇنىڭدىن ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ ... چۈنكى ، تاشنى
تاياقتا زورلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ - دە ، مەن سىزنىڭ ئېسىل
يىگىتلىكىڭىزگە قول قويغاچقا ، يۈزۈمنى چەمدەك قىلىپ قى-
لىپ ، بۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن ، — دېگەنىكەن ، دادام شۇ چاغدا
قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ :

— مەن دىلبەر بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي . ئۇ مېنى رەت
قىلمىسىلا مەندە گەپ يوق ، — دەپتۇ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، — دەپتۇ پونكىت باشلىقى بوۋام
ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، — قىزىم سىزنى ھەرگىز رەت قىلماي-
دۇ ، سىزدەك يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا نېسىپ بولغىنى بەختىنىڭ بو-
سۇغىدىن ئاتلىغىنى ، ئۇنىڭ بەختى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ كۈلۈپ
كېتىپتۇ .

دادام ئانام بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ .
ئانام دادامغا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇكى ، ئۇنىڭدىن
قىلچىلىك نۇقسان تاپالماپتۇ . ھەتتا «نېمىشقا بۇرۇنراق كۆرۈش-
مىگەندىمەن» دەپ پۇشايمان قىلىپ قاپتۇ . شۇنداق قىلىپ دادام
ئانامنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە توي ئىشىنى ئارقىغا
تارتمايلا داغدۇغىلىق توي قىلىپ ئانامنى ئەمرىگە ئاپتۇ .

ئانامنىڭ چىرايى ماڭا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى . ئۇنىڭ
ئاق سېرىق چىرايى ، چوڭ - چوڭ بىر جۈپ كۆزى ناھايىتى
نۇرلۇق بولۇپ ، ئۆزۈن چېچى تېقىمىغا يېتەتتى . ئانامنى كۆر-

گەن ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپلا «ھۆسنى شۇنچە گۈزەل بولغانىكەن، ئۆزى چوقۇم ياخشى ئايال» دەپ قارايتتى. ئانام ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ سىرتلارغا چىققاندا ناھايىتى ئەدەپلىك، خۇش پېئىل ئىدى. ئۆي ئىچىدە دادامغا بولدى دېگۈچە زالىملىق قىلاتتى. دادام ئانامدىن ئالتە ياش چوڭ بولۇپ، يۇزىنى سەپكۈن باسقان سېمىزرەك ئادەم ئىدى. ئۇ يېزا تەۋەسىدە بۇر ۇنقىدەك ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ مال داۋالاشنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ئانام باشتا دادامنىڭ خىزمەتچى ئىكەنلىكىگە بەك قىزىققانىكەن. ئەمما، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، دادامغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ قالدى ۋە ھەتتا دادامنىڭ ئۇبرازىنى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىن تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن دادامنى بىرنەچچە قېتىم: «ئېشەك دوختۇرى ...» دەپ ھاقارەتلىدى. بىزنىمۇ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا:
— ئۆلمىگەن شۇملار، — دەپ تىللايتتى. بىر كۈنى پەرداز- خور ئانىمىزنىڭ بۇنچىۋىلا غەلىتە ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋە- بىنى ھېس قىلىپ قالدىم. كىشىلەر قوناقلىرىنى ئورۇپ كۈزگى بۇغداي تېرىشقا ئالدىراۋاتقان ئالتۇن كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بېغىمىزدىن ئۈزۈم ئۈزۈپ يەي دەپ كىرسەم نېمە كۆردۈڭ دېمەمسىلەر! بىزگە تام قوشنا كېلىدىغان بايىز ئىسىملىك يىگىت ئانامنى ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى تامغا يۆلەپ تۇرۇپ سۆيگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم ۋە ئەسلىمگە كېلىپ ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالدى. مەن بولسام كەي- نىمگە ئۆرۈلۈپلا باغدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. بايىز تۆت يىلدىن بېرى كۆكتاتلىق يېرىمىزنى تېرىپ، پەرۋىش قىلىپ بېرىۋاتاتتى. دادام ئۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خەجلىگە پۇل، كىيىشىگە كونا كىيىم - كېچەكلەرنى بېرەتتى. ئۈچ ۋاخ تامىقى دائىم دېگۈدەك بىزنىڭ ئۆيدىن ئىدى.

هويلىغا چىقىپ «ئانامنىڭ دادامغا ئۆچلۈك قىلىشىدا سەۋەب بار ئىكەن ـ دە ... ئەسلىدە بايىز ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالغانىكەن . ئۇ ئۆيىمىزگە كىرسە ئانامنىڭ باشقىچە ئېچىلىپ كېتىشلىرى ، تۆرگە كۆرپە تاشلاپ باشلاشلىرى ، بىزگە بەرمىگەن قويماق ، كۆمەچ ، توخۇم ، قاتلىما ، پوشكال قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا زورلاپ يېگۈزۈشلىرى بىكار ئەمەسكەن ـ دە.... »

— نېمانداق مومىدەك ئولتۇرىسەن؟ — دەپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزگەچ ، هويلىغا كىرگەن ئانامنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىمگە كەلدىم . ئانام ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنىڭ چىرايىغا دومسىيىپ قارىدىم ، — نېمە بولدى ؟ خاپا كۆرۈنىسەنغۇ بىرەرسى بوزەك قىلدىمۇ ـ يا ؟

مەن ئانامغا نەپرەت بىلەن قاراپ :

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، — دېدىم يالغاندىن .

— ۋاي شۇ ئىشمىدى ، مانا هازىرلا تاماق ئېتىمەن .

ئانام ناھايىتى خۇشال قىياپەتتە قازان بېشىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ قوشنىمىز بايىزنى پات ـ پات كۆرمىسىلا شۇ هامان ساراڭلىقى تۇتاتتى . بىزنى ، دادامنى بىر باھانە قىلىپ چاپاندەك چېقىۋالاتتى . خۇدنى يوقىتىپ جاۋۇلداپ تىللاپ كېتەتتى . بىز ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ موللا مۇشۇك بولۇپ جىم ئولتۇراتتۇق . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەن ، ئارچىلار يالىڭاچلانغان كەچ كۈز ئېيىدا دادام «ھەپتىلىك يىغىن بار ئىكەن» دەپ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتى . دادام يىغىنغا كەتكەن كېچىسى بىرلىرىنىڭ كۇسۇرلىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ كۆزۈمنى ئاچتىم . قارىغۇدەك بولسام ، ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ . دىققەت بىلەن ئاڭلىسام ، بايىز بىلەن ئانامنىڭ ئاۋازى . ئۇلار مېنىڭ يېنىمدىلا يېتىشىپ ئىنتايىن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ ! ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇنچە ئېنىق ئاڭلاۋاتىمەن .



www.uyghurkitap.com

— ھەي ، بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىمىز ؟ — بۇ بايىز-
نىڭ ئاۋازى ئىدى . ئانام ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ :

— سەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىمەن ، دەپ ئۇ مىس - مىس سېسىق تېكىنىڭ نەچچە قېتىم ياقىسىدىن ئالدىم . ئەمما ئۇ بالىلارنى يېتىم قىلمايلى ، دەپ ئاجراشماسلىقتا چىڭ تۇرۇ-ۋالدى ، — دېدى .

ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ : «توۋا ، دادام جېنىنى ئۈز-رىتىپ نېمىمۇ قىلار ، ئايال كىشى دېگەن تېپىلماسىنىڭ خورمى-سى بولمىسا - يا ! دادامنىڭ كۆڭلى باشقا ھالاللاپ ئالغان ئايال زاتىدىن سۇ ئىچىدىغان ئىش بولسا ، بىزنىڭ يېتىم بولۇشىمىز ھېچ ئىش ئەمەس ئىدىغۇ ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرسام ، بايىز دېگەن بۇزۇق تېخىمۇ چوڭ سۆزلەپ كەتمەسمۇ :

— سىزنى ئوڭچىلاپ ئالاي دېگەنىدىم . ئۇ بوربۇشنىڭ يۈز-لىرىڭىزگە قاراشلىرىغىمۇ چىدىماي يۈرىمەن .

ئۇنىڭ نومۇسسىزلارچە ئېيتقان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئاشۇ تېتىقسىز گەپ چىققان ئېغىزىغا نەچچە كاچات سالغۇم كەلدى . ئەمما ، ھەر ئىككىيلەننىڭ پەسكەشلىكىگە ، بولۇپمۇ ئانامنىڭ پەسكەشلىكىگە سەت ئىش بولمىسۇن دەپ ، چىشىمنى چىشلەپ جىم ياتتىم . بايىز دېگەن ئەبلەخ ئانامنى بىردەم چوكۇلدىتىپ سۆيگەندىن كېيىن :

— گەپ قىلسىڭىزچۇ ؟ ئۇ بەندە تېخى ئۆز كۆڭلىدە بالىلار-نىڭ ھەممىسىنى ئۆز سۈيدۈكۈمدىن تاپتىم دەيدىكەن - دە . ئەگەر ئاجراشسىڭىز قىزىڭىزنىڭ سىزگە قالىدىغىنى ئېنىق ، ئوغلىڭىز بولسا مېنىڭ سۈيدۈكۈمدىن بولغان . ئۇمۇ تەبىئىيلا سىزگە قال-دۇ . شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا نېمە ئامال ؟ ئۇ ئىككى قولىنى قولتۇقلاپ قالىدۇ شۇ . بالىلارنى يېتىم قىلمايلى دېگىنى بەك كۆلكىلىك - دە ، ئۇنىڭ !

— گەپىڭىز راستى ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ماڭا بەك ئامراق-

مىش . شۇڭا ئۇ ماز قۇرۇق سەۋەب كۆرسىتىپ مەن بىلەن
ئاجراشقىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ .
— ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشكە پەقەت چىدىيالمايمەن .
— مەنمۇ ئۇ بىزەڭنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىنى خالىماي-
مەن .
— چۈشەندىم . سىز ئۇ كاساپەتتىن بىزار تۇرۇقلۇق ، نې-
مىشقا ئاجرىشىپ كەتمەيسىز ؟ !
— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاتا - ئانام ئېرىلىك ياۋاش
ھەم مۇلايىم ، يەنە كېلىپ مۇقىم خىزمىتى بار . ئۇنداق ئەرنى
جاھاندىن تاپماق تەس ، دەيدۇ .
— راستىنىلا شۇنداق دېدىمۇ ؟
— مەن سىزگە قاچان يالغان ئېيتقان ؟ ئەگەر ئۇلار بېسىم
قىلمىسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ تۇرمايتتىم ،
بۇنى سىز ئوبدان بىلىسىزغۇ ؟
— ھەي ! ··· ھەسەلدەك جېنىڭىزنى مۇشۇنداق قىيناپ
ئۆتەرسىزمۇ ؟
— ئەمىسە ، نېمە قىلىمەن ؟
— بولدى ، ھازىرچە ئۇخلاڭ . نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى
كېيىن دەپ بېرەي .
بايىزنىڭ ئەسلىي ئۆم - ئىناق بۇ ئائىلىمىزنىڭ كۈشەندى-
سى ، بۇزغۇنچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . شۇ كېچىسى تاڭ
ئاتقۇچە ئۇخلىماي بىچارە دادام ئۈچۈن ئۈنسىز ياش تۆكتۈم .
ئانام بايىز دېگەن شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئاخىر بۇ
بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلدى .
قەھرىتان قىشنىڭ بىر كېچىسىدە دادامنىڭ بويىنىنى پالتا
بىلەن چاپقاندىن كېيىن ، بايىزنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ .
ئۇلار كۆڭلىدە دادامنى كۆزدىن يوقىتىپ رەسمىي ئۆمۈر-
لۈك ئەر - خوتۇن بولۇشقا قەسەم قىلىشقانىكەن . ئەمما ئۇلار

توي قىلايلى دېگۇچە سىر پاش بولۇپ ، ھەر ئىككىسى قانۇننىڭ تورىغا چۈشتى . مەنمۇ «قاتىلنىڭ قىزى» دېگەن يامان ئاتاققا قالدىم . ئەل ئىچىدە يۈزىمىز يەر بىلەن يەكسان بولدى . خەقلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمەي يۈردۇق . ئانام ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن بۇۋام ئۆي - ماكانىمىزنى سېتىپ بىزنى ئۆز يېنىغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى . ئىنىم بىلەن مېنى شۇ يەردىكى مەكتەپتە ئوقۇتتى . ئەمما تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار دېگەندەك ، گەرچە ئارىلىق خېلى يىراق بولسىمۇ ، ئائىلىمىزدە بولغان ئىشلار بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىغىمۇ يۇر كەتكەن ئوخشايدۇ . ئىنىم ئىككىمىز مەكتەپتىمۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدۇق . «قاتىلنىڭ قىزى» ، «قاتىلنىڭ ئوغلى» دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلالمىدۇق .

## 20

مەكتەپتە ساۋاقداشلار تەرىپىدىن يوشۇرۇنچە «قاتىلنىڭ قىزى» دەپ ئاتىلىۋەرگەچكە ئوقۇشتىن رايىم قايتتى . مەن ئۆي بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا دەرسكە ئۆزۈمنى باسماي ئۆتۈۋاتقاندا ، بۇۋام بىر كۈنى ئۆيگە ناھايىتى خۇشال ھالدا كىردى ۋە :

— نىۋىيە ، ساڭا ياخشى بىر كاۋاك تېپىلدى . سەن يېتىمىيېسىرلار قوبۇل قىلىنىدىغان ياتاقلىق «كەسپىي مەكتەپ»تە ئوقۇيدىغان بولدۇڭ ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، شۇ ھامان ئاچچىقىم كېلىپ :

— يەنە شۇ مەكتەپ ئىكەنغۇ ، — دەپ دومسايدىم .

— ئوخشىمايدۇ ، — دېدى بۇۋام كۈلۈمسىرەپ ، — ئۇ دېگەن ھەقسىز ھۈنەر ئۆگىتىدىغان مەكتەپ ئىكەن . ھۈنەر ئۆگەنسەڭ كېيىنچە خاپىلىق تارتمايسەن .

— ئۇ مەكتەپ يىراقتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم بىر ئازدىن كېيىن سەل يۇمشاپ.

— يىراق، بۇ يەردىن ئارىلىقى بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىرچە كېلىدۇ.

مەكتەپنىڭ يىراقلىقىدىن كۆڭلۈم خۇش بولدى. چۈنكى، يىراق يەردە «قاتىلنىڭ قىزى» دەپ ئەيىبلىنىشتىن خالىي بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بوۋامغا چىرايىمنى ئېچىپ:

— مەيلى، ھۈنەر ئۆگەنسەم، ئۆگىنەي، — دېدىم. بوۋام بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى.

ھەپتىدىن كېيىن بوۋام مېنى «كەسپىي مەكتەپ»كە ئاپىرىپ بەردى. مەن ئۇ يەردە ھەر جاي، ھەر جايدىن كەلگەن ناتونۇش قىرىق بالا بىلەن «تىككۈچىلىك ۋە كېسىمچىلىك كەسپى سىنىپى»دا ئوقۇشنى باشلىۋەتتىم. بۇ يەردە ھېچكىم ماڭا «قاتىلنىڭ قىزى» دەپ دىل ئازار قىلمايتتى. سىنىپ ۋە ياتقىمىز ئازادە ۋە يورۇق ئىدى. ئۈچ ۋاخ دېگۈدەك بۇغداي ۋە گۈرۈچ تامىقى يەيتتۇق. قوناق تامىقىنى ئەسلا كۆرمەيتتۇق. بۇ يەردە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر ئايدىن كېيىن ھاۋاسى كېلىشكەندىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئىشقىلىپ بىراقلا بوي تارتىپ سەمرىپ كەتتىم. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئۈچ يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاق - تاماق ۋە كىيىم - كېچىكى ھەقسىز بولۇشتىن سىرت، ھەر ئايدا ئوتتۇز يۈەن «تۇرمۇش ياردەم پۇلى» بەرگىنىگە ھەيران قالدىم. تا شۇ كەمگىچە ماڭا بىرەر يېقىن تۇغقىنىممۇ مۇنچىلىك جىق پۇل بېرىپ باقمىغان، كۆيۈنمىگەن ۋە غەمخورلۇق قىلىپ باقمىغانىدى. «مەكتەپ ئۈنچىۋالا باي ئەمەستۇ، بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغان كىمدۇ؟» دېگەن خىياللار ھەر كۈنى دېگۈدەك مېنى چەكسىز خىياللارغا غەرق قىلاتتى. كاللامدىكى بۇ تۈگۈنچەك بىر كۈنى ئاخىر يېشىلدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپ يىغىنى ئاچقاندا سۆزلەپ كېتىپتىپ:

— سىلەرنى ئالدىن بېيىغان ، مېھرىبان ، ئاق كۆڭۈل ئاكىلىرىڭلار ، پەرى سۈپەت ھەدىلىرىڭلار ئىللىق قويىنىغا ئالدى . ئۇلار سىلەرنى ھەقسىز ئوقۇتۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى ، — دېدى .

بۇ يەردىكى بالىلار ئاشۇ شەپقەتچىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ يارامىلىق ئادەم بولۇشقا بەل باغلىدۇق . دەم ئېلىش كۈنلىرىدە يوقسۇل ، ئاجىز ۋە مېيىپ - مەجرۇھلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلدۇق . مەكتەپكە پات - پات ھەرخىل ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى . بىر كۈنى مەكتەپ چوڭ يىغىن ئېچىپ ، ئاشۇنداق كىشىلەرنى بىزگە تونۇشتۇردى . ئۇ كىشىلەرنى مەكتەپ مۇدىرى بىزگە تونۇشتۇرۇپ :

— بۇلار سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن بۇيان ، ھالال كەسىپ بىلەن ھالال تىجارەت قىلىپ ئالدىن بېيىغان باشلامچىلاردۇر . ئۇلار سىلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى ، — دېگەن چاغدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتۇق . شۇ چاغدا ئۇ كىشىلەردىن بىرى ۋەكىل سۈپىتىدە سۆز قىلدى :

— سىلەر بىز يېتىم دەپ ھەرگىز قايغۇرماڭلار ، سىلەر جەمئىيەتنىڭ ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۆز بالىمىز . بىز ئالدىن بېيىدۇق . ئالدىن بېيىغاندىن كېيىن سىلەردەك پاناھسىزلارنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ . بىز بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلارنى يۆلەشكە ، مەكتەپ ، دوختۇرخانا ، كۆۋرۈك سېلىشقا پۇل ئىئانە قىلىمىز . ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىمىز .

بۇ ۋەكىلنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا ھەممىمىز قىزغىن چاۋاك چالدۇق . كۆزلىرىمىزگە ئىسسىق ياش ئالدۇق . ئۇ شەپقەتچىلەر بىزگە ئاتاپ ئەكەلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەردى . مەن ئۇ شەپقەتچىلەرنىڭ قولىدىن كىيىمكېچەك ، پۇل ۋە باشقا ئوقۇش قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا قوللىرىم تىترەپ ، ياشلار چاناقلىرىمدىن تاراملاپ ئاقتى . بۇ چاغدا

شەپقەتچىلەر مەڭزىمىدىكى ياشنى مېھرىبانلارچە سۈرتكەندە ، ئاتا
ـ ئانام ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئېسىمگە كېلىۋېلىپ ،
تېخىمۇ بەكرەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم . بۇ چاغدا ئۇستازلى-
رىم ، ساۋاقداشلىرىم ۋە شەپقەتچىلەر ماڭا تەسەللى قىلىشتى .
ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى تىلەشتى .
مەن خاتىرجەملىك ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ، «ياغاچچىلىق كەسپى سىنىپ »ىدا ئوقۇيدىغان بىر يىگىت-
نىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم . خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

«قەدىرلىك نۇۋيە ، ياخشىمۇسىز ! بەلكىم بۇ خېتىمنى
كۆرۈپ ھەيران قالغان بولارسىز . نۇۋيە ، سىز بىلەمسىز ،
مېنىڭ بىر يىلدىن بېرى يېگىنىم تاماق ، كىيگىنىم كىيىم
بولماي كەلدى . تاماق زەھەردەك ، كىيىم كېپەندەك تۇيغۇ
بەردى . كېچىلىرى سىزنى ياد ئېتىش بىلەن تاڭ ئاتتى .
ئاخىر تاقەت قىلالماي ، سىزگە بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر
بولدۇم . قەدىرلىك نۇۋيە . مەن سىزنى ئاشخانىدا تاماق
ئېلىۋېتىپ تۇنجى كۆرگەندە ھاڭ ـ تاڭ قالغانىدىم . سىز
ھەقىقەتەنمۇ كەم ـ كۈتىسىز ، چىرايلىق بىر قىز ئىدىڭىز .
بولۇپمۇ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاق سېرىق چېھرىڭىزدىن
ئايمۇ خىجىل بولاتتى . قاشلىرىڭىز ئەگىم ئايدەك ، كۆزلى-
رىڭىز بۇلاقتەك خۇمارلىق ئىدى . ئاھ ، شۇ چاغدا تاماق
كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدىڭىز . مەن ئارقىڭىزدىن پايلاپ ئەگى-
شىپ ماڭدىم . ئەمما سىز مېنى كۆرمىدىڭىز ، پەرۋاسىز
ياتىقىڭىزغا كىرىپ كەتتىڭىز . يۈرىكىم سىز بىلەن كىرىپ
كەتكەندەك بولدى ، ئامالىم قانچە ؟ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدۇم . كۈن ئۆتتى ، ئاي ئۆتتى ، قولۇم ئىشتا ، ئەمما
خىيالىم سىزدە ئىدى . سىزنى ئويلاپ ياتاق بىلەن ياتاق
ئارىلىقىدا مەقسەتسىزلا يول يۈرۈپ تۇرسام ، بىر چاغلاردا

چايدان كۆتۈرۈپ چىقتىڭىز . ئالدىڭىزغا ئۆدۈل قاراپ ماڭ-
دىم . يېقىنلاشقاندا ئېغىز ئاچماي دەپ تۇراتتىم ، قانداق
بولدىكىن يۈزۈم چىمىلداپ ، كۆڭلۈمگە تىزغان گەپلەر نە-
گىدۇر غايىب بولدى . سىز ماڭا «لەپپىدە» بىر قاراپ
قويۇپ يېنىمدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتىڭىز . توۋا ، سۆيگۈ
ئىزهار قىلىشنىڭ تەسلىكىنى دېسە ... ئاخىر ئويلا - ئويلا
ئامال تاپتىم . يەنى ، سىزگە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم .

قەدىرلىك نۇيىە ، شۇڭا سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن .
ماڭا ئىشەنسىڭىز ، مېنى چۈشەنسىڭىز ، ھالىمغا يەتسىڭىز ،
بىز توي قىلايلى ! بولامدۇ ؟ ...

رۇستەمدىن »

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قوشۇما قاش ، ئېگىز بويلۇق رۇستەم
دېگەن يىگىت كۆز ئالدىمغا كەلدى . خەتنى تۇتقىنىمچە جىمجىت
ئولتۇرۇپ كەتتىم . ئاتا - ئانامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى كاللامدىن
تېخى نېرى كەتمىگەچكە ، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق ھېچقان-
داق ئويۇم يوق ئىدى . بىر تەرەپتىن تۇرمۇشلۇق بولۇشتىن
نەپرەتلەنسەم ، يەنە بىر تەرەپتىن رۇستەمنىڭ كېلىشكەن قەددى-
قامىتىنى ، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان مەسۇم كۆزلىرىنى
ئويلاپ ، بۇنداق لايىقنى قولدىن چىقىرىشقا كۆڭلۈم قىيمىدى .
شۇنداقتىمۇ دەماللىققا جاۋاب بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ
ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولدۇم . ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇ
بۇ قېتىمقى خېتىدە يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزىنىڭ مېنى بەكمۇ
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، توي قىلىشقا قوشۇلۇشۇمنى ، تويدىن
كېيىن مېنى بەكلا قەدىرلەپ ، ماڭا مەڭگۈلۈك بەخت ئەكېلىدى-
غانلىقىنى يازغانىدى . مەن خەتنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كې-
يىن ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم ۋە مۇنداق بىر پارچە خەت يازدىم :

«رۇستەم، ياخشىمۇسىز!

ھەر ئىككى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. خېتىڭىزدە ماڭا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئىزھار قىپسىز، سۆيگۈڭىز چىنمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا ھازىر بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. بەلكىم كېيىنچە ئىسپاتلىنار.

رۇستەم، مەن ھازىر خېتىڭىزگە ئىشەنگەن بولاي. ئەمەلىيەتتە، سىز ماڭا مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى كۆپ دىققەت قىلىپ كەپسىز. ئەمدى بىلسەم، ماڭا ئېغىز ئاچالماي يۈرگەنىكەنسىز. بىلسىڭىز، مەن سىزدىنمۇ ئۆتەر بەختسىزمەن. مېنىڭ يا ئانام، يا دادام يوق، بىر قارا يېتىممەن. سىزنىڭ نىمىلا بولسۇن ئاتىڭىز بار ئىكەن. ماڭا قارىغاندا بەختلىك ئىكەنسىز. سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئۆيىڭىز بىلەن مېنىڭ بوۋامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى يۈز كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. سىز بۇ تەرەپنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن دادىڭىز بۇ ئىشقا قوشۇلمىسا، سىز ئاردا تەڭقىسلىقتا قالارسىزمىكىن؟ بۇ تەرەپنى ئوبدان ئويلاپ دادىڭىز بىلەن ئوبدان مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن ماڭا ئۇچۇر قىلىڭ. دادىڭىز قوشۇلسا توي قىلساق مەيلى!...

نۇبىيەدىن»

مەن خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، چىرايلىق قاتلاپ ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدۇم، ئەتىسى بىر دوستۇم ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىغا يەتكۈزدۇم.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كەلدى.

— نۇبىيە، سىز خېتىڭىزدە دېگەن ھېلىقى گەپنى دادامغا سېلىپ كېلىشىم، ئۇ قوشۇلدى، — دېدى. مەن بىردەم جىم



www.uyghurkitap.com

تۇرغاندىن كېيىن :
— رۇستەم ، ھەممە ئىش ئوچۇقلىشىپ كەتكىنى ياخشى .
ئەگەر سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز ، سىزگە دەيدىغان
مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى ، — دېدىم . رۇستەم بىرئاز جىددىي-
لەشكەندەك بولۇپ سورىدى :
— نېمە گەپ ئىدى ، قېنى دەڭ ، — دېدى .
— مەن دېگەن بىر قاتىلنىڭ قىزى . بولۇپمۇ ئېرىنى ئۆل-
تۇرگەن قاتىلنىڭ قىزى ... ، — دېدىم ئوچۇقلا .
— توۋا خۇدايىم ! ... ئانىڭىز دادىڭىزنى ئۆلتۇرگەنمى-
دى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيرانلىقتا .
— شۇنداق ، ئەمدى سىز بۇ ئىشقا نېمە دەيسىز ؟ — ئۇنىڭ
كۆزىگە قاراپ سورىدىم .
رۇستەم نېمىلەرنى ئويلىدىكىن ، بىردەم جىممىدە تۇرۇپ
قالدى ۋە بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :
— نېمىشقا ، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ؟ — دەپ سورى-
دى . مەن ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا بارلىق ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ
بەردىم . ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن :
— ھېچقىسى يوق . سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىزلا
بولدى . ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئىشى مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببى-
تىمنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ ، — دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئارىلىق-
تىكى ھەممە ئىش ئايدىڭ بولۇپ ، دىل يارام ساقايغاندەك ، كۆ-
ڭۈل ئاسمىنىم بىردىنلا كېڭەيگەندەك بولدى . شۇ چاغدا رۇستەم-
نىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىگە ھەقىقىي ئىشەندىم . ئۇ ماڭا بەكمۇ
سۆيۈملۈك ، بەكمۇ قەدىرلىك بىلىندى . چۈنكى ، ئۇ مەندىن يىر-
گەنمىدى ، مېنى ئەتىۋارلاپ ئەمرىگە ئېلىش ئىرادىسىدە چىڭ
تۇرماقتا ئىدى .
بىز ئاشۇ كۈنى كەچتە بىللە كىنو كۆرۈپ كەلدۇق . شۇنىڭ-
دىن كېيىن ناھايىتى يېقىن بولۇشۇپ كەتتۇق . ھەتتا بىر -

بىرىمىزنى بىر كۈن كۆرمىسەك چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يەت-
تۇق . تېخى مەن ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان
بولدۇم .

ئوقۇشىمىزمۇ پۈتتى . ھەر ئىككىمىز ئۆز ھۈنىرىمىزنى
پۇختا ئۆگىنىۋالغاندۇق . ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بوۋامغا
توي قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . بوۋام ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ :

— سەن ياقتۇرغان بولساڭ مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق ، —
دەپ توي ئىشىمغا رازىلىق بەردى . شۇنداق قىلىپ رۇستەم بىلەن
توي قىلدىم .

## 21

رۇستەمنىڭ ئىككى ئاچىسى تالالىق بولغاچقا ، ئۈچ جاننىڭ
تامىقى بىر ئۆيدە ئىدى . قېيناتام گىرۋى كەلگەن ، يۈزىنى چې-
چەك ئىزى باسقان ، ئەللىك ياشلاردىكى ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى . بىز بۇغداي سارغايغىچە ئىككى
ئېغىز دۇكان ئۆينى پۈتتۈرۈۋالدۇق . مەكتەپتىكى ئوقۇشنى پۈت-
تۈرگەن چاغدا ھەربىرىمىزگە كېرەك بولىدىغان تۈرلۈك سايمان-
لاردىن بىر يۈرۈشتىن تەقسىملەپ بەرگەنىدى . بىز شۇ سايمانلار
بىلەن بىر ئۆينى تىككۈچىلىك ، يەنە بىر ئېغىز ئۆينى ياغاچچىلىق
دۇكىنى قىلىپ ئىش باشلىۋەتتۇق .

مەن ئۈچ شاگىرت قوبۇل قىلدىم . خېرىدارلار كۈندىن كۈن-
گە كۆپىيىپ كەتتى . رەختلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەندە ، كېچىلىرى
ئىشلىدىم . رۇستەم خاماندىن كېيىن ، بىر ئادەمنىڭ ئۆينى
قوراشتۇرىمەن دەپ ، بەش شاگىرت باشلاپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر
يەرگە كەتتى . ئۇمۇ ھېرىپ - ئېچىپ ناھايىتى كەچ ئاران قايتىپ
كېلەتتى . بىر كۈنى بىر شاگىرت بالا بىر كۆڭلەككە دەزمال
سېلىۋېتىپ ، پەۋزىنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى . ئۇ

قىممەت باھالىق كۆڭلەك بولغاچقا ، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكلا
يېرىم بولۇپ ، چىرايىم ئاقىرىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي
قاپتىمەن . ئىگىسى بىلسە چوقۇم تاپا قىلىدۇ ، دېگەنلەرنى ئويى-
لاپ ، قورقۇپ كەتتىم .

— ۋاي ، قانداق قىلارمەن ؟ كۆزىڭىز نەگە كەتكەندى سىز-
نىڭ ؟ — دېدىم ئۆزۈمنى تۇتالماي .

شاگىرت قىز قورقۇپ «ۋاررىدە» يىغلىۋەتتى .

— يىغلىماڭ ، يىغلاش بىلەن ئىش تاڭ ئاتامدۇ ؟ — دېدىم
ئاچچىقىمدا .

ئۇ قىز بالا يىغىدىن پەس بولغان بولسىمۇ ، تىترەپ تۇرات-
تى . قولىدىكى كۆڭلەكنى ئېلىپ ئۇنى تۈزىگىلى بولىدىغان -
بولمايدىغانلىقىغا بىردەم قاراپ تۇردۇم . «ئىچ تەرىپىدىن ياماق
سېلىپ يامىسام بەك چانمىغۇدەك ، يېزىلىق بولغاندىكىن ، ئانچە
بەك دىققەت قىلىپ قاراپ كەتمەس» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، قايچىنى
قولۇمغا ئالدىم - دە ، كۆڭلەكتىن ئاشقان پۇرۇچتىن بۇزۇلغان
يەرگە چىپ كەلگۈدەك قىلىپ كېسىپ چىقتىم ۋە يامىدىم . چان-
مىغۇدەك ھالەتتە دەزمال سېلىپ ئىلغۇچقا ئىلىپ قويدۇم .

كۆڭلەكنى كۆيدۈرۈپ قويۇپ مەندىن تەنبىھ ئاڭلىغان قىز
بالا ئەتىسى ئىشقا كەلمىدى . ئېھتىمال ، قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلى-
سىمۇ ، ئۆزىچە مەندىن ماي تارتىپ كەلمىگەن بولسا كېرەك .
قالغان ئىككى شاگىرت مەن بىلەن بىللە ئىشلەپ تۇراتتى .

دەل شۇ كۈنلەردە ھەممىمىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن ئالدى-
راش بولۇۋاتساق ، توساتتىن ئىشىكتىن ئاران دېگۈدەك پاتىدى-
غان ، سېمىز ۋە دومىلاققىنە بىر ئايال دۇكان ئىچىگە ھاسىراپ-
ھۆمۈدەپ كىردى . بۇ ئايال ھېلىقى كۆڭلەكنىڭ ئىگىسى ئىدى .
ئۇنى كۆرۈپ چىرايىم ئۆڭۈپ ، يۈرىكىم سېلىپ كەتتى .

— ئۇستام ، كۆڭلىكىم پۈتتىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئالتۇن
بىلەن قاپلانغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغىنىچە ئۇ ئايال .

www.uyghurkitap.com

مەن چىرايىمغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ :
— تۈنۈگۈن پۈتكەنىدى ، — دېدىم .
— خويمۇ ئوبدان بوپتۇ ، بۇگۈن بىر تويغا چىللاپتىكەن ، قېنى بىر كىيىپ باقايچۇ ؟ — دېدى خۇشاللىقىدا .
كۆڭلەكنى ئۇ ئايالغا ئېلىپ بەردىم . ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىپلا ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى . يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ تۇراتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى شورپىدەك پارقىراپ كەتتى .
— خېنىم ، ماۋۇ نېمە قىلىق ؟ كۆڭلەكنىڭ بۇ يېرىگە ئەجەب ياماق چۈشۈپتىغۇ ؟
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ماڭا ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق تۇيۇلدى . ئۇ ئايال ئۈن - تىنسىز تۇرغىنىمنى كۆرۈپ :
— گۆشىيىپ تۇرىسىزغۇ ، بۇ كۆڭلەكنى شاگىرت تىككەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ياق ، مەن تىككەن ، — دېدىم جىددىيلەشكىنىمدىن ئارانلا .
— سىز بۇ يەرگە شاگىرتمۇ يا ئۇستىمۇ ؟ — ئۇ مەندىن شۇنداق سورىدى .
— ئۇستا ، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇ ئايالغا .
— ئۇستىمىش ، كۆڭلەكنى تىككەندە نەگە قاراپ ئولتۇرۇپ تىككەن ؟ كۆزىڭىزگە ئىشتان كىيىلىپ قالغانمۇ - يا سىزنىڭ ؟ — ئايال بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتاتتى .
— خاپا بولمىسىلا ، — دېدىم مەن كۆزۈمگە ياش ئېلىپ ،— شاگىرت بالا دىققەتسىزلىكتىن كۆيدۈرۈپ قويۇپتىكەن ، — دېدىم پەس ئاۋازدا . ئېغىزىمدىن ئەمدى شۇ گەپ چىققىشىغا :
— قايسىڭ كۆيدۈردۈڭ كۆڭلىكىمنى ؟ — دەپ ئۇ ئايال دۇكاندىكى شاگىرتلارغا ھۈرپىيىۋىدى ، باللاردىن بىرى :

— بىز قىلمىدۇق ، — دېدى تىترەپ تۇرۇپ . ئۇ ئايال ماڭا ئالىيىپ قاراپ :

— نېمە ، ئۆزۈڭچە مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن ؟ سەنمۇ كۆيدۈرمىسەڭ ، شاگىرتىڭمۇ كۆيدۈرمىسە ، ئاناڭ كۆيدۈردىمۇ ئەمىسە بۇ كۆڭلىكىمنى ! — دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىۋىدى ، پۇت - قولۇم دىر - دىر تىترىدى . ئۇ ئايالغا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم . سىرتتىن قېيناتام كىرىپ ، بۇ يەردىكى جىددىي ھالەتكە سەپسالغاندىن كېيىن :

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ئۇ ئايال تېخىمۇ چالۋاقاپ :

— نېمە بولاتتى ؟ كۆزىگە ئىشتان كىيىلىپ قالغان ماۋۇ خوتۇن كۆڭلىكىمنى بۇزۇپتۇ ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، قېيناتامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى .

— نېمانچە ئەزۋەيلەيلا ؟ بۇزۇلسا كۆڭلەك بۇزۇلۇپتۇ ، ئادەم ئۆلمەپتىغۇ . تۆلەپ بەرسەك بولمىدىمۇ ؟ — دېۋىدى ، بۇ گەپ بىلەن يۈرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى .

— ئۇ رەختنىچۇ ، تۈركىيىگە بېرىپ ئەكېلەمسىز ؟ — دەپ سوئال قويدى ئۇ ئايال قېيناتامنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ تۇرۇپ .

— ئوھۇي ، تېخى تۈركىيىنىڭ مېلى دېسىلە ، — دېدى قېيناتام ھەيران بولغان قىياپەتتە .

لېكىن ئۇ ئايال پەرۋاسىز ھالدا ئېيتتى :

— شۇنداق ، چەت ئەلنىڭ ، يەنە كېلىپ تۈركىيىنىڭ ، چەت ئەلنىڭ جىلى مېلى دېسىلە .

— مۇشۇ كۆڭلەكنىڭ ھەممىسىمۇ ؟

— ھە .

— پۇلى قانچىدۇر ؟

— سەككىز يۈز ئەللىك كوي .

— نېمە ؟

www.uyghurkitap.com

— قۇلاقلىرى گاسمۇ نېمە؟ سەككىز يۈز ئەللىك كوي!... ئايال ئاۋازىنى يۇقىرىلىتىپ گېپىنى تەكرارلىدى.

— ھە، بۇنداق دېسىلە، — دېدى قېيناتام سوغۇق كۈلۈم-سىرەپ قويۇپ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۇ پۇلغا توققۇز كۆڭلەك سېتىۋالالايمەن. ئۇ رەختىنىڭ مۇشۇ يەردىكى زاۋۇتلاردا توقۇلۇپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

— چەتنىڭ جىگى، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغىنى ساختىسى.

— تولا ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلىچۇ، قارىغاندا، سىلىگە چەت ئەلنىڭ ھەر نېمىسى ئالتۇن كۆرۈنىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— كۆڭلىكىمنى كۆيدۈرۈشسەڭ لام - جىم دېمەي تۇرسام، ئەمدى ھەممىڭ بىرلىشىپ مېنى بوزەك قىلماقچىمۇ؟ ئۇچىغا چىققان ناچار خەقلەردىن ئوخشاشامسەن!

ئۇ ئايال شۇنداق دەپلا كىلىپ چېچىمدىن قامالللىۋالدى. مەن قورقۇپ كەتتىم. شۇ چاغدا قېيناتام ئۇنىڭغا:

— قويۇۋەت، قىزىمنىڭ چېچىنى! — دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئۇ ئايال چېچىمنى قويۇۋېتىپ قېيناتامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ۋە قېيناتامنىڭ يۈزىگە «شالاقىدە» بىرنى تۈكۈردى. قېيناتام ئاچ-چىقىدا پۈتى بىلەن بىر تېپىك تېپىۋىدى، ئۇ ئايال شۇ ھامان يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا سىرتتىن بىر توپ كىشىلەر كىردى ۋە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ ئايالغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىشتى. ئۇ ئايال بولسا يەردە ۋايجانلاپ، يىلاندەك تولغىنىپ ياتاتتى. سىرتتىن كىرگەن ئاياللار ئۇ ئايالنى ئورنىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلىشۇدى، ئۇ ئايال ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىماي جايىدىلا يېتىۋالدى. كىم خەۋەر قىلدىكىن، بىر چاغدا ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ، ئۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى. قېيناتامنى ئالدىغا سېلىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

رۇستەم بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ ھۇنەر قىلىۋاتقان

يېرىدىن قايتىپ كەلگەندە ، ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇچە-
قىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . ئۇ ماڭا تەسەللى بەردى . ئۇ بۇ كىچىككىنە
ئىش سەۋەبىدىن قېيناتامنى ساقچىخانىدىن قايتۇرۇپ چىقىشقا يۈز
يۈەن ، ھېلىقى ئايالنىڭ داۋالىنىش ھەققىگە تۆت يۈز ئەللىك
يۈەن ، كۆڭلىكىگە بەش يۈز ئەللىك يۈەن تۆلىدى . دۇكىنىمىزغا
رەخت ئەكېلىپ قويغانلار رەختلىرىنى يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن
قايتۇرۇپ كېتىشتى . قالغان ئىككى شاگىرتمۇ دۇكاندىن كېتىپ
قالدى . دۇكىنىمىزنىڭ سودىسى شۇنىڭ بىلەن كەينىگە يېنىپ
كەتتى . مەن شۇنىڭ بىلەن بىكار قالدىم ۋە ئۆيدە مال بېقىپ
بىكار ئولتۇردۇم .

رۇستەم بىر يىلدىن كېيىن ئۆزى ھۈنەر قىلىۋاتقان ئۆيگە
مېنىمۇ ئاپاردى . مەن ئۇ يەرگە بارغاندا ئۆي پۈتەي دەپ قالغان-
دى . مەن بېرىپ ئەمدى بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن
ئۆي ئىگىسىنىڭ يىراق شەھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئوغلى
پەيدا بولدى . ئۇ ھەممە ئۆيگە سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن
دادىسىدىن :

— دادا ، مۇنداق نائۇستا ياغاچچىنى نېمشقا بۇ ئۆينىڭ
ياغاچچىلىق ئىشىغا سالدىڭىز ؟ — دەپ سورىۋىدى ، دادىسى ئوغ-
لىغا :

— نېمە بوپتۇ ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى .
شۇ چاغدا ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ :

— قارىمامسىز مانا ، ئۆينى بۇزۇپ قويۇپتۇ ، — دېدى . بۇ
گەپنى ئاڭلاپ رۇستەمنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى . مېنىڭ كۆڭ-
لۈممۇ بىر قىسما بولۇپ كەتتى . شۇ چاغدا رۇستەم ئۇ يىگىتنىڭ
يېنىغا بېرىپ :

— ئاكا ، ئۆينىڭ قەيىرى بۇزۇلۇپتۇ ؟ — دەپ سورىدى
مۇلايىم ئاۋازدا .

— قارىڭە ، ئاۋۇ يەرگە ئىنچىكە لىم ئىشلىتىپسىزغۇ ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

لسم بۇ ئۆينىڭ سۇپىتىنى بۇزۇپتۇ ، — ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى .

— بۇ مۇنداق ئىش قاراڭ ، — دېدى رۇستەم يېنىڭ تىن ئېلىپ ، — دادىڭىز چوڭ ياغاچ سېتىشۇېلىشقا پۇلۇم يوق ، ئۆيدە بارىنى ئىشلىتىپ بېرىڭ ، دېگەنىدى ، — دېدى .

— دادا ، سەن راست شۇنداق دېگەنمۇ ؟ — دەپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىۋېدى ، ئۇ ئادەم :

— مەن نەدە شۇنداق دېدىم ؟ — دېدى پەرۋاسىزلىق بىلەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رۇستەم ئۇ كىشىگە غەزەپلىك بىر قاراپ قويۇپ :

— ئاشۇ ئۇزۇن ساقاللىرى بىلەن تىنىۋالسىلا ، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئۇ ئادەم يەنە ئۆكتەملىك قىلىپ :

— مۇبارەك ئۇزۇن ساقىلىمنى چىشلەپ تارتىشقا نېمە ھەددىڭ سېنىڭ ؟ ئىشقىلىپ مەن ئۇ گەپنى دېمىدىم ، — دەپ تېنىۋالدى .

ئوغلىمۇ ھۇرپىيىپ :

— دادامنى يەنە ھاقارەتلەيدىغان بولساڭ ، ئۇتتۇر چىشلىرىڭنى تۆكۈۋېتىمەن ، — دەپ تەھدىت سالدى . مەن بۇ ناھەقچىلىككە چىدىيالماي رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— رۇستەم ، بولدى ئارتۇقچە تاكاللىشىپ يۈرمەڭ ، — دېدىم ياش يۇقى كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ . ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىگە پەيدا بولغان يېشىنى ئاران تەستە يوشۇردى .

— ئەمدى بۇزۇلغان بۇ ئۆينى قانداق قىلىسىز ؟

رۇستەم بۇ ئادەمنىڭ ئوغلىغا قاراپ قويۇپ :

— ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلاي ، — دېگەنىدى ، ئۇ بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ :

— ئەمدى نېمىنى قىلىسىز ؟ بۇزۇلغان ياغاچنى تۈزىگىلى بولامتىمۇ ؟ — دېدى .

— ئەمىسە، مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ — دەپ سورىدى رۇستەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— نېمە قىلاتتىڭىز، پۈتۈن ئۆينىڭ ئىش ھەققىدىن ۋاز كېچىسىز!

— مەن بۇ يەردە ئۈچ ئاي ئىشلىگەن تۇرسام، يېرىم ئىش ھەققىنىمۇ بولسا بېرەرسىلە، — دېدى رۇستەم يىغلامسىراپ.

رۇستەمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ يىگىت رۇستەمگە ھۆرپەيدى:

— ياخشىلىقچە كۆتۈڭنى قىسىپ كەتسەڭ كەت! بولمىسا سېنى چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىمەن ھېلى! — دېدى. مەن رۇستەمگە يالۋۇرۇپ:

— رۇستەم، مەيلى بولدى قىلىڭ، كېتەيلى. كۈچىڭىز بارغۇ. سالامەتچىلىك بولسا بۇنداق ئۆيدىن يەنە نەچچىنى قۇرالايسىز.

رۇستەم ماڭا تازا سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سايمانلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا سايمان يىغىشتۇرۇپ بەرگەچ يىغلاپ سالدىم.

بىز ئۆيگە سالپايغىنىمىزچە قايتىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزگە قاراشلىق تۆت مو يەرنى باشقۇرغاچ كۈن ئۆتكۈزدۇق. بىر كۈنى قېيناتام:

— بالىلىرىم، يېزا دېگەن شۇنچىلىك ئىكەن. ھۈنىرىڭلارنى ئاقتۇرالمىدىڭلار. مۇنداق كېتىۋەرسە ھۈنىرىڭلارنى يەپ كېتىسىلەر، كۆمۈلۈپ قالىسىلەر. شۇڭا شەھەرگە كەتسەڭلار. ئۇ يەردە بۇ يەردىكىدەك مۇتتەھەم ئادەم يوقتۇر بەلكىم. شەھەرلىكلەر ئاڭلىق، مەدەنىي كېلىدۇ، دەپ ئاڭلايمەن، — دېدى.

رۇستەم بېشىنى كۆتۈرمەي تاماق يەۋېتىپ:

— بۇ ھۈنەردىن رايىم قايتتى. شەھەرگىمۇ بارمايمەن، — دېدى كەسكىن قىلىپ.

— ئۆچ مو يەر بىلەن كۆن ئالمىقمىز تەس بولدى . سىلەر تېخى ياش . ئالدىراپ بەل قويۇۋەتمەڭلار ، — دېدى قېيناتام .
— دۆكاننىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۆلارنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ .
— مەن بىر ئامالىنى قىلىمەن ، — دېدى قېيناتام .
رۆستەم باشقا گەپ - سۆز قىلماي جىم ئولتۆردى . مەن ئۆنى قوشۆلدى دەپ خۆشال بولدۆم .
قېيناتام لەۋزى قىلغىنى بويىچە ئۆيى شەھەرگە يېقىن بىر تۆغقىنىنىڭ ئىككى دۆكىنىنى ئەرزان باھادا ئىجارە ئېلىپ بەردى . شۆنىڭ بىلەن بىز ئايرىم - ئايرىم ، باشقا - باشقا جايدا ئىش باشلىۋەتتۆق . ئىش باشلىغىلى تېخى بىر ئاي بولمىغانىدى ، بىر كۆنى چۆشتە رۆستەمنىڭ ئوتتۆرا بارمىقىنى ھەرە ئۆزۆۋېتىپتۆ . شۆنىڭ بىلەن تاپقان - تەرگىنىم رۆستەمنى بېقىشقا كەتتى .
بىر كۆنى دۆكىنىمغا قىرقىم چاچ بىر قىز يوپكىسىنى ئالغىلى كەلدى .
ئۆ يوپكىنى كىيىپ كۆرگەندىن كېيىن :
— بىرلىك ئۆزۆن بولۆپ قاپتۆ ، — دەپ ماڭا چەكچىيىپ قارىدى .
مەن ئۆنىڭ يوپكىسىغا قاراپ :
— قۆيۆپ قويغاندەك بىر ئۆبدان تۆرامىدۆ ؟ — دېسەم ئۆ قىز چىرايىنى تۆرۆپ :
— نەدە شۆنداق تۆرۆپتۆ ؟ ئۆزۆن تۆرامىدۆ مانا ! — دەپ ۋارقىرىدى ماڭا . مەن ئۆنىڭغا :
— بەك قىسقا بولۆپ كەتسە ياراشماس . ھازىر شۆنداق ياراشتىغۆ ، — دېسەم ، ئۆ :
— خاتا ئۆلچەپ قويۆپسىز ، شۆڭا گەپ يورغىلىتىۋاتىسىز . ھازىر دېگەنچۆ كىيىمنى قىسقا كىيىش مودا بولۆۋاتىدۆ ، — دېدى يەنە ئۆز گېپىدە چىڭ تۆرۆپ .

— ئۆنداقتا ، ئۆزۈڭلۈقىنى كېسىۋېتىپ باشقىدىن تەييارلاپ بېرەي ، — دېدىم ئىلاجسىز .
— تەييارلاپ بېرەي ، سىز مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسىز ؟ ئۆنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى بىر چەتكە قويۇپ ، رەختىنىڭ پۇلىنى تۆلەڭ ! — ئۇ ماڭا شۇنداق بۇيرۇق قىلدى .
بۇرنۇمغا نەچچە قېتىم سۇ كىرگەچكە ، باشقا گەپ - سۆز قىلماي ، ئۇ قىزنىڭ يوپكىسى ئۈچۈن ئەللىك يۈەن تۆلەپ بەر-دىم . ئالدىمغا ئۆنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل ئاياللار كېلىپ ، قىلغان ئىشىمدىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ ئەرزان رەختلىرى ئۈچۈن قىممەت باھادا تۆلەم تۆلىتىۋەرگەچكە ، تاپقىنىم چىقىمىمغا يې-تىشمەي ، ئاخىر تىككۈچىلىكتىن چورتلا رايىم قايتىپ رۇستەم بىلەن يېزىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم .
مەيلى قەيەرگىلا بارمايلى «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» بولغاچ-قا ، شۇنىڭدىن كېيىن ھۈنەر قىلمىدۇق . «ھۈنەر» دېگەن سۆزنى باشقىلاردىن ئاڭلىسامۇ قۇلىقىمغا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك بىلى-نىپ كەتتى .
شۇنداق قىلىپ ھۈنەرلىك تۇرۇپ ھۈنەرسىز قالدۇق . رۇس-تەم بىلەن قايتىدىن تىرىكچىلىكنىڭ غېمىگە چۈشتۇق . بىر ئۆيگە كىرىپمۇ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتالماي ، يېگۈمىز بارنى يېيەل-مەي ، كىيگۈمىز بارنى كىيەلمەي ئاچ - زارلىقتا ئۆتتۇق . ئۈچ-تۆت يىل ئەنە شۇنداق ئۆتتى . نامراتلىق دەستىدىن كۆن ئالمىغى-مىز ھەقىقەتەن تەس بولۇشقا باشلىدى . سېرىقتال تۇرمۇش كە-چۈرۈشكە باشلىدۇق .
كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . رۇستەم ئۆيگە ناھايىتى خۇشال كىردى . چىرايىدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ يېنىمغا كېلىپ :
— خوتۇن ، مەن تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئۇقۇۋالدىم . بىر ئاغى-نەم ئىچكىرى ئۆلكىدە ئۆزۈم ساتايلى ، پايدىسى بەك ياخشى ،

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ ، — دېدى . مەن بىردەم تۇرۇپ قېلىپ :
— يىراق شەھەر ئوخشايدۇ . سىز كەتسىڭىز قانداق قىلارمەن ؟ — دېدىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ .
— ھازىرچە ، بىر - بىرىمىزنى سېغىنساقمۇ چىدايلى . يەنە بىر قېتىمدا سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىمەن ، — دېدى ئۇ كۆڭلۈمنى ياساپ .
— پۇلنى قانداق قىلىسىز ؟ — دەپ سورىدىم قوشۇلغانلىقىمنى ئىپادىلەپ . ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ :
— كىراغا ئاغىنەم پۇل بەرمەكچى ، تامىقىنى ئۆزى كۆتۈرمەكچى ، باغدىن قۇرۇتۇلغان ئۈزۈمنى ئېلىۋالسام ئىش پۈتىدىغان بولدى .
— كەتسىڭىز قانچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ كېلەرسىز ؟ — دەپ سورىدىم بوش ئاۋازدا . ئۇ :
— تۆت - بەش ئايدا قايتىپ كېلىدىغان ئوخشايمىز ، — دېۋىدى ، كۆز ئالدىم بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى ...
ئەتىسى رۇستەم :
— تۈنۈگۈن ھوشىڭىزدىن كەتتىڭىز . مەن قارارىمنى ئۆزگەرتتىم . تىجارەتكە بارماي يېنىڭىزدىن ئايرىلماي ، — دېدى . مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمىساممۇ «ئۆزمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ ، ئۆيدە بىكار ياتساق تۇرمۇشىمىز جاپالىق بولىدىغان گەپكەن .
— بولدى ، پىلانىڭىز بويىچە سەپەرگە تەييارلىق قىلىڭ ، — دېدىم ئۇنىڭغا .
رۇستەم كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى . ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرىدا مەڭزىمنى يېنىك سىلىدى . رۇستەم باغدىن قۇرۇتۇلغان تۆت تاغار قۇرۇق ئۈزۈمنى ئېلىپ يىراق شەھەرگە ماڭغاندا يۈرىكىمگە تاشنى قويۇپ ئۇزىتىپ قويدۇم . ئۇ كەتتى . ئۈچ تۆت كۈنگىچە كۆزۈمنىڭ يېشى قۇرۇمىدى . كۈن ئۆتۈپ ، ئاي

ئۆتۈپ بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدىم . رۇستەمنىڭ تىجارىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا يازغان خەتلىرى ، قىلغان تېلېفونلىرى كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرەتتى . قېيناتامنىڭ ئاش ـ تاملىقىنى ئېتىپ ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ، ماللىرىمىزنى بېقىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن كەيپىياتىمنى تەڭشەپ ئۈچ ـ تۆت ئاينى ئۆتكۈزدۈم .

بىر كۈنى رۇستەم گويا يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۆيگە پەيدا بولۇۋېدى ، خۇشلۇقتىن يۈرىكىم يېرىلغىلى تاس قالدى . ئۇ سەم- رىپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ يارىشىملىق كىيىملىرى ئۇنىڭ- غا باشقىچە ئىسكەت بېغىشلىغانىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپلا :

— بەش مىڭ يۈەن پايدا ئالدىم ، — دېدى . ئۇنىڭ دېگەنلى- رىگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم .

— تۇۋا ، بۇرۇنراق بارساڭ بوپتىكەن ، — دېدى قېيناتام ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى ساناپ كۆرگەندىن كېيىن .

ئۇ قېيناتام بىلەن ماڭا بىر قۇر يېڭى كىيىم ئالغاچ كەپتى- كەن ، كىيىمنى كىيىپ كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولدۇق . رۇس- تەم بىلەن ھۇجرىغا كىرگەندە ، خۇددى يېڭى توي قىلغان ۋىسال كېچىسىدەك خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىچىدە بەكلا راھەتلىنىپ ئۇخلىدۇق ...

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بەش مىڭ يۈەننىڭ بىر قىسمىنى دەسمايە قىلىپ ، مېۋە ـ چېۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردى .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ يەنە ئىچكىرى ئۆلكىگە ماڭىدىغان ۋاقتى بولدى ، ئۇ بۇ قېتىم مېنىمۇ بىرگە ئېلىۋالماق- چى بولدى .

بۇلۇتسىز زەڭگەر ئاسماندا توپ ـ توپ قۇشلار لەرزان ئۇچۇ- ۋاتقان ، تەبىئەت ئالتۇن لىباسلىق كىيىمنى كىيگەن ، مەھەللىنى مەمۇرچىلىق قاپلىغان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، رۇستەم بىلەن

ئىككىمىز بىر تەشتەكتىكى بىر جۈپ قىزىلگۈلدەك ياندىشىپ يىراق شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق . بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس مەنزىل تامان شامالدەك يۈرۈپ كەتتى . ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داخىيەنگە كېلىپ پويىزغا ئالماشتۇق . پويىزدا ئولتۇرۇپ ئىچكى-رى ئۆلكىلەردىكى قەۋەت ـ قەۋەت بىنالارغا كەڭ ھەم ئۇزۇن يوللارغا قاراپ «توۋا ، بۇرۇنراق كەلسەم بوپتىكەن» دەپ پۇشاي-مان قىلىپ قالدىم . بىز بىرنەچچە ئادەم ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ياتاق ئالدۇق . ئەتىسى رۇستەم مېنى ئارقىسىغا سېلىپ بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە باشلاپ چىققانىدى . بىزنى كىشىلەر ئورىۋېلىشتى . مەن تېڭىرقاپ تۇرغىنىمدا ، ئۇلاردىن بىرى بې-شىمدىكى دوپپىنى قولىغا ئېلىپ قىزىقىپ كۆرۈشتى . يەنە بەزى-لىرى ئۈچامدىكى ئەتلەس كۆڭلەكنى تۇتۇپ كۆرۈپ بىر نەرسە دېۋىدى ، ھەممىسى كۆڭلەكنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ كېتىشتى . ئۇلار مېنىڭ كۆڭلىكىمگە ۋە دوپپامغا ناھايىتى بەك ھەۋەس قىلىپ كەتكەنىكەن .

دەم ئېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ، بازارغا چىقىپ تىجارەتنى باشلىۋەتتۇق . رۇستەم بىلەن ئىككىمىز ئايرىم ـ ئايرىم جايدا ئولتۇرۇپ قۇرۇق ئۈزۈم ساتتۇق . نىمىشقىدۇر مېنىڭ بازىرىم باس ـ باس بولۇپ كەتتى . رۇستەم كەچقۇرۇن :

— بازىرىڭىزنىڭ تېز ئېقىشىدىكى سەۋەب ، مىللىيچە كىيى-مىڭىز ئۇلارنى جەلپ قىلغان گەپ . شۇ سەۋەبتىن بازار جەھەتتە مەندىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇۋاتىسىز ، — دېدى .

كېيىن بىلسەم راست ئىكەن . بىرقانچە كۈندىن بېرى كى-شىلەرگە چىرايلىق مودا بولۇپ كۆرۈنۈپتىمەن . قولىمىزدىكى ئۈزۈملەر ئىككى ھەپتىدىلا سېتىلىپ تۈگىدى . توپچىلاردىن توپ ئېلىپ پارچە سېتىپ ، ئارىلىقتا پايدا ئېلىپ يۈردۇق . رۇستەم ئىككىنچى قېتىم زاكاز قىلدۇرغان ئۈزۈملەر قولىمىزغا ھەپتىدە تەگدى . يەنە ئۈزۈملەرنى سېتىش بىلەن مەشغۇل بولدۇق . بازار

ياخشى بولغاچقا كۆڭلىمىز توق ئىدى. دائىم خۇشال - خۇرام يۈرۈپ بۇرۇنقى جاپا - مۇشەققەتلەرنى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بارا - بارا ئۇنتۇپ كەتتۇق. بىز ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تاماقلارنى ياتاقتا، چۈشلۈك تاماقنى تىجارەت ئورنىدا يەيتتۇق. تاماقنى مەن ئېتەتتىم، باشقىلار ياردەملىشەتتى.

بىر كۈنى رۇستەمنىڭ بىر دوستى بىزگە:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، بىزنىڭ يۇرتتىكى ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىدىغان سابىرنى بۇلاڭچىلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دېگەندى، رۇستەمنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتاردى. ئۇ:

— ھە، قاچان؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاغىنىسى تاماكىسىغا ئوت يېقىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن:

— ھەمراھلىرىنىڭ تېلېفوندا ئېيتىشىچە، ئۈلۈشكۈندىكى ئىش ئىكەن.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەنمۇ جىددىيلىشىپ.

— پۇل سوراپ كەپتىكەن، بەرمەپتۇدەك. شۇڭا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— توۋا خۇدايىم، پۇل بەرمىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرگەنمۇ بارمۇ؟ — دېگەندىم، ئۇ:

— سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولۇڭلار، بۇ يەردىكى بۇلاڭچى، كاۋاپچى، يانچۇقچى، ئوغرى دېگەنلەر بىلەن جېدەللەشمەڭلار. ئىناق ئۆتۈڭلار، — دېدى.

— ھە، راست، — دېدى رۇستەم ئۇ ئاغىنىسىگە قاراپ، — ئاق بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان ھېلىقى توختىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟

— خەۋەر تاپتىم، — دېدى ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئۇھ تارتىپ، — مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ كۆڭلۈم خاتىرجەمسىزلىنىشىپ، باشقىدىن

يېرىم بولۇشقا باشلىدى . بۇ شەھەرنى ئاۋات ـ تىنچ دېگەن خىيا-لىرىم بىراقلا بەربات بولدى . بازارغا چىققاندىمۇ ئەنسىرەپلا يۈر-دۈم .

بىر كۈنى تىجارەتتىن كېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇۋاتسام ، تۇيۇقسىزلا ئىشىك قېقىلدى . ئىشىكنىڭ قېقىل-غان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كەتتى . قوللىرىم تىترەپ تۇرغان ھالەتتە ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە ، چىرايىم ئاقىرىپ بىرنەچچە قەدەم ئارقامغا داجىدىم . ئالدىمدا پور كۆتەكتەك سەم-رىگەن ، يۈزلىرىدە پىچاقنىڭ ئىزلىرى روشەن تارتۇق قالدۇرغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئۈچ ئادەم قاراپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ چىرايى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى .

— قورقماڭ خېنىم چوكان ، بىز ئادەم يېمەيمىز ، — دېدى قارىماتاق كەلگەن ئۇزۇن بويلۇق بىرى . مەن يەنىلا تىترەپ تۇراتتىم . شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ :

— سىلەر كىم ··· كىمنى ئىزدەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدىم . پاكار ئاق سېرىق بىرى .

— بىز مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىگىلىرى ، رۇستەم ئىسىملىك يىگىتنى ئىزدەيمىز ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم «ۋىلد-لىدە» يورىدى . مەن چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ :

— مەن ئۇنىڭ ئايالى . ئۇ ھازىر كېلىدۇ ، قېنى ياتاققا كىرىڭلار ، — دېدىم . ئۇلار ماڭا تەكشى قاراپ چىققاندىن كې-يىن ، ئۇزۇن بويلۇقى :

— يۈرۈڭلار ، رۇستەم كەلگۈچە ساقلاپ ئولتۇرايلى ، — دېگەندى ، ئۇلار ياتاق ئۆيگە كىرىپ مەن باشلىغان يەردە ئولتۇ-رۇشتى . رۇستەم ھايال ئۆتمەي قايتىپ كەلدى .

ياتاققا كىرىپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ـ دە ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقاندىن كې-يىن ، پاكار ئادەم رۇستەمگە قاراپ :

— خوتۇنۇڭنى چۆچۈتۈپ قويدۇق . ئۇ ئىشىكنى ئاچقاندا بەك قورقۇپ كەتتى ، — دېگەنىدى ، رۇستەم كۈلۈپ قويۇپ :

— ئەپەندىلار قورقۇنچلۇق تۇرسا ، ھېلىمۇ ياخشى ھوشىدىن كەتمەپتۇ ئۇ ، — دېدى . ئۇزۇن بويلۇقى ماڭا قاراپ قويۇپ :

— خوتۇنۇڭ بەك چىرايلىقكەن جۇمۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كەتمە . بىزغۇ ئۈز ، ئەگەر بايىقى چاغدا باشقا يات ئادەملەر بولغان بولسا ئايالىڭنى بۇلاپ قاچاتتى ، — دېدى خىرقىرىغان ئاۋازدا كۈلۈپ . رۇستەم :

— سىلەر تۇرغان يەردە خۇدا ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمەس ، — دەپ قويدى .

تاماقنى ھەممىيلەن بىرگە يېدۇق . تاماق يېيىلىپ بولغاندا ، رۇستەم ئۇلارغا :

— قېنى ئېيتىڭلار ، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . شۇ چاغدا ئېگىز بويلۇقى بۇرۇتىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن :

— مىڭ يۈەن ئۆتنە بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ كەلگەن ، بېرەلەيدىغانسەن ؟ — دېگەنىدى ، رۇستەم :

— بازىرىمنى قوغداپ بېرىۋاتساڭلار ، ئۇنچىلىك پۇل دېگەن نېمىدى ؟ — دېدى ۋە گىدىيىپ تۇرۇپ يانچۇقىغا قول سالدىدە ، ئۇلارغا مىڭ يۈەن پۇلنى ساناپ بەردى . رۇستەمنىڭ ئۇلارغا پۇل بەرگىنىنى كۆرۈپ ، يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى .

ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن رۇستەمدىن :

— ئۇلار نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ :

— بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ ، — دېدى . مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— بۇلاڭچى ! — دەپ تۇۋلاپ سالدىم . ئۇ يېنىمدا بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ :

— خوتۇن ، سىلى بىلمەيسىلە ، ئەگەر ئۇلار بىلەن چىقىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتمىسەك ، ئۇلار بىزنى مەجبۇرىي بۇلىغاندىن سىرت ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈرۈپ قويۇشى تۇرغان گەپ . شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ بىخە- تەرلىكى ، تىجارىتىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا تايانمىساق ، ئۇلار بىلەن يېقىن دوست - بۇرادەر بولمىساق بول- مايدۇ ، — دەپ چۈشەندۈردى .

مەن شۇ چاغدا «بىر خۇشاللىقتا بىر قايغۇ ھەمراھ ئىكەن ، جاھاننىڭ ئىشلىرى بەكلا سىرلىق ، ئېگىز - پەس ، ئىككى بىسلىق بولىدىكەن ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم .

## 23

ئىچكىرىنىڭ بازارلىرىغا كېلىپ - كېتىپ ، ھەش - پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى . مېنىڭ خەنزۇچە سۆزلىشىش سەۋىيەممۇ خېلى يۇقىرىلاپ قالغانىدى . يالغۇز ئۇزۇم تىجارىتىگە قاراپلا ئولتۇرمىدۇق . باشقا تىجارەتلەرنىمۇ قىلدۇق . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا دائىملىق چۆپقەتلەر ، تونۇش - بىلىش- لەر كۆپىيىپ كەتتى . رۇستەم بۇ شەھەردىكى ئۈزۈم ساتىدىغان- لارغا خوجايىن بولدى . ئۇ شەھەرمۇ شەھەر ئالدىراشلا چېپىپ يۈرەتتى .

بىز بۇ يىلمۇ تىجارەتكە ئاتلىنىش ۋاقتىنى تۇرپان كۆك ئۈزۈمى چىقىدىغان ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىغا قارار قىلدۇق . سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەرلىك بىر دوختۇر ئۇستا ، بىر ئاشپەز ئېلىۋالدۇق . بىز تۇرپان ئۈزۈمىنى بەش يېرىم يۈەندىن ئۈچ يۈز توننا سېتىۋالدۇق . رۇستەم ئىشەنچلىك دوستىنى تۇر- پاندا تۇرۇپ ئۈزۈملەرنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا يوللاپ بېرىشكە قالدۇردى - دە ، يولغا چىقتۇق . ئادەم سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەچكە ، ئۇلارنى مۇۋاپىق بۆلۈپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە ئىدى . بىز ئىچكىرىدىكى بازارلارنى قوشۇمچە تۇتقان

ھالدا ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى نەپەر ئادىمى، ئون ئىككى مىليوندىن ئوشۇق مۇقىم مەبلىغى، دوختۇر، ئاشپەزلىرى، توپ- پارچە ئۈزۈم تىجارىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدىغان ھەرخىل خېرىدارلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى مۇكەممەل بولغان بىر كۆچمە شىركىتىمىزنى رۇستەم بىلەن باشقىدىن تەشكىللەپ چىقتۇق. رۇستەم بىر دوستى بىلەن بانكا ۋە پوچتىخانا ئارا چېپىپ، سودا ئىشلىرىنى كۆزىتىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، پىلان- لاش، تەقسىملەش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھەربىر ئورۇندا بىر تىجارەت گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق بىرەر مۇناسىۋەت ياكى مۇرەككەپ زىددىيەت - قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە رۇستەمگە تېلېفون قىلاتتى. رۇستەم ئەھۋالغا قاراپ ئۇلارغا يوليورۇق بېرەتتى.

جاي - جايلاردىكى تىجارەت ئەھۋالى ياخشى ئىدى. ئون بىرىنچى ئاي كىرىپ ئۇزۇن قالماي قۇربان ھېيت يېتىپ كەل- دى. بۇ، بىزنىڭ ئىچكىرىدە ئۈچىنچى قېتىم ھېيتنى كۈتۈۋېلى- شىمىز ئىدى. رۇستەم ئالدىنقى يىلىغا ئوخشاش مۇسۇلمانچە بىر رېستوراننى ئالدىن ئۇقۇشۇپ قويدى. ھېيت ھارپىسى تىجارەتچى- لەرنىڭ ھەممىسى بىز تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىشىپ، كوللېكتىپ ھېيتلاش ئۈچۈن رېستو- رانغا قاراپ ماڭدۇق. رېستوران ئىچى كۆركەم بېزەلگەن، ئورۇن- دۇقلار رەت - رېتى بىلەن چىرايلىق تىزىلغانىدى. ھەممىمىز خۇشال - خۇرام ھالدا ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتۇق.

مىللىيچە ئالىي تاماقلار ئارقا - ئارقىدىن چىقىشقا باشلى- دى. رۇستەمنىڭ ئۆپكىدەك ئاق چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرات- تى. ئۇ ئۇستىگە قوڭۇر رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن ئاق يېپەكتىن كۆڭلەك كىيگەن، قىزىل گالستۇك تاقىغانىدى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ مىكروفون ئالدىغا كەلدى ۋە كۆپچىلىككە سۆز قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قەدىرلىك يۇرتداشلار! ئۆزۈمچىلىك
سېپىدىكى ئەل ـ ئاغىنىلەر ، دوست ـ بۇرادەرلەر ، قۇربان
ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن ! — ئۇنىڭ سۆزىگە قىزغىن ئال-
قىش ياڭراتتۇق . سەھنە ئىچى تىمتاس بولغاندىن كېيىن ئۇ
سۆزىنى داۋام قىلدى ، — دوستلار ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز
يېتىملىكتە چوڭ بولغان . بېشىمىزدىن نۇرغۇن دىشۋارچىلىق
ئۆتكەن . بىز بىر پۇڭ ، بىر نانغا زار بولغانىدۇق . بىز دۇنيا
دېگەن مۇشۇنداق ، ھايات دېگەن مۇشۇ ، ياشاش ئۇسۇلىمۇ مۇشۇ
دەپ ، ئاشۇ تۇپىلىق يېزىغا قىيماي ياشاۋەرگەن بولساق ، ھازىرقى
بۈگۈنىمىز بولارمىدى ؟ سىلەرنىڭمۇ بۈگۈنۈڭلار باياشات ئۆتەرمى-
دى ؟ بىز تەۋەككۈل قىلىپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بۇ يەرگە
كەلگەندە يانچۇقىمىز پۇلغا تولدى . قورسىقىمىز توق ، كىيىمى-
مىز پۈتۈن بولدى . بارا ـ بارا تاپقىنىمىز ئېشىپ بانكىغا قويۇ-
لۇپ ماڭدى . ئادەم دېگەن تەۋەككۈلچى بولۇشى كېرەككەن . كو-
نىلارنىڭ «نامرات بولساڭ كۆچۈپ باق» دېگەن سۆزى ناھايىتى
توغرا ئىكەن . بىز تەقدىر ، پېشانە ، ئىرادە ، شۈكۈر ـ قانائەت
دەپ مەھەللىمىزدىن بوسۇغا ئاتلىماي ئولتۇرۇۋەرگەن بولساق ،
نامرات پېتى قالار ئىدۇق . ھازىرقىدەك پۇلنىڭ قارىسىنى كۆ-
رەلمەيتتۇق . بۇنداق كاتتا ، كۆركەم ، پاكىز شەھەرلەرنى زىيارەت
قىلالمايتتۇق ھەم مەڭگۈ كۆرەلمەيتتۇق .

دوستلار ، كۆچمە شىركىتىمىز قۇرۇلغىنىغا بەش يىل بول-
دى . شىركىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىۋاتىدۇ . ئۆزۈمە-
لەرنىڭ توپ ـ پارچە سېتىلىشى ناھايىتى تېز بولماقتا . قوشۇنى-
مىزنىڭ ئەخلاقىمۇ ياخشى . ھەربىر تىجارەتچىمىز ئۈچ ـ تۆت
ئاي ئىچىدە ئالدى ئون مىڭ يۈەنگە ، كەينىمۇ ئالتە ـ يەتتە مىڭ
يۈەنگە ئىگە بولماقتا . مەن ھازىر شۇ نەرسىنى ئويلاپ قالدىم ،
ھازىر ئۆچۈر دەۋرى ، رىقابەت دەۋرى . شۇنداق ئىكەن ، بىر خىللا
تىجارەتكە ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ . تىجارەت قوشۇنىمىزغا يەنە

بىرنەچچە تۈرلۈك بازىرى ئىتتىك ماللارنى سەپلەش ئىنتايىن مۇھىمدەك قىلىدۇ . مەن بۇ كونكرېت تۈرنى سىلەرگە پات يېقىندا ئۇقتۇرىمەن . ئۇ تۈرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن مۇھىم ھەم مەخپىي ، ئۇلارنى بۇ مەيداندا ھازىرچە ئاشكارىلىمايمەن . دوستلار ، قولىمىزدىكى ماللارنى ئوبدان ساقلاشقا مەسئۇل بولايلى . ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولايلى . دىلىمىز بىلەن تىلىمىز بىردەك بولسۇن . تىجارەت ئىشلىرىغا سوغۇق قول تەگكۈزمەيلى . بىز مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ، جاپاغا چىداپ ئۆزۈمچىلىك كەسپىمىزنى باشلاش ئالدىدا يېڭى تىجارەت تۈرلىرىنى پۇختىلىق بىلەن قانات يايدۇرايلى . بۈگۈنكى ھېيت پەتىسىدىن پايدىلىنىپ ، مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇ . كۆپچىلىككە رەھمەت !

رۇستەمنىڭ سۆزى سورۇندا ئولتۇرغان ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرگەندى . بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى . بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتۇق . رۇستەم مىكروفون ئالدىدا قولىنى ئېگىز كۆتۈردى . بىز قايناپ تۇرغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىمتاسلىققا چۆمدۇق . ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ :

— دوستلار ، بىزنىڭ سېپىمىزدە بىر نەچچە دېھقان شائىرلىرىمىز بار . ئۇلار تىجارەت سېپىمىزنىڭ ئىناق ، ئىتتىپاقلىقىنى ، دوستلۇقىنى قەدىرلەش لازىملىقىنى ھەمدە ئېچكىرىدىكى گۈزەل شەھەرلەرنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى . ئۇلار ئاشۇ شېئىرلىرىدىن بىرقانچىنى ئوقۇپ بەرسە قانداق ؟ — بىز يەنە ئالقىش ياڭراتتۇق . رۇستەم يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سەيپىدىن تۇرسۇن ئاكا بىزگە «دوستلۇقتەك گۈزەللىك يوق» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەرسۇن . قېنى سەيپىدىن ئاكا سەھنىگە مەرھەمەت ! ...

بويى پاكار ، رەتلىك كىيىنگەن ، چېكىسىنى ئاق ئارىلىغان ، قارامتۇل چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان بىر ئادەم مىكروفون

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كېلىپ ، يېنىدىن كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئېلىپ ئاچتى-
دە ، تىمتاس ئولتۇرغانلارغا كۈلۈمسىرەپ نەزەر تاشلىغاندىن كې-
يىن ، ئۇنىڭ دېكلاماتسىيىسى جاراڭلاشقا باشلىدى :

جاھان كەزدىم ، جاھان ئىچرە كى دوستلۇقتەك ئۈزارىم يوق ،
«ھاياتلىق لەززىتى» دەپ مەن ، بۆلەككە ئىشتىياقىم يوق .
ساداقەت بىرلە ئۆتكەن كۈن ئۆمۈرنىڭ لالەزارىدۇر ،
ئەگەر دوستقا ئەجەل يەتسە ، سۇنار ئوق قاناتىم ، يوق .
سەپەرگە ئات سېلىپ چىقسام ، ھامان دوستلارنى ئەسلەيمەن ،
يېنىپ كەلگۈچە مەنزىلدىن خۇشاللىق ـ ئىپتىخارىم يوق .
دوستلىرىنى سۆيمەك ھەم قوغدىماق يىگىتلەرنىڭ مىزانىدۇر ،
بۇ يولدا چىقسا گەر جان تەندىن ، دىلدا قىلچە زارىم يوق .
روھى سىڭگەن ۋۇجۇدۇمغا مۇتەللىپنىڭ ، مۇشۇ كۈندە
مەدھىيىلەيمەن دوستلارنى ، ناداندىن خۇش ئۆتەرىم يوق .
يىپەك يولىدا گەر كارۋان بولساڭ خىزىر ھەمراھىڭدۇر ،
بولاي مەنمۇ سەپەرداش ـ دوست ، سېنىڭدىن ھېچ تەمەيىم يوق .

شېئىر ئاخىرلاشقاندا رېستوراندا كۈچلۈك چاۋاك ياڭرىدى ،
چۇقانلار كۆتۈرۈلدى .
— قانمىدۇق يەنە بىرنى...
— شېئىرىڭىزغا تەشنا بىز ...
سەيپىدىن تۇرسۇن ئىسمىلىك بۇ كىشى سەھنىدىن چۈشۈۋې-
تىپ يەنە توختاپ قالدى . رۇستەم ئۇنىڭغا :
— كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە يەنە بىرنى ئوقۇپ
بېرىڭ ، — دەپ ئىشارەت قىلدى . ئۇ كىشى دىمىغىنى قىرىپ
قويۇپ ، كۆك تاشلىق خاتىرىسىنى يەنە ئاچتى ۋە مۇنۇ شېئىرنى
ئوقۇشقا باشلىدى :

تاغلىرى قارىغاي ، باغلىرى هاي ـ هاي ! ...
يۈكسەلگەن بۇ جاي ، ئادەملىرى باي .
سانائەت بۇندا تاپقاچقا روناق ،
تۇرمۇشى ياخشى ، چايناشلىرى ماي .

شەھەر ئىچىدە شىخۇنىڭ كۆلى ،
ئەتراپى چىمەن ، ئېچىلغان گۈلى .
كۆركەم بىنالار سېلىنغان قەۋەت ،
ئىشلەنگەن كاتتا ئاسفالت يولى .

«يىپەك يۇرتى»غا يولى تۇتاشقان ،
ئەجداد بۇ يولدا كارۋان بوپ ماڭغان .
بۈگۈن ئەۋلادلار مىڭىپ بۇ يولدا ،
داۋانلار كېزىپ مەنزىل ئۇلاشقان .

ئاشىمىز يەنە ئېگىز داۋانلار ،
دىلىمىزدا بار بۈيۈك ئارمانلار .
مۇراد ـ مەقسەتلەر بولماقتا هاسىل ،
كەلدى قايتىدىن گۈزەل زامانلار .

— ئاپىرىن !...
— هەشقاللا ! ...
— رەھمەت ...

شېئىر ئاخىرلاشقاندا هاياجانلىق ۋارقىراشلار رېستورانىنى بىر ئالدى . يۇرتداشلار تەۋرەپ كېتىشكەندى . سەيپىدىن تۇر-سۇن ئاكىنى بىرنەچچە ياش ئارىغا ئېلىۋالدى . ئۇلار يەنە بىر

پارچە شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشماقتا ئىدى . سەيـ
يىدىن ئاكا ئۇلارغا يۈز كېلەلمەي :

— بوپتۇ ، «مەرتەم مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن ، يەنە بىرنى ئوقۇپ بېرەي ، — دېگەنىدى ، بىز ئۈزۈنغىچە چاۋاك ياڭـ
راتتۇق . ئۇ يانچۇق خاتىرىسىنى ئېچىشىغا يەنە جىم بولدۇق .
شېئىر باشقىچە ۋەزىندىن ئاھاڭدا جاراڭلاشقا باشلىدى .

هەر يۇرتتىن تىجارەتچىلەر كېلىپ بۇ يەرگە ، قۇچتى زەپەر ،
ئۈزۈمنى قاچىلاپ ئىچكىرى تامان قىلدى سەپەر .
ئىسلاھات بەرگەچ ئىلھام ، كارۋان يولىدا يوق خەتەر ،
چىلىلدى يىگىت ـ قىزنى مېھرى ئىسسىق گۈل شەھەر .
...

بۇ شېئىر كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . چاـ
ۋاك ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن چېلىندى . بىز شۇ بىر كۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھېيت ئۆتكۈزدۇق ۋە بىر كۈن خۇشال ئويناپ ئاندىن رېستوراندىن تارقاشتۇق .

ياتاق ئۆيىمىزگە كەلگەندە رۇستەمدىن :

— سىز كۆپچىلىككە تىجارەتنىڭ بىرنەچچە مەخپىي تۈرىنى تىلغا ئالدىڭىز . ئەمما تۈرنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق دېمىدىڭىز .
شۇنداق تۈرلەرنى رەسمىي يولغا قويماقچىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .
ئۇ :

— بىرنەچچە تۈرلۈك تىجارەتكىلا ئېرىشىلىۋالساق بولمىغۇـ
دەك ، قايسى تىجارەتنىڭ پايدىسى كۆپ بولسا ، ئاشۇنداق تىجارەتـ
كە تەۋەككۈل قىلىپ باقاي دەيمەن ، — دېدى ئۇ چاپىنىنى سېلىپ ماڭا بېرىۋېتىپ .

— سىز قايسى تىجارەتكە تەۋەككۈل قىلاي دەيسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ .

ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :
— بۇ هازىرچە مەخپىي ، كېيىنچە بىلىپ قالىسىز ، — دېدى ۋە سىرلىق بىر خىل هالەتتە كۈلۈپ قويدى .
ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... (بېسىلىپ قالغان)
ئۇنىڭ سۇتتەك يىپەك كۆڭلىكى پار - پار چاقنايتتى . ئۇنىڭدىن ئەتىر پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى . ئۇ مېنى باغرىغا چىڭ باستى ...
هېيت كېچىسى ئۇنتۇلغۇسىز تولىمۇ لەززەتلىك بىر كېچە بولدى .

# 24

رۇستەم كۈندىن - كۈنگە كەم دىدار بولۇپ كەتتى . ئۇ هەر قېتىم تېلېفون ئالغاندا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى . ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ تۇراتتى . ئەمما ئۇنىڭ شەهەرمۇ شەهەر ئالدىراپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە توغرا چۈشىنەتتىم .
بىر كۈنى مەخسۇس توپ ئۆزۈم ساتىدىغان ئەسقەر ئىسىملىك بىر يىگىت ياتىقىمغا كىردى . ئۇنىڭ هارغىن چىرايىدىن قارىغاندا خېلى يىراق جايدىن كەلگەنلىكى مەلۇم ئىدى . ئۇنىڭغا چاي قويدۇم . ئۇ چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن :
— قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ چاينى يەنە بىرنەچچىنى ئوتلاپ بولۇپ :
— كۈنمىڭدىن كەلدىم ، — دېدى .
— بۇ يېقىندا رۇستەمنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدىم يەنە ئۇنىڭدىن .
— كۆردۈم . ئۇ هازىر كۈنمىڭدا مۇقىم تۇرۇۋاتىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەن بىردىنلا سەزگۈرلىشىپ :
— ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرى قانداقراق ؟ — دەپ سۈرۈش-تۈردۈم .

www.uyghurkitap.com

— قەدىر ئەھۋال ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ . مەن ئۇنىڭ
بۇ گېپىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى بايقىغاندەك بولۇپ :
— نېمە ؟ ئۇنىڭ تىجارىتى ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سورى-
دىم ئىتتىكلا . ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدىكىن ، بىردەم جىم ئولتۇر-
غاندىن كېيىن :
— ئۇ ئۆزى ياخشى . ئەمما زە ، خەتەرسىز تىجارەتنى تاش-
لاپ ، خەتەرلىك بىر تىجارەتكە تۇتۇش قىلىپ كەتتى . قەدىر
ئەھۋال دېگىنىم ، ئۇنى پۇلنى ئاز تېپىۋاتىدۇ دېگىنىم
ئەمەس ، — دەپ ئەسكەرتىش بەردى .
— قارىغاندا ، ئۇنى بىرەرسى ئازدۇرغان ئوخشىمامدۇ ؟ —
دەپ سورىدىم نامەلۇم بىرەر شۇملۇقتىن يۈرىكىم دۈكۈلدەپ .
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ :
— ئاچا ، سىزنى ئۇنى توسسىكەن دېگەن ئۈمىدتە ئاتايىن
يېنىڭىزغا كېلىشىم . ئۇ ھازىر قانۇنسىز تىجارەتكە بېرىلىپ
كەتتى ، — دېگەندى ، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىراقلا تېزلىشىپ
كەتتى . مەن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ :
— سىز بىلەمسىز ، ئۇ قانداق يامان تىجارەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋېتىپتۇ ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ :
— خىروئىن تىجارىتى ، — دېگەندى ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇ-
لىشىپ ھوشۇمدىن كېتىشكە تاس قالدىم . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋې-
لىپ نورمال ھالەتكە قايتقاندىن كېيىن :
— ئەسقەر ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭ . مەن ئۇنى
ئۇ تىجارەتتىن توساي ، — دېدىم ئىتتىكلا .
ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .
بىز شۇ كۈنى كەچتە كۈنمىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق . كۈن-
مىڭگە كەلگەن كۈنى ئەسقەر ماڭا ئۇنىڭ تۇرار جايىنى كۆرسىتىپ
قويۇپ قايتىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ ياتاق ئىشىكىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ قوڭغۇراقنى باستىم . بىردەمدىن كېيىن ئىشىكنى سەك-

كىنز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئاچتى . مەن ئۇ بالىغا قاراپ هاڭ ـ تاڭ قالدىم . ئۇ بالا چىرايىمغا سەپسېلىپ قاراپ :

— هەدە ، كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دەپ سورىدى .

مەن شۇ چاغدا ئەسقەر رۇستەم تۇرىدىغان ياتاق ئۆينى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم ـ دە ، بىردەم هودۇقۇپ تۇرغاندىن كېيىن :

— مەن رۇستەم ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئىزدەيمەن ، — دېسەم ، ئۇ بالا :

— قېنى كىرىڭ ، دادام سىرتقا چىقىپ كەتكەن . هېلى پەيدا بولۇپ كېلىدۇ ، — دېدى . بۇ بالىنىڭ سۆزىدىن ئۆز ئورنۇمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم . ئۇ بالا جىددىيلىشىپ :

— هەدە ، بېشىڭىز قېيىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىغاندى ، مەن ئۇ بالىغا تىكىلىپ قاراپلا قالدىم . ئۇ بالا :

— هەدە ، ئاپامنى چاقىرىپ چىقاي ، — دېدى ـ دە ، يۈگۈرۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . هايال ئۆتمەي ، زىلۋا قامەتلىك ، ئاق يۈزلۈك ئوتتۇز ياشلاردىكى چىرايلىق بىر ئايال ئالدىمغا پەيدا بولدى . ئۇ ئايالنىڭ رۇستەم بىلەن قانداق تونۇشۇپ توي قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم . ئۇ ئايال مېنى يۆلەشتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى .

— چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ . مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟ قېنى ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ، رۇستەمنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، — دېدى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ يول باشلىشىدا ئۈن ـ تىنسىزلا ياتاق ئۆيگە كىردىم . ياتاق ئىچى ناهايىتى هەشەم جابدۇلغانىدى . مەن ئۇ ئايال كۆرسەتكەن ساپاغا كېلىپ ئولتۇردۇم .

— سىز رۇستەم بىلەن قانداق تونۇشسىز ؟ ئۇنىڭدا بىرەر زۆرۈرىيەت ئىشىڭىز بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئايال ئالدىمغا بىر پىيالە چاي قويۇۋېتىپ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىرايىمنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان. شۇنداقتىمۇ چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مەن ئۇنىڭ بىر يۇرتلۇقى. دادىسى سالام ئېيتقانىدى. شۇڭا ئۆزى بىلەن كۆرۈشەي دەپ كېلىشىم، — دېدىم. گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇ ئايالنىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلىدى.

— ياخشى بوپتۇ. ئىسمىم گۈلپىزە، — دېدى ئۇ، ئاندىن مەندىن سورىدى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىزچۇ؟

«ئىسمىمنى دەيمۇ - دېمەيمۇ» دەپ ئويلىنىپ قالدىم ۋە ئاخىر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ باشقا بىر ئىسىمنى دېدىم:

— ئىسمىم رەنا.

— ھە، رەنا دەڭ. چىرايلىق ئىسىمكەن، بەك زېرىكىپ تۇراتتىم. بۇ ئۆيدە بىرقانچە كۈن تۇرۇڭ. ئۆزئارا ھال - مۇڭ تۆكۈشەيلى. مۇمكىن بولسا دوست - ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالايلى. ئەگەر تىجارەت قىلاي دېسىڭىز رۇستەم ياردەم قىلىدۇ. تازا ئېپى بار تىجارەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، — دېدى ئۇ بەخىرامان ھالدا. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ:

— بولسا شۇنداق قىلسا بەك ياخشى بولاتتى. مەنمۇ تىجارەت قىلاي دەپ يۇرتتىن چىققانىدىم، — دەپ قويدۇم.

— ھە، بەك ياخشى. ئۇ چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى ئۇ. پۇتۇن ئەس - يادىم ئۇلارنىڭ ماڭا ناتونۇش بولغان بارلىق مەخپىي سىرلىرىنى بىلىش ئىدى. شۇڭا ئالدىمدىكى چايدىن ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ:

— گۈلپىزە، سىز بەك بەختلىك ئوخشايسىز جۇمۇ. رۇستەمدىن بالا يۈزىمۇ كۆرۈپسىز، — دېدىم گەپ تېپىش مەقسىتىدە.

— توغرا دېدىڭىز، بىز بەك بەختلىك، ئوغلىمىز بۇ يىل سەككىز ياشقا كىردى. بەش ياشقا كىرگەن يەنە بىر قىزىم تۇرپاندا.

— ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىزىڭىزمۇ بارمۇ ؟
— ھەئە . ئۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىدا قالغان ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ، يۈرىكىمگە بىرسى يىڭنە تىقىپ قوچۇلىغاندەك ئاغرىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ قىلچە چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم .

— گېپىڭىزچە ، سىز تۇرپانلىق ئىكەنسىز ـ ھە .
— شۇنداق .
— رۇستەم بىلەن توي قىلغىلى خېلى ئۇزۇن يىللار بولدىمۇ ؟
— بۇ يىل ساق ئون يىل بولدى .
— ئۇ باشقا يۇرتلۇق تۇرسا ، قانداق تونۇشۇپ قالغانىدىڭلار ؟

ئۇ بۇ سوئالىمغا «پىسسىڭىدە» كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى :

— رۇستەم ئىچكىرىگە تۇنجى قېتىم كىرگەن يىلى ئالدى بىلەن تۇرپاندا توختاپ ، كۆك ئۈزۈم سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازار ئارىلاۋاتقانىكەن . ئۇ بازاردا دادام بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ . دادام ئۇنىڭغا ئۈزۈمنى نېسى بەرمەك بولۇپ ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ . بىز ئەنە شۇ ئۆيدە بىر ـ بىرىمىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ تونۇشۇپ قالغاندۇق . ئۇ شۇ يىلى بىز بەرگەن ئۈزۈملەرنى سېتىپ ئىككى ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دەپ توي قىلىش ئارزۇسىنى ئېيتتى . مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم ، ئۇنى سېغىنىپلا تۇراتتىم . مەن توي قىلىشقا ماقۇل بولغاندا ، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئاتا ـ ئاناممۇ نېرى ـ بېرى ئويلاپ ئولتۇرمايلا تويىمىزنى قىلىپ بەردى . بىز بىر ئايدىن كېيىن ، ئىككىنچى قېتىم يىگىرمە توننا ئۈزۈم ئېلىپ ئىچكىرىگە باردۇق . ئۇ ئۈزۈملەرنى يىگىرمە نەچچە كۈندە سېتىپ بولۇپ

يېنىپ چىقتۇق . ئۇ شۇ چاغدا : «يۇرتۇمغا بېرىپ كېلەي» دەپ كەتتى . مەن ئىزچىل مۇشۇ ياتاقتا تۇرۇپ رۇستەمنى كۈتتۈم . كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ، تاماقنى ئېتىپ بەردىم . ئۇ باشقا يەرگە كەتسە ، بىر ـ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ كېلىدۇ . بىر كېچە قونۇپلا يەنە كېتىدۇ . ئۇ بەك ئالدىراش ، قولىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەر كۆپ . ئەگەر سىز بۇ يەردە مۇقىم تۇرسىڭىز تىجارىتىڭىزنى چوقۇم ياخشى ئاقتۇرىسىز .

«ھۇ ۋاپاسىز ! ... ساختىپەز ، ئالدامچى ! ... ئۇ ئەسلىدە بۇ ئايال بىلەن ئىچكىرىگە تۇنجى كەلگەن يىلىلا توي قىلىشۋالغانىكەن ـ دە ، ئىسىت ! ... ئۇنىڭغا كۆيگەنلىرىم ، ئۇنىڭغا قىلغان ئەقىدىلىرىم ... ئۇ تۆت تال پۇلنى كۆرۈپ ، ئەسلىنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكىنىگە توۋا دېمىسە ؟ بىز نېمە كۈنلەرنى ، قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى كۆرمىگەن ـ ھە ! ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، سۆيىمەن ، سىزگە ۋاپادار بولىمەن دەپ قىلغان ۋەدىلىرى قېنىكىنە ؟ ئۇنىڭ ئۇ ۋەدىلىرى ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بوپتىكەن ئەمەسمۇ . شۇنداق تۇرۇپ تېخى مېنى ئېغىزىدا : ‹خوتۇن› دەپ ئاتاپ قويغان بىلەن ، بۇ ئايالغا ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ . بۇ ئايال ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ كېتىپتۇ . ئۇلار تېخى بىر ئوغۇل ، بىر قىز بالا يۈزى كۆرۈپتۇ . دۇنيادا بۇنىڭدىن ئۆتە ۋاپاسىزلىق بارمىدۇ ؟ ... » مەن ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمىدىم ـ دە ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم . گۈلپىزە دېگەن ئۇ ئايال ھەيران بولۇپ :

— رەنا ، سىزگە نېمە بولدى ؟ — دەپ سوئال قويغىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى .

— مەنمۇ ئۇنىڭ ئايالى ، — دېيەلىدىم ئۆزۈمنى ئارانلا توختىتىۋېلىپ .

گۈلپىزە سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە ئارقىدىنلا يەرگە سېرىلىپ يىقىلدى .

ئۇنىڭغا «خوتۇنى بار ئەر كىشى بىلەن توي قىلغاندىكىن خوپ بولدى» دېگەن ھېسسىياتتا سوغۇققىنە قاراپ قويدۇم ـ دە، ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدىن قۇيۇندەك يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتىم.

مەن پەشتاقتىن تۆۋەنلەپ ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدىكى بىر سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. تاراملاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۇم. بۇ يەردە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتتا قۇلىقىمغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نۇۋىيە … نۇۋىي!…

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، رۇستەم ئالدىمدا ھودۇقـقىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— قاچان كەلدىڭىز؟ بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىزغۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا شۇنچە يېقىمسىز ئاڭلاندىكى، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. غەزەپتىن ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ:

— ھـۇ نومۇسـسىز! سـەن مـېنى ئەخمەق قىلىپ يۈرۈپـسەنغۇ! ؟ — دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقىمدا. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقاردى.

— نۇۋىيە، سىز ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ ئەلپازىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە خوتۇن ئېلىپ يەنە تېخى باللىق بوپسەنغۇ، — دېدىم ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ.

ئەمما ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— يا سىزدىن باللىق بولالمىدىم. شۇڭا باشقا ئاياللاردىن باللىق بولۇش يامان ئىشمىكەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ بۇ نومۇسلۇق گېپىنى ئاڭلاپ ئازاب بىلەن يىغلىۋەتتىم. ئۇ ماڭا بىر ھازا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن:

— نۇۋىيە، كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويماي دەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقىمنى سىزگە سىر تۇتۇپ كەلگەنىدىم. قارىـ

غاندا سىز ھەممىنى بىلىپ بوپسىز . ئۇستىڭىزگە خوتۇن ئېلىش خىيالىم يوق ئىدى . سىز تۇغمىغاچقا ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ، — دېدى ئۇ ئوچۇق گېپىنى قىلىپ .

— ماڭا «كۆيدۇم ، پىشتىم» دەپ يازغان خەتلىرىڭ ئېسىڭدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ ، — شۇ چاغدا مەن ساڭا «مەن دېگەن قاتىلنىڭ قىزى» دەپ كۆڭلۈڭنى سىناپ كۆرگەنىدىم . سەن «ئائىلە نەسەبىڭىز توي قىلىش قىزغىنلىقىمغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ» دېگىنىڭدە سەندىن چەكسىز سۆيۈنۈپ ، ئۆمۈرۋايەت ۋاپا قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىپ توي قىلىشقا ماقۇل بولغانىدىم . مانا ئەمدى تۇغماسلىقنى باھانە قىلىپ مەندىن يۈز ئۆرۈپسەن . ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى يەر بىلەن يەكسان قىپسەن . سەن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن . نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ ؟ — دېدىم ۋارقىراپ .

— راست ، مەن ئۆزگىرىپ كەتتىم . بۇرۇن نادان ئىكەنمەن . ھەتتا ساڭا خەت يازغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا . بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ۋە :

— چۈشەندىم ، سەندەك رەزىل ئادەمنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى پۇل ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدىم .

— راست دەيسەن ، مېنى پۇل ئۆزگەرتىۋەتتى ، — ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىكى ياش سەلدەك ئۇلغىيىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگەندىم ـ دە ، ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرگىنىمچە كېتىپ قالدىم .

ئۆزۈم تۇرۇشلۇق شەھەرگە يېتىپ كەلدىم . ياتىقىمغا كىردىم ـ دە ، ئۇزاققىچە دۇم يېتىپ يىغلىدىم ··· كۆڭلۈم بەكلا غەش ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشتىھايىم تۇتۇلدى ، ئورۇقلاپ يىڭىندەك بولۇپ قالدىم . ئاخىر دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە يۇرتۇمغا قايتتىم .



www.uyghurkitap.com

يۇرتۇمغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، رۇستەمنىڭ ئاق سېتىپ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، كېيىنچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن-لىكىنى ئاڭلىدىم. قېيناتامنىڭ ئوغلىنىڭ ھەسرىتىدە قان يۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

بوۋام توگەپ كەتكەچكە ئىنىم بىلەن بىر ئۆيدە تۇردۇم. بىر ئۆيدىن تۇتۇن چىقارماق تەس ئىكەن. بىر پۇڭنىڭ بېشىدا ئوت كۆيگەچكە موھتاجلىق، يوقسۇزلۇق دەستىدىن پاختا تېرىپ پۇلغا ئىشلەي دەپ كەلگەنىدىم. تەلىيىمگە يارىشا مانا سىلەرگە دەردىم-نى تۆكۈپ بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ تۇرۇپتىمەن.

* * *

نۆۋىەنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى.

ھېنىمبانۇ نۆۋىەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باش كۆتۈرمەي پاختا تېرىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ:

— ھەممىدە! — دەپ چاقىرىۋىدى، ھەممىدە ئىسمىلىك چو-كان بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى باش ئىشارىسى بىلەن بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ ھەممىدە ھېكايىسىنى باشلىدى.

## 25

مەن 1970 ـ يىلى تۇغۇلغان. دادام تاماكا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چار بازارچى ئىدى. بىزنىڭ بېغىمىز سوقما تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىق نەر-سىلەر ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئېشىپ تۇراتتى. باغنىڭ دەل ئوتتۇرد-سىغا ئەللىك كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي

مەن توغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىكەن . ئۇ ئۆينىڭ سىلىنغىنىغا قانچە يىل بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتىم . قىزىق يېرى شۇكى ، دادام ئۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى . تاكى خېلى ياشقا كىرگۈچە ئۇ ئۆيگە پۇتۇمنى بېسىپ باققىنىمنى بىلمەيمەن . ياز كۈنلىرى ئانام بىلەن دادام ئۇ ئۆيگە «غىپپىدە» كىرىۋېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن دۈملەيتتى ـ دە ، نەچچە سائەتلەردىن كېيىن چىقىشاتتى . دادام ئىشىكنى قۇلۇپلاپ بولغاندىلا ئاندىن كۆڭلى تىنىپ يېنىك دەم ئالاتتى . مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قولىغا ، پۇتىغا پۇت بولاتتىم . ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە قانداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى سورىغۇدەك بولسام ئانام كايىپ :

— سەن كىچىك بالا بولغاندىكىن ، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما ، ھازىرچە ئاش يەپ قاچا بىكارلاشنى بىل ، — دەيتتى . شۇڭا مەن ئۈچۈن شۇ ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتىمۇ سىرلىق بىر دۇنيا ئىدى .

ئېھتىمال ، ئائىلىمىزنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرى شۇ ئۆيدە ئوخشايدۇ ، دەپلا ئويلايتتىم . ئائىلىمىزگە تاماكا سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى . ھەر ئاخشىمى بىر ـ ئىككى ئادەم يىراقتىن كەلدۈق ، دەپ مېھمان بولۇپ كېتەتتى . دادام نۇرغۇن سودىلىرىنى ئاشۇنداق مېھمانلار بىلەن پۈتتۈرەتتى . ئۇلار مەززىلىك تاماقتىن كېيىن قىزىق ـ قىزىق پاراڭلارنى قىلىشاتتى ، چىلىم تارتىشاتتى . دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ مەشرەپ قىزىتاتتى . ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ، ھەريان يېتىشىپ قالاتتى . بولۇپمۇ كۈزنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق ئايلىرىدا بەڭگىلەر ئۆيىمىزگە يىغىپ كېتەتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئۈچ بەڭگى ئۆز ھالىنى بىر ـ بىرىگە سۆزلەپ كېتىشتى . ئورۇق ، ئېگىز بىر بەڭگى چىلىمنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ :

— مەنغۇ پېشقەدەم چېكەرمەن ، دەردىم كۆپ . شۇڭا چېكى-

مەن . سەن نۇر ، كىچىك تۇرۇپ نېمە ھالىڭغا ، نېمە دەردىڭگە چېكىدىغانسەن ـ ھە ؟ — دېدى ئېچىرقاپ كەتكەن خۇمارىنى بېسىپ ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرغان نۇر ئىسمىلىك يىگىتكە قاراپ .
— ئابۇك ئاكا ، ھالىمنى ، دەردىمنى سورىساڭ سېنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىڭ دەردىمگە يىراقلىق بولالمايدۇ . مەن بىر ئاشىق ، بۇ نەشىنى ئىشق ئوتىنىڭ دەردىدە چېكىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك ئېغىر بىر تىنىپ .
— ئو ... ھوي ... مۇنداق دېگىن . ئاشىق بولغان قىز بۇ دۇنيادا ھاياتتۇ ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇيان ئۆتكەچ ، بۇيان ئۆتكەچ يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغانسەن ؟ ئەمما مېنىڭ لايىقىم يېقىندا ئۆلۈپ كەتتى . بۇ دەردكە مەن نېمە دەيمەن ؟ سەن تېخى ماڭا قارىغاندا شۈكرى، دېسەڭ بولىدۇ ، — دېدى يەنە سېمىز بىرى كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تاراملاپ ئاققۇزۇپ تۇرۇپ .
— بۇنچە چوڭ سۆزلىمىگىنە ساۋۇت ، تازا ياقا يىرتىپ يىغلاشقا تېگىشلىكى مەن ، — دېدى ئابۇك ئىسمىلىكى چىلىمنى قېنىپ بىر تارتقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ئاتا ـ ئانامدىن ، ئىككى قېرىنداشىمدىن ، ئىككى بالامدىن ، يەنە يېقىندا ئايالىمدىن ئايرىلدىم . ئۇلار كەلمەسكە كەتتى . دەردمەن دېسە ، ھەقىقىي دەردمەن دېگەن مەن .
— ئابۇك ئاكا ، دۇنيادا پەقەت دەردى يوق ، باغرى پۈتۈن ئادەممۇ بارمىدۇر ـ ھە ؟ — دەپ سورىدى ساۋۇت ئىسمىلىك يىگىت ۋە ئابۇك دېگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى چىلىمنى قولىغا ئېلىپ ئاچ كۆزلەرچە شوراشقا باشلىدى . شۇ چاغدا دادام ئۇلار-نىڭ پارىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ :
— ھەي ئۇكىلار ، بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن جىمى ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەرد ـ ئەلىمى بار جۇمۇ . شۇڭا نۇرغۇنلىرى سىلەرگە ئوخشاش نەشىگە گىرىپتار ئەمەسمۇ ، — دېدى .

www.uyghurkitap.com

— ئۆزىمىزنى بۇنچە خار قىلىپ، كۆز يېشى قىلىپ كەتمەيلى. «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپتىكەن كونىلار. بىز ئۆلىدىغانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنمىز. شۇڭا ئۆلۈپ كېتىدىغان بۇ دۇنيادا بىردەم بولسىمۇ خۇشال ياشايلى. نۇر دۇتار چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ بەرسۇن، قانداق دېدىم ئاكا، — دېدى ئابۇك دېگەن ئادەم دادامغا قاراپ.

— توغرا دېدىڭ ئۇكا، دەرد تارتىپ نېمە كەپتۇ. كونىلارمۇ «نادانغا سۆزلىگەن ئىسىت سۆزۈم، ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسىت كۆزۈم» دەپتىكەن. يىغىپەزلىكنى قويۇپ، شوخ - شوخ ئولتۇرايلى. يەپ - ئىچىڭلار، چېكىڭلار، ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭلۈڭلارنى شاد قىلىڭلار. مەن سىلەرگە دۇتارىمنى ئەكىرىپ بېرەي، — دادام شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ بىردەمدىلا دۇتارنى كۆتۈرۈپ كىردى. نۇر ئىسىملىك يىگىت دادامنىڭ قولىدىن دۇتارنى ئېلىپ سازلىغاندىن كېيىن، شوخ بىر پەدىگە چېلىشقا باشلىدى:

بىر - ئىككى يارىم، بىر - ئىككى - ئۈچ،
بىر - ئىككى يارىم، بىر - ئىككى - ئۈچ.
قىز بالىغا ئامراق،
سېكىلەككە ئۈچ.

ئابۇك، ساموت، ئارقىدىن دادام ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىشتى. يەنە بىردەمدىن كېيىن، دۇتارنىڭ پەدىسىدە ئۆزگىرىش بولدى:

دۇتار پەدىسى پەدە،
باش پەدە يامان يەردە.
ئويىنىغىلى قويمامسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

دۇتارنى چالـمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم .

....................

ئۇلار چىپ - چىپ تەرلىگىنىچە ئۇسسۇل ئويناپ ئاخىر هارغاندا توختاشتى ۋە ئالەم ئىغىر ئەلياتقۇ بولغاندا ، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇيقۇغا كېتىشتى .

ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغ ئىدى . مېنىڭ ئون ئىككى ياشقا قەدەم قويغان ۋاقتىم ئىدى . ئابۇك قاتارلىق بىر نەچچە كىشى ئۆيىمىزگە يىغىلىشتى . ئۆيدە يەنە بىر ئاخشام بەزمە قىزىدى . بۇ كۈنى ئانام يىراق بىر يېزىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كەتكەچكە قازان بېشى ماڭا قالغانىدى . ئۇلارغا غىزا تەييارلايمەن دەپ خېلى چارچاپ قالغانىدىم . ئابۇك قاتارلىقلار قانداقتۇر ئۆزرە ئېيتىشىپ ، ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشكەندىلا ئاندىن قولۇم بوشىدى . دادامغا ياتقىنىم يېنىغا جاي راسلاپ قويۇپ يېتىپ قالدىم .

ئۇ كۆپ ئىچكەن ، چەككەن ئوخشايدۇ . خېلىلا مەست ئىدى . بىر چاغلاردا نېمىدىندۇر سەسكىنىپ ئويغىنىپ كەتتىم . كۆزۈمنى «لەپپىدە» ئېچىپ قارىسام ، ئۇ سېسىق پۇراقلىق ئېغىزىدا لېۋىمگە سۆيگىلى تۇرۇپتۇ . دادامنىڭ ئېغىزى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە پۇرايتتى . مەن دەسلەپتە ئۇنى ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ، سۆيۈشلىرىگە پەرۋا قىلماپتىمەن . كېيىن ئۇنىڭ قىلىقلىرى دادا مېھرىگە ئوخشىمايلا قالدى . ئۇ مېنى ئاندىن تۇغما يالىڭاچ قىلىۋېتىپ ئۇستۇمگە لىككىدە چىقىۋالدى ··· «مەن سېنىڭ داداڭ ئەمەس ، بىز سېنى بېقىۋالغان» دەيتتى ئۇ ماڭا ··· مەن قارشىلىق كۆرسەتتىم . بىراق ، ئامال بولمىدى . خورلۇق ۋە خىجىللىقتىن كۆزلىرىمدىن مارجاندەك ياشلار تۆكۈل-

دى . شۇ كېچىسى ئورنۇمدىن بەكلا بالدۇر تۇردۇم ــ دە ، ئالدى-
كەينىمگە قارىمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم . «نېمىشقا ... نېمىشقا
بۇنداق بولىدۇ ؟ » ياش كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك تۆكۈلەتتى . مەن
شۇ چاغدا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم . ئەمما ، ياش جېنىمغا ئىچىم
ئاغرىپ قالدى . ھاياتقا قىيالمىدىم . مەن نۇرغۇن خىياللار بىلەن
توختىماي ماڭاتتىم . بىر يەرلەرگە بارغاندا تاڭ ئاتتى . قۇياش
ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلدى ، ئالتۇن نۇرلىرى زېمىننى يوپيورۇق
يورۇتتى . ئەتىيازنىڭ سوغۇق شاملى دۆڭلەرنىڭ باغرىدىكى تو-
پىلارنى تىنىمسىز ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . ئېرىق ــ ئۆستەڭ بويى-
دىكى قاتار ــ قاتار ئورمانلارنىڭ غازاڭلىرى توختىماي ئىرغاڭ-
لايتتى . مەن يول يۇرمەكتە ئىدىم . قۇشلار ناگان ــ ناگاندا
ئۇستۇمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى .

مەن مېڭىپ ــ مېڭىپ دېڭىزدەك ياپيېشىل بۇغدايلىققا
ئۇلاشتىم . شەبنەمدە يۇيۇلغان ھۆل مايسىلار قۇياش نۇرىدا كۆپ-
كۆك جۇلالىناتتى . مەن تۆت ــ بەش سانتىمېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى
ئۇ يومران مايسىلارنى بوشقىنە سىلىدىم . سوغۇق ، يۇمران ماي-
سىلار كىچىك چاغلىرىمنى ئەسلەتتى . «مېنىڭمۇ سىلەرگە ئوخ-
شاش يالىڭاچ ياشىغان ، خۇشال ، غەمسىز ، پاك ، يۇمران ۋاقىت-
لىرىم بولغان . ئادەممۇ شەبنەمدە يۇيۇلغاندەك بىر ئۆمۈر پاك-
پاكىز ياشاپ ئۆتەلىسە نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى ــ
ھە ! ... ئەمما ، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەك نەرسىكەن ،
ئۆزىگە ــ ئۆزى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن ، دەرد ــ ئەلەم پەيدا
قىلىدىكەن . شۇ تاپتا سىلەرنىڭ قېتىڭلارغا قوشۇلغۇم ، بىر توپ
مايسا بولۇپ ، بۇ پاك شەبنەمدە يۇيۇلغۇم ، مەڭگۈ كۆكىرىپ
تۇرغۇم ، زېمىنگە يېشىللىقىم بىلەن زىننەت بولغۇم ، سىلەردەك
شاد ، غەمسىز ياشىغۇم بار . ئاھ ، مايسىلار ... ئاھ شەبنەم
تامچىلىرى ! ... » مەن سوغۇق شەبنەمگە يۈزۈمنى يېقىپ شۇنداق
پىچىرلاپ چىقتىم . شەبنەملەر بىلەن ئالىقىنىمنى ھۆللەپ يۈزۈمە-

گە سۇرتتۇم . شۇ چاغدا بارچە گۇناھتىن ، بۇلغىنىشتىن ، ناپاك-لىقتىن خالاس تاپقاندەك ، روھىي جەھەتتىن يېنىكلىگەندەك بو-لۇپ ، ئەركىن نەپەس ئالدىم . ئۇستۇمدىن چوڭ بىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك ، ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم . ھاياتقا بولغان ئۈ-مىدىم ، ئىشەنچىم باشقىدىن پەيدا بولۇپ كۈچىيىشكە ، دولقۇنلاش-قا باشلىدى .

مەن بىر ئاچال يولغا كەلگەندە يىراقتىن ئوتتۇن بېسىلغان بىر ھارۋا كۆرۈندى . ھارۋىنى ھەيدەپ كەلگۈچى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى .

تېرەك پوتلا چىقىرىپ ،
چوكانلىدى سۆگەتمۇ .
ئاخشام بالا ئىدۇق بىز ،
باستى بۇگۇن ساقالمۇ .

مەن ئۇنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىنى ئاڭلاپ قاراپلا قالغانىدىم . ئۇ قازاقلاردەك كىگىز قالپاق كىيىۋالغان ، مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئورا كۆز ، ئاق پىشماق ، ئېگىز بويلۇق يىگىت ئىدى . ئۇ يېنىمدىلا ھارۋىنى توختاتتى .

— قىزچاق ، ئۆزىڭىز يالغۇز قەيەرگە ماڭدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى تەئەججۈپ نەزىرىدە مەندىن . مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىش-نى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن :

— شەھەرگە ، — دېدىم بىر ئېغىزلا . يىگىت ماڭا ھەيران-لىق بىلەن باشتىن - ئاياغ قاراپ قويۇپ :

— ئۆيىڭىز شەھەردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق ، — دېدىم مەن يەرگە قاراپ .

— ئەمىسە ، نېمە ئىش بىلەن ماڭدىڭىز ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

— مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن .
ئۇ هارۋىسىنىڭ يېنىدىن ئالدىمغا كېلىپ :
— ۋاي بىچارە ، سىز ئۆيدە ئاتا ـ ئانىڭىزدىن بىرەرسىگە ئۆگەيمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپ .
مەن ئۇ يىگىتكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ :
— دادامغا ئۆگەي ئىدىم ، — دېدىم .
— شەھەردە تۇغقىنىڭىز بارمۇ ؟
— يوق .
— ۋاي ئىسىت ! ئۇ شەھەردە نېمىمۇ قىلارسىز ؟ هە ، بۇمۇ بىر ھېسابتا بوپتۇ . ئارتۇقچە سوراپ قالدىم ، مېنى كەچۈرۈڭ . قېنى هارۋىغا چىقىڭ ، شەھەرگىچە ئالغاچ باراي .
بېشىم تازا قېتىپ تۇرغاچقىمۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە ئارتۇق بىر نەرسە دېمەيلا هارۋىغا چىقتىم . يىگىت ئۆزى هارۋىنى پىيادە هەيدەپ ماڭدى . بىز يول بويى مۇڭدىشىپ ماڭدۇق . يىگىتنىڭ ئىسمى سەمەر بولۇپ ، شەھەردىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىدا ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن . تېخىچە ئۆيلەنمەپتۇ . مەنمۇ ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇ مېنى ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىدا خورلىنىپ چوڭ بولغان قىز دەپ ئويلىغاچقىمۇ يول بويى بەك كۆيۈندى .
دەم ئالغاچ ، نان يەۋېلىش ئۈچۈن يول بويىدىلا ئولتۇردۇق . مەن ئۆستەڭگە بېرىپ سۇ ئەكەلدىم . ئۇ نان يەۋېتىپ :
— هەممىدە ، شەھەرگە بارسىڭىزمۇ ئېنىق بىرەر بارار جايىڭىز يوق ئىكەن ، مەن بىلەن يېزامغا قايتىپ ، مەندىن هۈنەر ئۆگەنسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدى . ئويلىسام ، يىگىتنىڭ سۆزى توغرا ئىدى . شەھەرگە بارساممۇ ھېچقانداق تونۇش ـ بىلىشىم يوق . شۇڭا ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى ماڭا بەكلا ياقتى . شۇنداقتىمۇ دەرهال ماقۇللۇق بىلدۈرمەي :
— سىز قانداق هۈنەر بىلىسىز ؟ — دەپ سورىدىم كۈلۈپ قويۇپ .

— مېنىڭ ھۈنىرىم جىق . گىلەم ، ئەتلەس ، شايى ، ماتا دېگەندەكلەرنى توقۇيالايمەن ، — دېدى .

— ئۈنداقتا ، سىزگە شاگىرت بولاي ، — دېدىم ئۈنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ .

— راستمۇ ؟ — ئۈنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

مەن كۈلۈمسىرىگىنىمچە باش لىڭشىتتىم . بىز شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە سەمەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق .

ئۈنىڭ ياشانغان ، دوڭغاقلاپ ماڭىدىغان ئانىسى مېنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى ۋە :

— سەمەر ، بۇ بالامنى تونۇمىدىمغۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— ئىسمى ھەمىدە ، ياقا يۇرتلۇق قىز ، ئۇ ماڭا شاگىرت بولدى ، — دېدى سەمەر ئانىسىغا قاراپ كۈلگىنىچە .

موماي ئۈنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇلارنىڭ ئۆيى توخۇ كاتىكىدەك كىچىكلا ئىككى ئېغىز ئۆي ئىكەن . موماي مېنى ئۆيگە باشلىدى . مەن تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى نېمىكىن ؟ — دەپ سورىدىم ئەدەپ بىلەن .

— سەمبەخان ، — دېدى موماي كوماك ئېغىزىنى كۆرسىتىپ كۈلگىنىچە .

مەن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم ، تورىسى ۋاسا تاق بولۇپ ، يىرتىق بورىلار ئۇ يەر ، بۇ يەردىن ساڭگىلىشىپ تۇراتتى . ئۆي ئىچى ناھايىتى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇراتتى .

سەمبەخان بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ ، كۈندۈزى سەمەردىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدىم . مەن بۇ يەرگە كېلىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، سەمبەخان ئوغلى توغرىسىدا ھال ئېيتىپ :

www.uyghurkitap.com

— كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئوۋشاپ قويۇپ ئۇ ئالەمگە كەتسەم ھېچ ئارمىنىم قالمايتتى. بىراق، تۇل خوتۇنغا ھېچكىم قىز بەرمەيدىكەن. نەچچە يىلدىن بېرى لايىق يوق تويىنى قىلىپ بېرەلمىدىم. مەن ئۇنىڭ بالدۇرراق ئۆي تۇتۇپ بالا يۈزى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دەپ كۆز يېشى قىلدى. سەمبەرخانغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى.

— قايغۇرمىسىلا، خۇدا ئارزۇلىرىغا يەتكۈزەر، — دەپ تەسەللىي بەردىم ئۇنىڭغا. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەمەر تويۇقسىز مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ھەممىدە، ئانامنىڭ سىزنى كېلىن قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن، ئۇ سىزنى ھەرگىز كەتمىسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— راستىنىمنى ئېيتسام، مېنىڭمۇ بارار يېرىم يوق، شۇڭا ئامالسىز بۇ يەرگە كەلگەن، — دېدىم بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەمىسە توي قىلايلى. ماڭا تېگىڭ بولامدۇ؟ — دېدى سەمەر كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— بىراق سەمەر، مەن ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇرسام، — دېدىم ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشىمنى بىلمەي.

— ھە، مەن كىچىك دېمەكچىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— شۇنداق، — دەپ بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردىم.

— ھەممىدە، مېنى ئۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قويماڭ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئائىشەنى توققۇز يېشىدا نىكاھىغا ئالغانىكەن. ئانامنىڭ كۆزى ئوچۇق چېغىدا ئىككىمىز توي قىلايلى. ئۇ بىزدىن خۇش بولسۇن، ئارزۇسىغا يەتسۇن، ماقۇل دەڭ، — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنغان ئاھاڭدا.

مەن بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، سەمبەرخان ئانامنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇسى

ئۇچۇن توي قىلساق قىلايلى ، — دېۋىدىم ، سەمەر قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى - دە :

— رەھمەت سىزگە ھەمىدە ، — دېگىنىچە يېنىمدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى . «ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى چىقىپ كەتتى ...» دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ .

بىر ھەپتىدىن كېيىن سەمەر بىلەن توي قىلدىم . توي كېچىسىدىكى دەككە - دۈككىلىك چانمايلا ئۆتۈپ كەتتى .

## 26

سەمەر بىلەن ئىككىمىز توي قىلىپ بەختلىك بىر ئائىلە قۇردۇق . تويدىن كېيىن ئىككىمىز ناھايىتى ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدۇق . قېينانامنىڭ بىزگە ئىنتايىن مەستلىكى كەلدى . تويدىن كېيىن ئۇ بىزگە قوزىسى بار ساغلىقتىن بىرنى تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىۋېلىشىمىز ئۇچۇن بېرىۋەتتى . ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش مەقسىتىدە ئۇ قوينى سېتىۋەتمەكچى بولدۇق . بىر بازار كۈنى سەمەر ئۇنى بازارغا ئاپارماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋېتىپ ، مېنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشنى ئېيتتى . مەن خۇشال ھالدا ماقۇل بولدۇم .

بۇ ، كۈز ئايلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى تويلىق يولغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى . بىز سېتىۋەتمەكچى بولغان قوزىلىق قوي پات - پات تۇمشۇقىنى يەرگە تىرىۋېلىپ يولدا تەستە ماڭاتتى . قوينىڭ بوز پاقلان قوزىسى كەپسىز باللارنى كۆرگەندە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالاتتى . بازارغا ماڭغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بەزىلىرى ھارۋىلىق ، بەزىلىرى پىيادە ، يەنە بەزىلىرى ۋېلىسىپىتلىك دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى . بىز بولساق

قوزىلىق قوينى ھەيدىگىنىمىزچە پىيادە مېڭىۋاتاتتۇق . قوينىڭ مېڭىشى بەكلا ئاستا بولۇپ ، يول بويى بىزنى خېلىلا ئاۋارە قىلدى .

ھېلىمۇ ياخشى ، بىز ئۆيدىن ناھايىتى ئەتىگەن چىقىۋاپتىكەنمىز ، بولمىسا يولدا ئەنە شۇنداق ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن قاچانلاردا باراردۇقكىن . كۈن چۈشتىن سەل ئاشقاندا بازارنىڭ تازا قىزىشىغا ئۇلگۈرۈپ كەپتۇق . بازار بەكلا قىزىغانىدى . كىشىلەر بۇ يېزا بازىرىدا بەكلا كۆپ ئىدى . ئېلىم ـ سېتىمچىلار ھەدەپ يۇقىرى ئاۋازدا خېرىدار چاقىرىۋاتاتتى . بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە بېشىغا كۆلاھ ، ئۇستىگە سەرگەز چاپان كىيىۋالغان ، ئوڭ قولىدا ساپايى چېلىۋاتقان چارساقال بوۋاي ھۆكمەت ئوقۇپ ئولتۇرماقتا . يەنە بىر بۇلۇڭدا بېشىغا يازلىق تەلپەك ، ئۇچىسىغا يوللۇق بۆز چەكمەن كىيىۋالغان يەنە بىر ساقاللىق كىشى بىر توپ كىشىنىڭ ئورىۋېلىشىدا راۋاب چالغاچ كانىيى يىرتىلغۇدەك بولۇپ ۋائىزلىق قىلىۋاتاتتى .

بىز ئەنە شۇنداق ھەرخىل ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىگە ھەيرانلىق ، بەزىلىرىگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا قاراپ قويۇپ ئاخىر مال بازىرىغا كېلىپ توختىدۇق . مال بازىرىدا ھەرخىل مال ـ چارۋىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەيتتى . بىز قوزىلىق قوينى يېتىلەپ قوي بازىرى بولغان جايغا كېلىپ تۇرۇشىمىزغا شاپ بۇرۇتلۇق بىر بېدىك ئالدىمىزغا كەلدى .

— قېـنى دەپ بـاقە ، بـۇ بـەـر يېرىم قويۇڭ قانچە پۇل يېگىت ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سەمەردىن .

سەمەر دوپپىسىنى گەدىنىگىچە سوزۇپ قويۇپ :

— ئۆزلىرى چاغلاپ بەرسىلە ! — دېدى .

— چاغلىسام ··· ، — دەپ سۆزىدىن توختاپ قالدى بېدىك بۇرۇتىنى سىلىغىنىچە .

— قېنى ، ئۆزلىرى دەپ باقمامىلا ، — دېدى سەمەر ئۇنىڭغا .

بىدىك قوينىڭ كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ چىشىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن :

— قويۇڭ تۆت ياش ئىكەن ، پات ئارىدا بەش چىشلىق بولغۇدەك . شۇڭا ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر نىمە دەپ باھا قوي ، ئۇنىڭ-دىن كېيىن مەن پىچاي ، — دىدى .

— ئەمىسە ، — دىدى سەمەر بىر توختىلىپ تۇكۇرۇكىنى يۇتقاندىن كېيىن ، — ئۈچ يۈز ئەللىك كوي بەرسىلە .

— بەك يۇقىرى دەۋەتتىڭمۇ ، قانداق ؟ — دىدى بىدىك سەمەرگە قاراپ .

— يۇقىرى ئەمەستۇ ؟

— قولۇڭغا تېگىدىغىنى ئىككى يۈز ئەللىك كوي بولسۇنمۇ ؟

— ياق .

— ئون كوي قوشتۇم .

— ياق .

دەل شۇ ۋاقىتتا سىرتتىن بىر ئاقساقال ئادەم سودىغا ئارىلى-شىپ قالدى .

— بىرىلى ئۇكام ، — دىدى ئۇ كىشى بىدىكنىڭ گېپىنى ياقىلاپ .

— كەم بولار ، — دىدى سەمەر ئۇ ئادەمگە قاراپ . بىدىك سەمەرگە ئوبدان بىر قاراپ قويۇپ كاللىسىنى قاشلىغىنىچە ئېيت-تى :

— چىدىغانغا چىقارغان دەپتىكەن ، يەنە بەش كوي سالدىم .

— بۇ ...

— نىمە بۇ ، پىت ئۇچەيلىك قىلما ئۇكا ، ئەمدى ئىنجىقلى-غۇچىلىكىمۇ قالمىدىغۇ ، — دىدى ئاقساقال ئادەم سەمەرگە .

— ئەمدى نان تەگسۇن ـ دە ، — بىدىك يەرگە ئېگىشىپ قولىنى توپىغا بىر سۇرتۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆرە بولۇپ قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى .

www.uyghurkitap.com

— ئەكەل قولۇڭنى ...

— يەنە بەش كوي سالسىلا ئاندىن بىرەي .

— ئا ... ! باشقىلاردىن ئالايىيا ، — بىدىك شۇنداق دىگەنچە قىيىدىغاندەك قىلىپ مىڭىۋدى ، ھىلىقى ئاقساقال ئادەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋىلىپ ئىيتتى :

— توختىسىلا ... توختىسىلا ، پىشقان سودىنى تاشلاپ كەت-مىسلە ، ئاخىرقى قىتىم بىر چىدىۋەتسىلە .

بىدىك بىردەم ناز قىلىپ تۇرغاندىن كىيىن :

— ھە بوپتۇ ، پۇتۇشتۇق ئەمىسە ، — دەپ سەمەر بىلەن قول باغلاشتى . سەمەر بىدىك بەرگەن ئىككى يۈز يەتمىش يۈەن پۇلنى قايتا - قايتا سانىۋالغاندىن كىيىن ، قوينىڭ باشبىغىنى بىدىكنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

«توۋا» دىدىم ئىچىمدە . مال سودىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كىيىن «بىرەر نەرسىنى ساتماق نىمىدىگەن قىيىن-ھە ! ئەگەر سەمەر چىڭ تۇرمىغان بولسا ، ئۇ بىدىك قوزىلىق قوينى دۇئا نەرقىدە ئىلىپ كىتەمدىكىن ! ؟ بىدىكمۇ شۇنچە يامان كىشىكەن ، سەمەرمۇ شۇنچە بوش تۇرمىدى . سودا دىگەندە يۈز يوق دەيدىكەن . ناۋادا ئۇ ئازراق يۈزى نىپىزلىك قىلغان بولسا ، بۇ سودىنى پىشۇرالمىغان بولاتتىكەن . خۇداغا شۈكرى ، ھىلىمۇ ھەقىقەتەن سودىسى ئاقىدىغان بىر يىگىتكە نىسىپ بوپتىد-مەن ...» سەمەرگە ئەگىشىپ ناۋايخانا ئالدىغا كەلگۈچە ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ مىڭىپتىمەن .

سەمەر بىلەن ناۋايخانىغا كىرىپ گۆشگىردە بىلەن غىزالاندۇق . قورساق تويغاندىن كىيىن ، سەمەر بىلەن رەستىلەرنى ئايلاندىم . بىز ئاخىرىدا يىپ بازىرىدا توختىدۇق . يىپ بازىرىنى يىپنىڭ چاڭ - توزانلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى . بۇ يەردە پۇتۇنلەي دىگۈدەك ئايالالار بولۇپ ، ئۇلار خىرىدارغا ئۆزلىرىنىڭ يىپلىرىنى ماختاپ جاڭىلداپ سۆزلەپ تۇرۇشاتتى . مەن سودا دىگەننى تازا

بىلىپ كەتمەيتتىم .
سەمەر سىمىز بىر ئايال بىلەن سودىلاشتى . بىز ئىككى يۈز يۈەنگە يۈك يىپ سېتىۋالدۇق ـ دە ، بازاردىن ئۆيگە قاراپ ماڭـ دۇق . قايناق بازاردىن چىقىپ ، يۈز مېتىرچە مېڭىپ دوقمۇشـ تىن قايرىلغاندا ، بايا بىز ساتقان قوزىلىق قوينى باشقا بىر ئادەم يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى . بىز ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلگەندە ، سەمەر :
— ئاكا ، ئۇ قوزىلىق قوينى قانچىگە ئالدىلا ؟ — دەپ سوراپ قالدى . ئۇ ئادەم سەمەرگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :
— ئۈچ يۈز يىگىرمە يۈەنگە ئالدىم . ئەرزان ئېلىۋالدىم دەڭە ئۇكا ! — دېۋىدى ھەر ئىككىلىمىزنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتارـ دى . «توۋا ، سودا دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن ، بايا شۇنچە بىئارام بولۇپ ئاران ـ ئاران بەش كويدىن پۇل قوشقان ئۇ ئادەم بىزدىن سېتىۋالغان قويدىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئەللىك يۈەن پايدا ئالسا ... بۇ قانداق تەڭسىزلىك ـ ھە ! تېخى مەن سەمەرنىڭ قىلغان سودىسىنى ئەڭ يۇقىرى باھادا بولدى دەپ قاراپتىمەن . توۋا ! سودا دېگەننىڭ راستىنىلا قىلىپى يوق ئوخشايدۇ» دېگەنـ لەرنى ئويلاپ كەتتىم . بىز ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ بىردەم بىللە ماڭغاندىن كېيىن سەمەر يەنە ئېغىز ئاچتى .
— بايا مەن بۇ قوينى بىر بېدىككە ئىككى يۈز يەتمىش كويغا ساتقاندىم ، — دېۋىدى ، ئۇ ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى .
— ھۇ ، ئىنساپسىز ئوغرى ! قاراپ تۇرۇپ ماڭا دۈمبە كۆرسىتىپ ، قۇيرۇق سېتىپ ئالدىغىنىنى ... ئەللىك كوي پايدا ئالغىنىنى قارا !
ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق قاياققىدۇر يوقالدى .
بىز ئەتىسى دەستىگاھنى قۇردۇق . سەمەر ماڭا ئۇستا بوـ لۇپ ، گىلەم توقۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى . بىز

www.uyghurkitap.com

ئەتىدىن كەچكىچە گىلەم توقۇشنى ئادەت قىلدۇق . تاماقنى قىينا-نام ئېتىپ بەردى .

بىر ئايدىن كېيىن گۈللۈك ھەم كۆركەمگىنە بىر كاربۋات گىلىمى پۈتتى . سەمەر گىلەمنى دەستىگاھتىن كېسىپ چىرايلىق قاتلىغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ تىندى . ئۇ بۇ ئەمگىكىمىزدىن بەكمۇ خۇشال بولغانىدى .

يەكشەنبىنى كۈتۈپ ئىككىمىزنىڭ كۆزى تۆت بولدى . ئۈچ كۈندىن كېيىن خاسىيەتلىك يەكشەنبە كەلدى . بىز گىلەمنى ساتماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق . سوپەك تراكتور-نىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يېتىپ كىردۇق . ئاشپۇزۇل ، ناۋايخانىلاردىن ئىس - تۈتەك ئۆرلەپ تۇراتتى . ئات قوشۇلغان مەپىلەر كىشىلەرنى ئۇياق - بۇياققا توشۇپ تۇراتتى . ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاپتوبۇس ، ماشىنا ۋە تراكتور دېگەن-لەر گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ تۇراتتى . بىز بىر مەپىگە ئولتۇردۇق . مەپىكەش ئېتىنى بازار تەرەپكە قامچىلىدى . مەپە ئۈستىدە سەمەر ماڭا بىر ئىمارەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ھەمىدە قاراڭ ، مۇنۇ ئۈچ قەۋەت بىنا تۈرلۈك ماللار شىركىتى . بۇ ، شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز بىنا . بۇ يەرگە كىرمە-گەنلەرنى شەھەرگە كەلگەن ھېسابلىمايدۇ . گىلەمنى سېتىپ بو-لۇپلا سىزنى ئۇ يەرگە ئەكىرىپ ، چىرايلىق بىر كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرەي ، — دېۋىدى ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن شۇنچە خۇش بولدۇم .

قايناق بازارغا يېتىپ كەلدۇق ، ھەرخىل چوڭ - كىچىك گىلەملەر كۆزنى قاماشتۇراتتى . سەمەر گىلەمنى ئۈچ يۈز يەتمىش بەش يۈەنگە ساتتى . بىز بازاردىن يېنىپ بىر ئاشپۇزۇلدا غىزالان-دۇق . ئاشخانىدىن يېنىپ تۆت - بەش قەدەم ئېلىنىشىمىزغا يېنىد-مىزغا ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى ، ئۇلار بىر نەرسە توغرۇ-لۇق باھا تالىشىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئورۇقراق ئادەم خام

سىمىز ئادەمگە :
— بۇ دىگەن تەيپىنەم ۋاقتىدىكى تەڭگە ، ئايالىم ئاغرىپ قالمىغان بولسا ئۇنچىلىك ئەرزان باھا قويمايتتىم ، — دىدى قولىدىكى ئۇپراپ قارايغان بىر دانە قوڭۇر تەڭگىنى ئۇ كىشىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ :
بۇ چاغدا خام سىمىز ئادەم ئورۇق ئادەمگە :
— بايا دىگەندەك ئۈچ يۈز ئون بەش كويغا بەرسىلە مەيلى . ئەمدى بىر موچەن ئۆرلىمەيمەن ، — دىدى چىرايىنىمۇ ئاچماستىن .
— ئەكىلىڭە مەن كۆرۈپ باقاي ، — دىدى سەمەر ئۇشتۇمتۇت ئورۇق ئادەمگە يېقىنلىشىپ . مەن ئۇنى توۋلاپ توختىتىشىمغا ئۇ كۆلۈپ قويۇپ :
— كۆرگەنگە نىمە بولىدۇ ؟ — دىدى - دە ، تەڭگىنى ئورۇق ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتى . خام سىمىز ئادەم بىلەن ئورۇق ئادەم ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى . خام سىمىز ئادەم سەمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— يىگىت ، سىزگە يارىسا ئېلىپ قېلىڭ . مەن ئالاي دىسەممۇ ئالالمىغۇدەكمەن . نىمىشقا دىسىڭىز ، يانچۇقۇمدا بار پۇل ئۈچ يۈز ئون بەش يۈەن ئىكەن . ھەممىنى بىرىپ ئالاي دىسەممۇ ئۇ سېتىپ بەرمىدى . جىڭ تەڭگە ئىكەن بولمىسا . ھەي ! … ، — دەپ قويدى - دە ، يولىنى داۋام قىلىپ كېتىپ قالدى . ئورۇق ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىن ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ :
— يانچۇقىدا پۇلى بولمىغاندىكىن ئالالمىدى - دە ، — دىدى . شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مەن بەكمۇ تىت - تىت بولۇۋاتاتتىم . سەمەر بولسا ھىچبىر غېمىدە يوقلا تەڭگىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ دىگۈدەك كۆرۈۋاتاتتى . سەمەر تەڭگىنى ئەنە شۇنداق كۆرۈپ تۇرغاندا ئورۇق ئادەم سەمەرنىڭ قولىدىن تەڭگىنى ئېلىپ :
— قاراڭ ئۇكام ، تەڭگىنىڭ ماۋۇ ئۇلڭ يۈزىدىكى خەنزۇچە

www.uyghurkitap.com

خەت بىلەن شىرنىڭ سىۈرىتىنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھە ، كۆردۇم ، — دەپ جاۋاب بەردى سەمەر .

— ئۇنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ خەت بىلەن شىرنىڭ سىۈرىتىدە . ئاۋۇ كالامپاي بەندىگە قاراڭ ، يانچۇقىغا ئازراق پۇلنى ئارتۇق سېلىنىۋالغان بولسا بۇ جىڭ مالغا ئېرىشەتتى ئەمەسمۇ ؟

— ئاكا ، — سەمەر تەڭگىنى ئورۇق ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ سورىدى ، — راست گەپنى دەڭە ، بۇ تەڭگىنى زادى قانچىگە ساتىسىز ؟

ئۇنىڭ سوئالىغا «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى . ئورۇق ئادەم ئاسمانغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ ئويلىنىۋالدى . «بىزنىڭ سودا ئىشىمىز باشقا تۇرسا ، سەمەر ئەجەب ئۇنى ئۇنتۇپ باشقا بىر سودىغا قىزىقىپ قالدىغۇ ، بۇ تەڭگىنىڭ باھاسىنى سوراپ قانداق قىلار ؟ ...» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتسام ، ئورۇق ئادەمنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلدى .

— سىز مېنىڭ ئىنىمگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. سىز ، شۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ھېلىقى يالاڭتۆش قويغان باھاغا بەش يۈەن قېتىپ بېرىڭ بولامدۇ ؟

— ياق ... ياق ! ... بىز تەڭگە ئالمايمىز . ئېيتىڭە ، سەمەر ئۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسىز ؟ — ئۇلارنىڭ پارىڭىنى مەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يىردىم .

ئۇلار ماڭا تەڭلا قاراشتى . ئورۇق ئادەم كۈلۈپ قويۇپ :

— ئاياللىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى . سەمەر :

— ھەئە ، — دەپ باش لىڭشىتتى ئۇ كىشىگە . ئورۇق ئادەم ماڭا قاراپ :

— خېنىم چوكان ! سىز تېخى جىق ئىش كۆرمىگەن ئوخ- شايسىز . مەن سىلەرگە ئۇ ئەڭگۈشتەرنى ئەڭ ئەرزان بەرگىلىۋا- تىمەن . بولمىسا زەرگەرگە كۆرسىتىپ باقسىلا ، بىكاردىن بىكار ئىككى يۈز يۈەن پايدا بەرمىسە ئاخىرەتتە سورىقىمنى قىلىسۇن .

— ئەمسە بۇ تەڭگىلىرىنى بىزگە كۆرسىتىپ داڭلىغۇچە زەرگەرگە ئۆزىڭىز كۆرسىتىپ بىراقلا پايدا ئالسىڭىز بول-مامدۇ؟ — دېگەنىدىم، ئورۇق ئادەم ماڭا بۇرۇلۇپ:

— ھەي خېنىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ قېنى ئېرىڭىز بىر نېمە دېسۇن. تەڭگىنى ئۇنىڭ قولىغا مەن تۇتقۇزۇپ قويدۇممۇ-يا، ئۆزى ئالدىمغا كېلىپ قولۇمدىن ئالدىمۇ؟ پايدا مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭ كۆزۈم پۇلغا تويغان، ئېرىڭىز ماڭا تۇغقان چىراي كۆرۈنگەچكە ئاندىن مەندىن ئۇنىڭغا مەنپەئەت تەگسۇن دېدىم. سىز ئەلدىن ئەلگە نەپ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان ئوخشايسىز. مەن ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىدىغان ئادەم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، مېنى شەھەردە تونۇمايدىغان ئادەم يوق. چۈن-كى، مەن پۇل تېپىشنى ئەمەس، يۈز تېپىشنى ئادەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بولدىلا، خېنىمنىڭ كۆزى كوركەن. خېنىم ئېيت-قاندەك بۇ تەڭگىنى مال تونۇيدىغان زەرگەرگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلەي، — دېدى ـ دە، سەمەرنىڭ قولىدىكى تەڭگىنى يۇلۇپلا ئېلىپ قەدەم ئېلىشقا تەمشىلىشىگە سەمەر ئۇنىڭ قولىغا ئېسىل-دى.

— بولدى، خاپا بولمىڭە، ئايال خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ سىز ئالىدىغان پايدىنى ماڭا ئۆتۈنۈڭ، بىز چۆپقەت بولۇپ قالايلى.

سەمەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ جىم-مىدە تۇرۇپ قالدىم. ئورۇق ئادەم يۇمشىغاندەك قىلىپ تەڭگىنى سەمەرگە قايتۇرۇپ بەردى. سەمەر تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ تەڭگە-نىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي قاراپ چىققان-دىن كېيىن، ئورۇق ئادەمگە ئۈچ يۈز يىگىرمە يۈەننى ساناپ بەرگەندە يۈرىكىم «پىژژىدە» ئېچىشىپ، پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. ئورۇق ئادەم پۇلنى قولىغا ئېلىپ قايتا ـ قايتا سان-غاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— خۇدايىمغا ئامانەت ، سىلىگە نان تەگسۇن ئۇكام ، نان تەگسۇن ، كۆرۈشۈپ تۇرايلى … ، — دەپلا ئالدىراپ كېتىپ قالدى . سەمەر بىر تەڭگىگە ، بىر ماڭا قاراپ :

— بۇنچە دومسايمىسىڭىزمۇ بولمىدىغۇ ؟ سودا قىلىپ پايدا تاپسام يامانمۇ ؟ يۇرۇڭ ، زەرگەرنىڭ يېنىغا ئاپىرايلى ، — دېدى .

سەمەر يۈگۈرگەندەك تېز ماڭدى . مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم . سەمەر بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، بىر زەرگەرنى تاپتۇق .

ياشانغان ، كۆزەينەكلىك زەرگەر سەمەر بەرگەن تەڭگىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن :

— بۇ ، باللار ئويناپدىغان ئادەتتىكى تەڭگە ئىكەن . تازا ئالسا ئىككى موچەنگە ئالار ، — دېۋىدى ، سەمەر بىلەن ئىككىمىز جايىمىزدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدۇق . سەمەر ماڭا ئىسەدلىپ :

— ۋاي ئىسىت ! … ئالدىنىپتىمىز … ، — دېگىنىچە سەندىتۈرۈلۈپ يىقىلدى …

بىز شۇ كۈنى كەچتە ئەلەم ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆيگە پىيادە قايتىپ كەلدۇق .

## 27

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئارىلىقتا سەمبەخان قېيىنانام تۈگەپ كەتتى . تۇرمۇشىمىز كۈندىن- كۈنگە ئارقىغا يېنىپ ، بارغانسېرى خاپىلىق تارتىپ قالدۇق . سەمەر بەكلا ھورۇن ئىدى . «يولدىن تۇيۇقسىز بىر باغلام پۇل تېپىۋالسام» دېگەن خىيالنى تولا قىلاتتى . ئۇ خام خىيال سۈرگەنسېرى شۇنچە نامراتچىلىققا پېتىپ كەتتۇق . تەشكىل بەرگەن تەمىناتلىق يەرنى ئۆزۈم تېرىپ باشقۇرۇش بىلەن كۈنلەرنى

ئاران۔ ئاران بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئۆتكۈزۈۋەردۇق .

بىر كۈنى ئانامنى چۈشەپ ئويغىنىپ كەتتىم . شۇ هامان ئانام قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى . «شۇ ئادىمىي هايۋان دادام كىچىكلىكىمدە ماڭا چېقىلمىغان بولسا ، ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگەن ، ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولمىغان بولاتتىم . ئاھ ، خۇدا ! ئەمدى ئالدىمدا تاغدەك توساق بار ... قانداق قىلاي ، ئانام مېنى كۆرگۈسى كېلىپ قان - ياش يىغلىغاندۇ ، نەگە كەتكەندۇ دەپ كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاققاندۇ ؟ هايات دېگەن كۆپۈككە ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ ؟ كىم بار ، كىم يوق بىر بېرىپ كېلەيمە- كىن - يا ؟ ! ... » ئەنە شۇنداق خىياللارنى نۇرغۇن قېتىم قىلى- دىم . سەمەرمۇ «نېمىشقا ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئاتا - ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەيسىز ؟ » دەپ نەچچە قېتىم سورىدى . مەن ئەتە - ئۆگۈن بارىمەن ، دەپ بۇ ئىشنى ئارقىغا تارتىپ كەلدىم . ئېھتىمال ، سەمەر بۇ قىلىقىمغا قاراپ گۇمانسىراپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم .

بىر كۈنى ، ئۆيۈمگە بېرىپ كېلىش ئويۇمنى سەمەرگە ئېيت- تىۋېدىم ، ئۇ هاڭ - تاڭ قېلىپ :

— نېمە بولدى ؟ تۇيۇقسىزلا باراي دەپ قاپسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا .

— هازىرغۇ قاتناش ياخشى ، بارسىڭىز بېرىپ ھەپتە تۇرۇپ كېلىڭ ئەمىسە ، — دېدى ئۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ .

— كېلەر قېتىمدا سىزمۇ بارارسىز ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا .

— ھەئە ، — دەپلا قويدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ .

ئەتىسى تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقتىم . ئاپتوبۇس بىلەن ئۈچ سائەتكە يېقىن يول يۈرۈپ يۇرتۇمغا كەلدىم . يۇرتۇمدىكى ئۆزگىرىش خېلى كۆپ ئىدى . بۇرۇنقى يول ياقىسىدىكى ئاق تېرەكلەر بۇلۇڭتا تاقاشقان ، توپىلىق يولغا ماي ياتقۇزۇلغان بو-

لۇپ ، قاتناش بەكلا راۋان بولۇپ كەتكەنىدى . مەن يۇزۇمنى يۆگىۋالغانىدىم . قارىسام ، مەن تونۇيدىغان كەپسىز بالىلار بوي تارتىپ قاپتۇ .

مەن ئېسىمدە قالغىنى بويىچە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدىم . بۇرۇنقى كونا ئۆيلەر يېقىلانغان ، هويلا ئالدىغا يېڭى دەرۋازا ئورنىتىلغانىدى . دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ هويلا ئىچىگە يوچۇقتىن سەپسالدىم ، هويلا بۇرۇنقىدىن كەڭرەك بولۇپ پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى .

— كىمنى ئىزدەيلا ؟ — بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىمگە بۇرۇ-لۇپ ئارقامغا قارىدىم ـ يۇ ، خۇشال بولۇپ كەتتىم . چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان ، بېلى خېلىلا مۈكچەيگەن بىچارە ئانام ماڭا ياتسىراش نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى . مەن يۈزۈمنى شۇنداق ئېچىۋې-دىم ، ئانامنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .

— ۋاي ، سەن هەمدە ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئانام ماڭا قاراپ هەيرانلىقتا .

— هەئە ، مەن شۇ ، — دېدىم ئانامغا قاراپ كۆزۈمگە ياش ئېلىپ .

— ئاه ، قىزىم ! بارمۇ سەن بۇ جاهاندا ! — ئانام شۇنداق دېگىنىچە ماڭا قۇچىقىنى ئاچتى .

بىز چىڭ قۇچاقلاشتۇق ، هەر ئىككىمىزنىڭ كۆز يېشى تارام ـ تارام ئاقتى . بىر هازادىن كېيىن ئانام مەڭزىمگە سۆيۈپ :

— نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كېتىسەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنى ئۆيگە باشلىغاچ .

— مەن بىر يىگىتكە ئۇچراپ قېلىپ توي قىلغانىدىم . ئاخىرىدا خېلى ئۇزۇن كېسەل تارتىپ بىرنەچچە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم . شۇڭا يوقلاپ كېلەلمىدىم ، — دېدىم يالغاند-دىن .

— توۋا ! ئىگە ـ چاقىسىز ئادەمدەك ئۆزۈڭ يالغۇز توي

قىلىۋالدىڭمۇ ؟ تويدىن كېيىن نېمىشقا ئېرىڭ بىلەن سالامغا كەل-
مىدىڭ ؟ — دەپ سورىغانىدى ئانام ، مەن :
— ئانا ، تويىمىز بەك تېز بولدى ، ھەپتىدىن كېيىن مەن
ئاغرىپ قېلىپ شۇ ياتقانچە بىرنەچچە يىل ئۆتتى . شۇڭا سالامغا
كېلەلمىدۇق ، — دېدىم يەنە يالغان سۆزلەپ .
— ئەمىسە نېمىشقا ئېرىڭ بولسىمۇ سالامغا كەلمىدى ؟ —
دەپ سورىدى ئانام . مەن يەنە يالغاندىن :
— ئۇ پۇل تاپىمەن ، مېنى داۋالىتىمەن ، دەپ ۋاقىت چىقىد-
ىرالمىدى ، — دېدىم .
— ئېرىڭ بىللە كەلمەپتىغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئانام ئارقىد-
ىنلا .
— يەنە بىر قېتىمدا بىللە كەلمەكچى ، ھازىر زۆرۈر بىر
ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىدى ، — دەپ جاۋاب بەردىم .
ئانام مېنىڭ قايسى يۇرتلۇق يىگىتكە ياتلىق بولغانلىقىمنى
سورىۋىدى :
— ئارىلىقى بۇ يەردىن خېلى نېرى ، — دەپلا جاۋاب بەردىم .
ئۇ بىر ئازدىن كېيىن :
— داداڭنى ھېچ سورىمايسەنغۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، مەن
شۇ چاغدا ئاندىن جىددىيلىك بىلەن :
— ھە راست ، دادام ئامان ـ ئېسەنمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .
ئەمما ئانام بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :
— ئۇ ھازىر تۈرمىدە ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەن تېخىمۇ
جىددىيلەشكەندەك بولۇپ :
— تۈرمىدە ؟ ئۇ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە كىرىپ
قالدى ؟ — دەپ سورىدىم ئىچىمدە ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشال
بولساممۇ ، بۇنى بىلىندۈرمەي .
— ھەمىدە ، سەنمۇ بىلەتتىڭ قىزىم ، بىزنىڭ باغ ئىچىدە
ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز بار ئەمەسمىدى ، — دېۋىدى ئانام ، كۆز

ئالدىمغا دەرھال ئۇ سىرلىق ئۆي ئېسىمگە كەلدى.

— ھە، ئېسىمدە بار ئىدى، — دېدىم ئانامغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە.

— قىزىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئانام، — سەن بىلمەيتتىڭ، باغدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ ئۈستى ئوچۇق ئىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىگە قۇياش نۇرى بىر ئوبدان چۈشەتتى. بىز تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ئاشۇ ئىككى ئېغىزلىق ئورۇندىكى ئۆيگە كۆكنار تېرىيتتۇق. ئۇ زەھەرلىك ئۆسۈملۈكنى تېرىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىز ئاشۇ كۆكنارلىقتىن قولغا كەلگەن ئەپيۇننى سېتىپ تۇرمۇشىمىزنى بىر مەزگىل باياشات ئۆتكۈزدۇق. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا بىرسى بۇ ئىشىمىزنى بىلىپ قېلىپ ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇپتۇ. ئۇ دەل مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى. داداڭ ئاشۇ يوشۇرۇن ئەپيۇنزارلىقتا ئىشلەپ تۇرغاندا ئۈچ ساقچى ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپلا ئۇنى نەق مەيداندا قولغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى سوتتا ئاياپ ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئون تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، — ئانام سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مىچىلداپ يىغلاپ كەتتى. ئانامغا قاراپ مېنىڭ كۆڭلۈممۇ يېرىم بولدى.

— ئانا، قايغۇرماڭ. ئەمدى سىزنى پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، بۇ گېپىمنى ئاڭلاپلا ئانام بوينۇمغا ئېسىلىپ خېلى ئۇزاق يىغلىدى.

ئانامنىڭ يېنىدا ساقمۇ ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە يانماقچى بولدۇم. ئۇ ماڭار چېغىمدا:

— قىزىم، ئېغىلدىكى ئاۋۇ سېرىق موزاينى ساڭا بېرەي دەيمەن. ھازىر ئېلىپ كېتەلەرسەنمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— سەمەر بىلەن يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئېلىپ كېتەي، ھازىر يول بويى ئۆزۈم يالغۇز باشقۇرالماسمەن، — دېدىم ئانامغا.



www.uyghurkitap.com

ئانام بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن مېنى ئۆزىتىپ قويدى .

مەن ئۆز ئۆيۈمگە يېتىپ كەلگەندە سەمەر ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن .

— تۇۋا ، سىزدىن بۇنچە ئايرىلىپ باقماپتىكەنمەن ، كۆزۈمدىن ئۆچتىڭىز . سىزنى بەكمۇ سېغىندىم ، — دېگىنىچە قۇچاقلاپ كەتتى . مەنمۇ شوخلۇق بىلەن :

— مېنىڭمۇ سىزنى بەك كۆرگۈم كەلدى ، — دېدىم ئۇنىڭغا ناز بىلەن كۈلۈپ .

— ھە شۇنداقمۇ ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە مېنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى - دە ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ لەۋلىرىمگە تەشنالىق بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى …

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، سەمەر بىلەن ئانامنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق . ئانام بىلەن سەمەر ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتى . سەمەر بىردەمدىن كېيىن :

— بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئالدىلىرىغا سالامغا كېلەلمىدىم . مېنى ئەپۇ قىلىسىلا ئانا ، — دېگەنىدى ، ئانام كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ :

— ھەمىدە ئۆتكەندە كەلگەندە ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى ، كېچىكىپ بولسىمۇ خۇدا دىدارلىششقا نېسىپ قىلدى ، — دېدى .

— ئانا ، قانداق ئېغىر ئىشلىرى باركىن ؟ بىز قىلىشىپ بېرىمىز ، — دېدى سەمەر ئانامغا .

ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ :

— سىلەرنى ئاران بىر كەلگەندە ئىشقا سالسام بولماس ، سىلەر دېگەن مېھمان ، مەن سىلەرنى ئوبدانراق كۈتۈۋالاي ، — دېدى . سەمەر ئانامنىڭ گېپىگە :

— بىز بالىلىق بۇرچىمىزنى ياخشى ئادا قىلالمىدۇق ، كې-

www.uyghurkitap.com

چىككەن بولساقمۇ ئىش ـ كۈشلەر بولسا قىلىپ تۈگەتمىگىچە بۇ ئۆيدىن كەتمەيمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— رەھمەت بالام ، ئۇنداقتا ئېغىلدىكى قىغلارنى ئېتىزلىقتقا يۆتكەپ بېرىڭلار ، بېغىمنىڭ پاسىلىغا سوقما تام سىلىپ بېرىڭلار ، — دېگەنىدى ، سەمەر شۇ ھامان يېڭىنى تۈرۈپ ، يالاڭباش بولۇۋېلىپ قولىغا كەتمەننى ئالغىنىچە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى . مەنمۇ سەمەرگە ياردەملەشتىم . سەمەر بىلەن ئون كۈندەك ئىشلەپ ئانامنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تۈگىتىۋەتتۇق .

بىز ياناماقچى بولدۇق . ئانام باشتا دېگىنى بويىچە سەمەرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ، ئېغىلدىكى ھېلىقى سېرىق موزاينى يېتىلىتىپ قويدى . بىز ئۇ موزاينى بىر تراكتورنىڭ كوزۇپىغا سېلىپ ، مىڭ بىر جاپادا ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق . ئۇ موزاي ئىشتىھاسىز ئىكەن . شۇنچە ياخشى ھەلەپ بەرسەكمۇ يېمەي تۇرۇۋالدى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ جىنازىدەك بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى سەمەر ناھايىتى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىلغا قارىغۇدەك بولسا ، ئۇ موزاي پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتقۇدەك . ئۇ لام ـ جىم دېمەيلا يېنىپ چىقىپ خەنجەرنى ئېلىپ كىرىپ موزاينى بوغۇزلىۋېتىپتۇ . سەمەر مېنى توۋلاپ ئويغانتقاندا ئۇ موزاينى سويۇۋاتقانىكەن . مەن ئۇ ھالەتنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدىم . ئەسلىدە ئۇ جاراھەتلەنگەنىكەن . ئۇنىڭ گۆشىنى قولۇم ـ قوشنىلارغا تارقىتىپ بەردۇق .

كېلىشمەسلىك كېلىۋەردى ، كۈنلىرىمىز بىر پۇڭغا زار بولۇپ داۋاملىشىۋەردى . بىز : «بۇنىڭدا نېمە سەۋەب باردۇ ؟ كىرىدىمىز نېمىشقا ئاشمايدىغاندۇ ؟ » دېگەنلەرنى دائىم دېگۈدەك ئويلايدىغان بولدۇق .

سەمەر بىر كۈنى ئۆيگە باشقىچە ئەلپازدا كىردى . ئۇ تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ . ئۇ

بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ :
— ھەي ! ... ، — دەپلا قويدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر مۇشكۇلچىلىككە يولۇققانلىقىنى پەملىگەندەك بولدۇم .
— سىز يەنە بىرەر پېشكەللىككە يولۇقمىغانسىز ؟ — دەپ دەككە - دۇككە ئىچىدە سورىسام ، ئۇ ئەكسىچە كۇلۇپ قويۇپ :
— باي دېگەن پۇلنى ئەجەب كەڭتاشا خەجلەيدىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ :
— نېمە ؟ سىزگە قايسى باي پۇل خەجلەپ بەردى ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ :
— تېخى خەجلەپ بەرگىنى يوق ، ئەمما چوقۇم تاپان ھەققى بېرىمەن دەپ لەۋزى قىلدى ، — دېدى .
— سىز ئۇ بايغا نېمە قىلىپ بېرىدىكەنسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ .
— بۇ نــاھايىتى ئــاددىي ئىــش ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ قويۇپ ، — ئۇ باينىڭ بۇگۈن بىر كېچىلىكىگە ئۆزى پاكىز چوكاندىن بىرنى تېپىپ بەرسەم ماڭا بەش يۈز يۈەن بېرىدىغان بولدى . تېخى ئۇ چوكاننىڭ بىر كېچىلىكىگە ئۈچ مىڭ يۈەن بېرىمەن ، دەيدۇ . مەنمۇ ئاشۇنىڭدەك باي بولسام نېمىدې-گەن ياخشى بولاتتى - ھە !
— ئـۇ چاغدا ســىزمۇ ئــاشۇ باي قىلغاننى قىلماقچىمىدى-ڭىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ چىرايىغا سوغۇق نەزەردە قاراپ .
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ؟ ھەممە ئادەم ياخشى يەپ ، ياخشى كىيىشنى ئارمان قىلىدۇ ئەمەسمۇ . بۇنىڭ نەرى يامان ؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ قاتتىق مۇئامىلەمگە پىسەنتمۇ قىلماي .
— لېكىن ، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس - دە ، — دېدىم ئۇنىڭغا .
— ئارتۇق گەپنى قويۇپ نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى ، خوتۇن ، بايا مەن ئاددىيلا ئىش دېگىنىم ئېسىڭدىمۇ ؟ بۇ ئىش مەن ئۈچۈن مۇشكۇل ، ئەمما سەن ئۈچۈن ئاددىيلا ئىش . شۇڭا

سەن بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلساڭمىكىن دەيمەن !

ئۇنىڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئېيتقان سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتىم . «توۋا ، ئۇ مېنى ھېلىقى باي بىلەن بىللە يېتىشنى ، ئۈچ مىڭ بەش يۈز يۈەنگە ئىگە بولۇشنى ئويلىمىغاندۇ ـ يا… » مەن شۇلارنى جىددىي ئويلاپ ، گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ تۇرۇپ سورىدىم :

— سىز مېنى ئۆزىڭىزگە ياردەملەشتۈرۈپ ، ئۇ بايغا بىرەر چوكان تېپىپ بېرىشنى دېمەكچىمۇسىز ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇ دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ ، سىرلىق بىر كۈلۈپ قويدى ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا :

— ياقەي ! … شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى . مەن ئۇنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ :

— نېمە ؟ مەن … ، — دەپ تۇرۇپلا قالدىم .

— ھەئە ، سىز .

— توۋا دەڭ . شۇ ئۈچ مىڭ يۈەننى دەمسىز ؟

— مېنى خىجىل قىلماڭ ، ئۈچ مىڭ يۈەن دېگەننى بىز بىر ئۆمۈر يىغىپ تېجەپمۇ تاپالمايمىز .

— ماڭا بۇ ئىشنى قىل دېگۈچە ، تىلەمچىلىك قىل دېسىڭىز بولمامدۇ ؟ — مەن غەزەپتىن ۋارقىرىدىم . ئەمما ئۇ يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوڭايسىز قىياپەتتە :

— مېنى كەچۈرۈڭ ، بىزگە يۈز بىلەن تەڭ پۇلمۇ كېرەك ئەمەسمۇ ؟ بىر كېچە دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ .

ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پەسكەشلەرچە چىققان بۇ سۆزدىن بىردىنلا سەسكىنىپ كەتتىم ۋە كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى . سەمەرنىڭ چىرايىغا قارىغانسېرى ، ئۇ كۆزۈمگە بەكلا بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تاكاللىشىشنى خالىمىدىم . ئۇ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە يۆلۈۋالغان ،

مەندەك بىر خارنى قەدىرلەپ نېرى ـ يېقىننى سۈرۈشتۈرمەي ئەمرىگە ئالغان ئېرىم ، شۇنداقلا شەپقەتچىم بولغاچقا ، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندىشىمنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدىم .

سەمەر مېنى كۆز باغلانغاندا ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ ناتونۇش بىر ئۆيگە باشلاپ باردى . بىز ئۆيگە كىرگەندە ، ئۇ ئۆيدە چىرايى قارامتۇل ، بىر كۆزىنىڭ بۇرۇندىنلا جاراھەتلەنگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان ، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان ، پۈزۈر كىيىنگەن بىر ئادەم بار ئىكەن . ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن كۆلۈمسىرەپ تۇردى . سەمەر ئۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، قىلچىلىكمۇ خىجىل بولماستىن :

— مۇنۇ چوكاننى تېپىپ كەلدىم . ئەمىسە دېگىنىڭىز بويىچە ھەق بېرەرسىز ، — دېۋىدى ، ئۇ ئادەمنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . ئەمما مېنىڭ تېنىم جىغىلداپ كەتتى . سەمەر ماڭا ئارتۇقچە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلماي ، ئۇ كىشىدىن بەش يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپلا ئالدى ـ كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن مېنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا ئولتۇرغىنىچە :

— كېلىڭ خېنىم سېكىلەك ، — دېۋىدى . مەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئۆچلۈك نەزەردە قاراپ جىممىدە تۇردۇم ، — سەمەرجان بەلكىم دېگەندۇ ، مەن سىزگە يۇقىرى ھەق بېرىمەن ، — دېگىنىچە يېنىمغا سۈۋىنىپ كەلدى . كەينىدىنلا چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ لەۋلىرىمگە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئاچ كۆزلەرچە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى ...

شۇ بىر كېچىنى ئىنتايىن خورلۇق ئىچىدە تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم . ئەتىگەندە ئۆيۈمگە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمدا ، ئۇ ئادەم يۈز كويلۇق پۇلدىن ئوتتۇز تالنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى . مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېلىقى پۇلنى سەمەرنىڭ ئالدىغا «پاققىدە» تاشلىدىم .

www.uyghurkitap.com

## 28

ئادەمنى يوقسۇزلۇق ۋە موھتاجلىق ھەرقانداق بالاغا تىقىدىكەن، ھەر تۈرلۈك پەس ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. ئەلۋەتتە، سەمەرنىڭ ئۇ ساختىپەز بايغا نورمال بىر ئەر كىشى ئۈچۈن نومۇسلۇق بولغان ئەنە شۇنداق ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغۇسى، مېنىڭمۇ ئۇ پەسكەش قىزنىڭ قوينىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگۈم يوق ئىدى. بىراق، ئۈچ مىڭ بەش يۈز يۈەن بىزدەك نامرات ئۈچۈن تاغدەك كۆرۈنگەنىدى. بىراق، ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ سەمەر بەش يۈز يۈەننى خىراجەت قىلالىلى، ئۈچ مىڭ يۈەن بانكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ مېنى ئەگەشتۈرۈپ بانكىغا بارغانىدى، بانكا خادىمى پۇلنى قولىغا ئېلىپ بىردە بىزگە، يەنە بىردە پۇلغا قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ پۇل ساختا ئىكەن، سىلەر پۇلنى قەيەردىن ئالغانىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ياغاچ ساتقاندۇق ...، — دېيىشىمىزگىلا بانكىنىڭ ئۇ خادىمى كۆزەينىكىنى ئۇستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئالدىنىپسىلەر، ساختا پۇلنى مۇسادىرە قىلىمىز، — دېگەنىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىمىز شۇ يەرگىلا يىقىلىپ ھوشىمىزدىن كېتىپتىمىز. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، سەمەرنى كۆرمىدىم. بىردەمدىن كېيىن بىر سېستىرا كىرىپ:

— ھە، ھوشىڭىزغا كەپسىز - دە، ئېرىڭىز بايا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئايالىمنى داۋالىتىشقا پۇل تېپىپ كېلىمەن دەيدۇ، — دېگەنىدى، كۆزۈمگە شۇ ھامان ياش كەلدى.

— ئۇ پۇل تاپقىلى قەيەرگە باردىكەن، بۇنى دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەدىكار بازىرىغا بارىمەن دېگەندەك قىلدى، — دېۋىدى،

كىيىملىرىمنى كىيىپ دەرھال كارىۋاتتىن چۈشتۈم ۋە ، — مېنى كەچۈرۈڭ ، بۇ پەلتويۇم گۆرۈگە تۇرۇپ تۇرسۇن ، مەن مەدىكار بازىرىغا بېرىپ ئۇنى تاپاي . ئۇ يەنە بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالمىسۇن ، — دېدىم ـ دە ، يۈگۈرگىنىمچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم . سېستىرا قىز كەينىمدە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى . مەن شۇ يۈگۈرگىنىمچە چوڭ يولغا چىقتىم . يولدا ئادەملەر كۆپ بولۇپ ، دوقمۇشتا ـ دوقمۇشتا قاتناش قىستاڭچىلىقى ئىدى . مەن كىشىلەردىن مەدىكار بازىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراپ يۈرۈپ ئاران تەستە تېپىپ كەلدىم . مەدىكار بازىرى شەھەرنىڭ ياقا بىر بۇرجىكىدە ئىكەن . ئۇ يەردە يۈزگە يېقىن ئادەم يىغىلىپ تۇرۇشاتتى ، ئەمما بىرەرمۇ ئايال كۆرۈنمەيتتى . ناۋادا ئۆزلىرىنى ياللاشقا بىرەر خېرىدار كەلگۈدەك بولسا ، ئون نەچچىسى تەڭ يۈگۈرۈپ بېرىشاتتى ۋە ھەممىسى ئالىقىنىنى ئېچىپ :

— باي ئاكا قارىسىلا ، قولۇم ئىشتا پىشقان مېنىڭ ، ھەر قانداق قارا ئىشتىن قورقمايمەن ، — دېسە ، يەنە بىرى ، — مېنىڭ قولۇم تاشتەك ، مېنى ياللىسىڭىز بەرگەن ھەققىڭىزگە رازى بولىسىز ، — دەيتتى . مەن مەدىكارلارنىڭ ئاشۇنداق يېلىنىشلىرىنى كۆرگەچ ، سەمەرنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم . ئۇنى ئاخىر تاپتىم . سەمەر بىر چەتتە مۈگىلىنىپ ئولتۇراتتى . مەن ئۇنى كۆرۈپلا :

— سەمەر ! — دەپ چاقىرىۋېدىم ، ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ ، — سىز بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز ؟ — دەپلا چىرايى تۇتۇلدى . مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— سىز قەيەرگە بارسىڭىز شۇ يەرگە بارىمەن دەپ كەلدىم شۇ ، — دېدىم ئۇنىڭ بىچارىلىكىگە ئىچىم ئاغرىپ ، ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ :

— مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن ، مەدىكارچىلىق قىلىشىڭىزغىمۇ يول قويالمايمەن ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ .

www.uyghurkitap.com

— سەمەر ، بۇ جاپالىق كۈنلىرىمىزمۇ ئۆتۈپ كېتەر ، راھەت كۆرىدىغان كۈنلىرىمىزمۇ كېلەر ، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ . ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ، مەن يېنىدا ئولتۇردۇم . كىشىلەر مەدىكارلارنى تاللاپ ، بىرنەچچە كىشىلا قالغانىدى . بىر چاغدا قىزىل ساقال بىر ئادەم ئالدىمىزغا كەلدى . ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق .

— ئەر ـ خوتۇنمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى بىزگە تەكشى نەزەر بىلەن قاراپ .

— ھەئە ، بىز ئەر ـ خوتۇنلار ، — سەمەر ئۇ ئادەمگە شۇنداق جاۋاب بەردى .

— قولۇڭلارنى چىقىرىڭلار ! — دېدى ئۇ كىشى بىزگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا . بىز ئالقىنىمىزنى ئۇ ئادەمگە كۆرسەتتۇق ، ئۇ ئادەم ئالقىنىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن :

— ئىككىڭلار ئاقنانچىمۇ نېمە ؟ قولۇڭلار پاختىدەك تۇرىدۇ . ھۆرۈن ئادەمنىڭ قولى مۇشۇنداق بولاتتى . ھەي ، كىچىك كېپ قاپتىمەن ـ دە ، قاتمال ، كۈچتۈڭگۈر مەدىكارلارنى خەق مەندىن بالدۇر ئېلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ ئادەم ئەپسۇسلىنىپ .

— نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟ — سەمەر ئۇ قىزىل ساقال ئادەمگە قاراپ سورىدى . ئۇ كىشى ئىككىمىزگە يەنە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— ئورما ئورۇيدىغان ئىش ئىدى . سىلەر ئورما ئورۇپ باققانمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز دېگەن دېھقان . ئورما دېگەننى نەچچە قېتىم ئورۇپ باققان بىز ، — سەمەر ئۇ كىشىگە شۇنداق جاۋاب بېرىۋىدى ، قىزىل ساقال ئادەمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

— ھە ، دېھقان بولساڭلار بوپتۇ ، سىلەرنى ئالقىنىڭلارغا قاراپ ھېچ ئىش كۆرمىگەنلەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇنداقتا

پۈتۈشەيلى ، تۆت مىو بۇغداينى قانچە پۇلغا ئورۇپ بېرىسى-لەر ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى . سەمەر بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن :

— بىر يۈز ئەللىك يۈەن بەرسىلە ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىل ساقال ئادەمنىڭ چىرايى تۇرۇلدى .

— نېمانچە قىممەت ؟ مىۇۋاپىقراق بىر باھا قويمامسىز ئۇكا ؟ — دېدى نارازى بولغان قىياپەتتە . سەمەر ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ :

— ئەمىسە ئۆزلىرى بىر نېمە دەپ باقمامىلا ، — دېگەنىدى ، ئۇ قىزىل ساقال ئادەم :

— توقسان يۈەن بېرەي ، تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يەڭلار ، بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— مەيلى ، يۈز يۈەن بەرسىلە ، ئورۇپ بېرەيلى ، — دېدى سەمەرمۇ باھا تالىشىپ . قىزىل ساقال ئادەم بىردەم غۇدۇرىغانى-دەك قىلىپ :

— ھە بوپتۇ ، ئەمما ئورمىنى بەك پاكىز ئورۇڭلار جۇمۇ . قېنى ئارقامدىن مېڭىڭلار ، — دېدى . بىز ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق . ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر سىرتىدىكى بىر يېزىدا ئىكەن . بىز قارا چاي بىلەن غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ كىشىنىڭ بالىسى بىزگە ئېتىزلىقنى كۆرسىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى .

ئورما ئورۇش نېمىدېگەن تەس - ھە ! ئورغاق تۇتقان قولۇم پىژ - پىژ قىلىپ ئېچىشىپ تۇراتتى . بەدەنلىرىم چىپ - چىپ تەرلەپ كەتتى . سەمەرگە قارىسام ، يېرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ ئورما ئورۇۋاتاتتى . ماڭلايلىرىدىن تەرلەر چېپىلداپ ئېقىپ تۇ-راتتى . ئاپتاپنىڭ تەپتى ئادەمنى تالجىقتۇراتتى . سوغۇق سۇمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى باسالمايتتى . شۇ كۈنى كەچكىچە مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇغداي ئورىدۇق . ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن يەنە

ئېتىزغا كەلدۇق. ئالىقىنىم تونۇگۇنكىدىنمۇ بەك ئېچىشاتتى. قاپارغان يەرلەر ئۈزۈمدەك چوڭىيىپ، ۋىل - ۋىل قىلىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئالىقىنىمدا ئورغاق تۇتالمىدىم. سەمەر بىر تال شوخا تېپىپ كېلىپ ئالىقىنىمدىكى قاپارتقۇلارنى تېشىۋەتكەندى، ئىچىدىن سۈزۈك سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقتى ۋە قاتتىق ئېچىشىپ، بىردەمدىن كېيىن ئاندىن سەللا ئاراملىق بەردى. سەمەرنىڭ قولىغا قارىسام، ئۇنىڭ ئالىقىنىنىڭمۇ ساق يېرى قالماپتۇ. ئىشنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىشىپ كەتتى.

پېشىن مەزگىل بولغاندا، قىزىل ساقاللىق ئادەم ئېتىز بېشىدا پەيدا بولدى - دە، بىزگە تاپا قىلغىلى تۇردى:

— قانداق ئورىغان بوغداي بۇ؟ باشاقلار ئوڭتەي - توڭتەي تۇرىدىغۇ؟ ئورما دېگەننى رەت تەرتىپى بىلەن ئورىمامدۇ؟ مەن سىلەرگە ئىشنى پاكىز قىلىپ بېرىڭلار دېمىگەنمىدىم. دېگەن گېپىمنى قۇلىقىڭلاردا تۇتماپسىلەر، بوغداي ئورۇشنى توختىتىپ چالا - بۇلا ئىشىڭلارنى تۈزەڭلار.

سەمەر ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا گويا جىنايەتچىدەكلا بېشىنى سىلىپ:

— ماقۇل، چېچىلمىسىلا، ئورمىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئورۇيلى، — دېدى.

بىز بوغداي ئورۇشنى توختىتىپ، ئورۇپ بولغان چەشلەرنى رەتلەش ۋە باش تېرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن يەنە بىر كۈننى كەچ قىلدۇق. ئەتىسى يەنە ئېتىزغا بېرىپ قالغان بوغدايلارنى ئورۇشقا باشلىدۇق. بوغداي چىڭقى چۈشكە ئورۇلۇپ بولدى. قىزىل ساقاللىق ئادەم ئورۇپ بولۇنغان بوغدايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن ئورىغان بوغداي بىرئاز چاچراندى بوپتۇ، مەيلى جان - جانىۋارلار تېرىپ يەۋالار. يۈرۈڭلار، كېتەيلى، — دېدى بىزگە ئىچى ئاغرىغاندەك بىر نەزەردە قاراپ. پوكۇلداپ تۇرغان

يۇرىكىمىز جايىغا چۈشكەندەك بولدى ـ دە ، ئۇ ئادەمگە ئەگىشىپ ئۆيىگە كەلدۇق . ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا قىزى ئالدىمىزغا كېلىپ :

— دادا ، ئالتۇن ئۇزۇكۇم يوق تۇرىدۇ . مېنىڭچە چوقۇم ئاۋۇ ئايال ئوغرىلىۋالدى ، — دەپ دادىسىغا ئىشارەت قىلىۋېدى ، ئىككىمىز تەڭلا جىددىيلىشىپ كەتتۇق . بېشىمدىن سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى .

— قاچان يوقاپ كەتتى ؟ — دەپ سورىدى قىزىل ساقاللىق ئادەم قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ ، چىرايمۇ ئاچماستىن .

— كېچىدە ئوغرىلىۋاپتۇ ئۇ ، — دېگەندى ، ئاچچىقتىن چىرايىم تاتىرىپ ، مېنى يىغا باستى .

— خېنىم ، مەن ئۇنداق قولى ئەگرى ئادەملەردىن ئەمەس ، ماڭا بۇنداق بۆھتان چاپلىماڭ ، — دېدىم يىغىدىن ئۆزۈمنى ئاران- ئاران بېسىۋېلىپ .

— كىم بىلىدۇ تېخى سەن دېگەن كەسپىي ئوغرىمۇ ؟ ! — دېدى ئۇ قىز ماڭا ئالىيىپ قاراپ . سەمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى :

— مەن ئوغرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ نېمە قىلارمەن ؟ ئەگەر بىز ئوغرى بولغان بولساق بۇ يەردە ئىشىڭلارنى قىلغۇچە ئوغرىلىق قىلماسمىدۇق ؟ بىزگە بۇنداق ئۇۋال قىلماڭلار !

— نېمە ، بىز ئۇۋال قىپتۇقما ؟ تۇزۇمىزنى يەپ تۇزلۇقنى چېقىشتىڭ تۇزكورلار ! تېزدىن ئۇزۇكۇمنى بېرىش ! ··· ، — قىز بىزگە ئېغىزىنى بۇزدى .

— خېنىم ، بىز ئۇزۇكۇڭىزنى ئالمىغان تۇرساق ، ئۇنى نەدىن تېپىپ بېرەلەيمىز ؟ — دېدى سەمەر غەزەپتىن تىترەپ .

— ھەرقايسىڭ ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ ؟ ئەمىسە مەن ئالامدىم ! ؟ — دەپ ھۆرپەيدى قىزىل ساقاللىق ئادەممۇ قىزىغا بولۇشۇپ ، — تېز كۆزۈمدىن يوقىلىش ، بولمىسا ساقچىغا ئاپىرىپ

كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن .

ھەر ئىككىمىز يىغلىغان ، ھارغان ـ ئاچقان ھالدا ئۇ كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق . بىز ئېغىر ئەلەم ۋە كۈچلۈك ئازاب ئىچىدە ھارغىنلىق دەستىدىن كىشەندەك ئېغىرلاشقان قەدىمىمىزنى ئاران ـ ئاران يۆتكىگىنىمىزچە شەھەرگە پىيادە كىردۇق . قورساقلىرىمىز ئېچىپ كەتتى . سەمەر بىر چاغدا بىر تونۇردىن ناننىڭ ئۇۋۇقىنى تېرىپ كەپتۇ . خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدۇم . ناننىڭ ئۇۋۇقى قورسىقىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ توختىدى ۋە نەپسىمىز بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى . كېچىسى ئوچۇقچىلىقتا تاڭ ئاتقۇزدۇق .

— تىرىكچىلىكىمىز ئۈچۈن بىزگە مۇقىم بىر ئىش بولسا ياخشى بولاتتى ، — دېدى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ .

— ھەي ، بىرەر خۇسۇسىي گىلەم كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلىسەك بولمامدۇ ؟ — دېيىشىمگە ئۇ قەدىمىنى توختاتتى .

— توۋا ، نېمىشقا بۇرۇنراق ئېسىمىزگە كەلمىگەندۇ بۇ ئامال ، يۈرۈك ، شۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئۇ دەرھاللا بىر بىلىكىنى بىلىكىمدىن ئۆتكۈزۈپ مېنى يېتىلىۋالدى .

بىز شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى سۇمەرخان ئىسىملىك بىر ئايال كارخانىچىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ سوراپ ئاران تاپتۇق . ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرسەك ، چوڭ زالدا يىگىرمىچە دەستىگاھ ئالدىدا نۇرغۇن ياش ـ ئۆسمۈر گىلەم توقۇپ ئولتۇرۇشاتتى . سەمەر ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر بالىغا :

— بۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى بىلەن كۆرۈشەتتۇق . چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز ، — دېدى ، ئۇ بالا زالنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ :

— خوجايىن ، سىزنى بىر ئادەم چاقىرىدۇ ، — دەپ توۋلىغانىدى ، قورساق سالغان ، پاكار بىر ئايال ئالدىمىزدا پەيدا بولدى . ئۇ باشقىلار بىزگە تونۇشتۇرغان سۇمەرخان ئىسىملىك ئايال ئىدى .



www.uyghurkitap.com

— نېمە ئىشلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىزگە باشتىن-ئاياغ سەپسېلىپ.

— كارخانىلاردا ئىشلەيمىز دېگەن، — دېدى سەمەر ئۇنىڭغا.

— مەن ئىشچى قوبۇل قىلمايمەن. ئەگەر شاگىرت بولۇپ ئىشلەيلى دېسەڭلار مەيلى، — دېدى ئايال. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سەمەر سۇمەرخانغا:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز يېزىدا ئىدى. ياتاق بىلەن تاماقنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىلا بىز كارخانىلاردا ۋاقتىنچە ئىشلەپ باقساق بوپتىكەن، بىز ئېغىر كۈندە قالدۇق، — دېدى سەمەر كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ. سۇمەرخان بىردىنلا يۇمشىدى:

— مۇساپىر ئىكەنسىلەر، بوپتۇ دېگىنىڭىز بويىچە ياتاق - تاماقلىرىڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەي. مۇقىم ئىش تېپىۋالغۇچە بىرنەچچە كۈن ئىشلەپ تۇرۇڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتۇق ۋە شۇ كۈنىلا ئىشقا چۈشتۇق.

سەمەر ئەتىسىلا: «نېمانداق ئېغىر ئىش بۇ» دەپ قاقشاشقا باشلىدى. ئىشقا چۈشۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن سەمەر ياتاقتىن بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. مەن ئۇنى ھاجەتكە چىقىپ كەتتى، دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمما ئۇ قايتىپ كىرمىدى. شۇ بىر كېچىنى ناھايىتى تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم. كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى. مەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۇنى ئىزدەي دېسەممۇ، قەيەرگە كەتكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. مەن خاتىرجەم ياتاقتا يېتىش ۋە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا بۇ يەردە ئىشلەپ قالدىم. ئۇ مېنى چوقۇم ئالغىلى كېلىدۇ، دېگەن ئىشەنچتە كۆڭلۈمنى توختاتتىم. سۇمەرخان ئۇنى سورىغانىدى، «سىز ئىشلەپ تۇرۇڭ، مەن باشقا ئىش ئىزدەپ باقاي دەپ كېتىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى » دەپ قويدۇم . ئۇ باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى . كۆڭلۈمدە جاپاغا چىدىمايدىغان ، ئاقنانچى ، ھەتتا ۋىجدانسىزلىقتىنمۇ قاچمايدىغان بىر ئەرگە خوتۇن بولغانلىقىمنى ئويلاپ خۇرسىندىم .

ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ كەتتى . سەمەر كۆزۈمدىن ئۇچتى . بۇ ، ھاۋا سوۋۇپ ، جاھان قارغا چۆمكەلگەن ۋاقىت ئىدى . سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇراتتى . «ئۇ مېنى مۇشۇنداق تاشلاپ قاچارمۇ ؟» دېگەن خىياللار كاللامنى چىرمىۋالدى .

بىر ئەتىگىنى ياتقىمدا ناشتا قىلىپ ئولتۇرسام ، ئىشىك چېكىلدى . بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشىمغا سەمىرىپ كەتكەن ، يۈزلىرى كېيىنگەن ، زاڭاقلىرىدا تۈك دىدارى يوق ، پاكىز چىراي سەمەر كىرىپ كەلمەسمۇ ؟ ئۇنى كۆرۈپلا ئېتىلدىم . ئۇمۇ مېنى ئىسسىق قوينىغا ئالدى . خۇشاللىقىمنى باسالماي ئۆزۈنغىچە يىغلىغاندىن كېيىن :

— مېنى نېمىشقا تاشلاپ قاچىسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن . ئۇ يانچۇقىدىن ئۈچ كاللەك پۇلنى چىقىرىپ :

— قاراڭ ، پۇل تېپىپ كەپتىمەنمۇ ؟ — دېدى .

مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ :

— نېمە ؟ شۇنچە جىق پۇلنى قانداق تاپتىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئۆزۈمنى يەپ ، ساپىقىنى سورىماڭ ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ؟ كېيىنچە بىلىسىز ، ھازىرچە بۇ پۇللارنى كەڭتاشا خەجلەشنى بىلىڭ ، بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ھە راست ، ئانام تولا چۈشۈمگە كىرىۋاتىدۇ . ئۇنى يوقلاپ كەلسەك بولاتتى ، — دېدىم ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ . ئۇ خۇش ياقمىغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا قولۇمنى بوينىدىن چۇشۇرۇۋېتىپ :

— مېنىڭ ئەمىسە ، شەھەرگە كىرىپ تاماق يەۋېلىپلا يولغا

چىقايلى ، — دېدى .
مەن چاقماق تېزلىكىدە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇر-دۇم . سۇمەرخان بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ، سەمەر كۈتۈپ تۇرغان دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم . ئۇ قىزىل رەڭلىك سانتاناغا يۆلەنگىنىچە تۇراتتى .
— ماڭايلى ، — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ . ئەمما ئۇ مىدىر ـ سىدىرمۇ قىلماي تۇرۇۋېرىپ :
— قېنى ، ماشىنىغا چىقىڭ ، — دېگەنىدى ، چۆچۈپ كەت-تىم .
— بۇ ... بۇ ماشىنا سىزنىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ .
— ياق ، بىزنىڭ ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .
مەن پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇردۇم . توۋا ، ئۇ تېخى ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىكەن . پىكاپنى ھېچ كۈ-چىمەيلا ئوت ئالغۇزۇپ قوزغىدى . مەن تۇغۇلۇپ تا شۇ كەمگىچە پىكاپتا ئولتۇرۇپ باقمىغاچقا ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم .
بىز ئاۋات بىر ئاشخانىدا بىر قاچىدىن پولۇ يەپ قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن ، يەنە پىكاپقا ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق . يولدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن :
— سەمەر ، كوسا ئادەمدەك بولۇپ قاپسىز . بىر چىرايلىق بۇرۇتىڭىزمۇ يوق تۇرىدۇ ، نېمىشقا ئەمدى ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان چىرايىغا سەپسېلىپ .
مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەرگەندەك بولدى ، شۇنداقتىمۇ چىرايىغا تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ :
— تۇك چۈشۈرۈش دورىسى سۈركىگەنىدىم . ئەمدى بۇ-رۇت- ساقال چىقمايدۇ ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى .
— ساقال ـ بۇرۇت دېگەن ئەرلىكنىڭ زىننىتى ئىدى . ئۇنى

www.uyghurkitap.com

نېمىشقا يوقىتىۋەتكەنسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئاغرىنغان ھالدا .

— ساقال ـ بۇرۇتنىڭ ئۆسۈپ تۇرۇشىمۇ ئادەمگە بەكلا ئاۋارىچىلىك ئىكەن . مۇشۇنداق سىلىق ۋە ئاپئاق تۇرسا ئادەم بالىلىقىغا قايتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ، كىشىلەرگە ياشارغاندەك كۆرۈنىدىكەن . ھازىر ساقال ـ بۇرۇتنى يوق قىلىۋېتىش ياشلار ئارىسىدا مودىغا ئايلىنىپتۇ ، — دېدى ئۇ . مەن ھەيران قېلىپ :

— توۋا ، سىز بىر قىسىم چاكىنا كىشىلەرنى دوراپسىزـ ھە ! — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ .

— مەنمۇ زامانغا باقاي دەپ ، — دېدى ئۇ .

— توۋا ، سىز شۇنچە تېز ئۆزگىرىپسىز ، — دېدىم ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا تولۇق بىر نۆۋەت كۆز يۈگۈرتۈپ . ئۇ گېپىمگە كۈلدى ۋە :

— چوڭ شەھەرگە بارسىڭىز ، سىزمۇ ئۆزگىرىسىز ، — دېدى ئۇ يېڭى بىر ئىشنى بايقىغاندەك . ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ :

— خۇدايىم ماڭا ئۇنداق يەرلەرنى كۆرسەتمىسۇن ! — دېدىم .

بىز يول بويى يەنە نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشىپ ، ئانامنىڭ ئۆيىگە يورۇق پېشىنگە يېقىن يېتىپ كەلدۇق . ئۆيگە كىرسەك ، ئانام مۇزدەك ئۆيىنىڭ بىر بۇرجىكىدە يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىپتۇ . يېنىدىكى بىر كونا قاچىدا ئازراق تۇكۇرۇك تۇراتتى .

ئۇ ئاياغ تىۋىشىمىزدىن كۆزىنى ئاچتى :

— توۋا ، ئاتاڭنى شۇنچىمۇ تاشلىۋېتەمسەن ؟ سەن كەتكىلى بىرنەچچە ئاي بولدىغۇ ، — دېدى ئانام ئاران ـ ئاران گەپ قىلىپ . مەن ئانامنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم ، سەمەرمۇ ئانام بىلەن تىنچلىق سوراشتى . مەن بازاردىن ئېلىۋالغان تاتلىق ـ تۈرۈملەر قاچىلانغان سومكىنى ئانامنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئېغىزىنى ئاچتىم ۋە :

— بىۋاپا قىزىڭنى كەچۈرگىن ئانا! كۆتكەن يېرىڭدىن چىقالمىغىنىمغا خىجىلمەن. مەن بىر گىلەم كارخانىسىدا ئىشلىگەنىدىم. خوجايىنىدىن رۇخسەت ئالالمىدىم، — دېدىم.

— ئوبدان قىپسەن. بىكار يۈرگۈچە ئىش تېپىپ ئىشلىگىنىڭ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى بىچارە ئانام مېنى ئەپۇ قىلىپ.

ئانام بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەمەرنىڭ چىرايىغا ئوبدان بىر سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز بالام؟ — دەپ سورىدى.

ئانامنىڭ بۇ گېپى بىلەن سەمەرنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق تېزلا يوقالدى ۋە ئېغىز ئاچتى:

— مەن چوڭ شەھەرگە بېرىپ كەلدىم، — دېدى. ئانام:

— ئۇ قانداق يەر بالام؟ — دەپ سوراپ قالدى. سەمەر ئۇنىڭغا:

— يىراق، ئۇ بەك ئاۋات ھەم ئۈز جاي، — دەپ چۈشەندۈردى.

ئانام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى. مەن ئانامنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ:

— ئانا، چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدۇ. قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سورىشىمغا ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىدى.

— قېنى، ئېيتىڭ ئانا، بىز كەلدۇق. كېسىلىڭىز بولسا تارتىنماي دەڭ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز، — دېدىم ئۇنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

— كېچىسى تولا يۆتىلىپ ئىچ ئەزايىم بەك ئاغرىيدۇ. بالام، قېرىلىقىمدىن ئوخشايدۇ، — دەپ كېسىلىنى يوشۇرغاندەك قىلدۇ. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتكەندەك بولدى - دە، ئۆزۈمنى توختىتىۋالالماي يىغلاپ سالدىم.

— تۇرۇڭ ئانا، دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى سەمەرمۇ. ئىككىمىز ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ قولتۇقىدىن يۆلىدۇق. ئانام

شۈنى كۈتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ ئۇن ـ تىنسىزلا ئاستا ئورنىدىن تۇردى . ئانامنى يۆلەشتۇرۇپ پەگاھقا چۈشۈردۇق . مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكىشكە ياردەملەشتىم . ئانام يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى . بىز ئوبدان تەييارلىنىپ ، دەرۋازىدىن چىقتۇق . ئانامنى پىكاپ بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق . دوختۇرلار ئانامنى تەكشۈرۈپ : «ئۆپكە كاردىن چىقىپتۇ ، قان يېتىشمەپتۇ ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويۇپ ياتاققا ئالدى . سەمەر ئانامنى داۋالىتىش ئۈچۈن يېنىدىن بەش مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىۋېدى ، ئانا ـ بالا ئىككىمىز بەكلا خۇش بولدۇق . ئۇ مېنى ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ ، بىز بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

ئانام دوختۇرخانىدا يىگىرمە كۈندەك داۋالىنىپ خېلىلا ساقايدى . ئۇنىڭ دورا پۇلىغا ئۈچ مىڭ يۈەن كەتتى . ئېشىپ قالغان بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇلنى ئانامنىڭ قۇۋۋەتلىك يېيىشى ئۈچۈن يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم . ئانام دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، ئانام بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە قايتىپ بىر مېھمانخانىدا قوندۇق .

مەن بەكلا رازىقىپ كۈتكەن كېچە ئاخىر كەلگەنىدى . مەن جاي تەييارلاپ سەمەرنى كۈتۈپ ياتتىم . ئەمما ، نېمىشقىدۇر ئۇ مەندىن ئۈركۈگەندەك قىلىپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتى . مەن تاقەتسىزلىنىپ :

— سەمەر ، تېلېۋىزور مەندىنمۇ مۇھىممۇ ؟ مېنى سېغىنمىدىڭىزمۇ ؟ يېنىمغا كەلمەمسىز ، مەن سىزگە تەشنا بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن ، — دېيىشىمگە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپلا كەتتى .

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە پۈتۈن ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم . لېكىن ئۇ مېنى بۆرۇنقىدەك قىزغىن قۇچاقلاپ باغرىغا باسمىدى . مەن ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۇنى قويۇۋەتتىم ۋە چىرايىمنى تۈرۈپ :

— سەمەر ، سىز نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز ؟ ئېيتىڭە ، سىزگە زادى نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى ـ دە ، بوش ئاۋازدا ئېيتتى :

— كەچۈرۈڭ ، تاش يۈرىكىمنى سېتىۋەتتىم . ئەرلىكىم تامامەن يوقالدى ، — دېگەندى ، بېشىمدا خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك بولدۇم ۋە ھوشۇمدىن كەتتىم .

## 30

سەمەردىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىدىم ، ئەمما يۈز ـ تۇرانە دېيىشكە ئۇيالدىم . ئۇ ئالدىمدا بەكلا بىچارە بولۇپ كەتكەندى . ئەمما ، ئۇ ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كۆيۈنەتتى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر شەنبە كەچلىكتە ماڭا :

— رېستورانغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلىچۇ ، — دېدى . مەن تېخى رېستوران دېگەن يەرگە بېرىپ باقمىغاچقا ، بۇ دىمىق ئۆيدە ئولتۇرغۇچە مەيلى ئەمەسمۇ ، دېگەننى ئويلاپ ماقۇل بولدۇم . بىز پىكاپ بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق .

مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە ، سەمەر يولنىڭ ياقىسىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق ، كۆزلىرى چوڭ ، قاشلىق ، پاناق بۇرۇن بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ماشىنىنى توختاتتى .

— خېلىل ، ئۇزاق ساقلىمىغانسەن ؟ — دەپ سورىدى سەمەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ .

— ئانچە ئۇزاق ساقلىمىدىم ، كەلگىنىمگە ئون مىنۇتتەك بولدى ، — دېدى ئۇ خىر ـ خىر ئاۋازدا .

— قېنى ، ماشىنىغا چىقە ، — دېدى سەمەر ئۇنى پىكاپقا تەكلىپ قىلىپ .

ئۇ يىگىت پىكاپنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا چىقىپ ئولتۇردى ـ دە ، سەمەردىن .

— بۈگۈن رەڭلىك ئولتۇرامدۇق ياكى رەڭسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى .

— رەڭلىك ، — دېدى سەمەر كۈلۈپ تۇرۇپ .

مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى تازا ئاڭقىرالماي ئولتۇردۇم . رەڭلىك دېگىنى ماڭا ئېيتقان «رېستوران» دېگىنى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم .

بىز شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات بىر رېستورانغا كەلدۇق . رېستوراننىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى . ناخشا ئاۋازى توختىمايتتى . پۇزۇر كىيىنگەن كىشىلەر يۇمىلاق ئۈستەللەرنى چۆرىدىشىپ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . بىز سەمەر زاكاز قىلدۇرغان كىچىك بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتۇق . تاماق ۋە قورۇما ئارقا - ئارقىدىن چىقتى . بىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق . بىردەمدىن كېيىن مۇزىكا توختىدى ۋە چىرايلىق كىيىنگەن رىياسەتچى قىز مېھمانلارغا سالام بېرىپ كەچلىك بەزمىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىغاندا چاۋاكلار چېلىندى .

ئالدىمىزغا چايدىن باشقا ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىرخىل ئىچىملىك قېپى بىلەن كەلتۈرۈلگەندە ، سەمەر ئاغزىنى ئېچىپ بىر جۈپ كىچىك قاچىغا ئاق سۇيۇقلۇقنى تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، بىر قاچىنى قولغا ئېلىپ تۇرۇپ :

— ھەمىدە ، بۇياق مېنىڭ يېقىن دوستۇم . ئۇنىڭ ئىسمى خېلىل . بالىلار ئۇنى تولىراق خېلىل خىر - خىر دەپ ئاتايدۇ ، — دېگەندە مەن «پىسسىڭڭىدە» كۈلۈۋەتتىم . سەمەر ئۇ يىگىت بىلەن ئۆزلىرىگە قويغان ئىچىملىكنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى .

— قېنى ، ھەمىدەمۇ بىر رومكا ئىچىپ قويسۇن ، — دېدى خېلىل خىر - خىر ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ .

— ئىچىدۇ ، ئىچمىسە بولمايدۇ . مانا نۆۋەت ئۇنىڭغا كەل-

دى ، — دېدى سەمەر ماڭا رومكىنى ئۇزىتىپ . مەن ئۇ ئاچچىق سۇيۇقلۇقنى ناھايىتى قىيىنلىپ دېگۇدەك ئىچىۋەتتىم ۋە بارا - بارا قىزىشقا باشلىدىم . تازا ئەركىن يەپ - ئىچتۇق . رومكىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇقدىلىپ تۇردى . بىز مەيدانغا چۈشۈپ ئوڭ- تەتۈر دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق . ئۆزۈمچە كۆزلىرىم كىچىكلەپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . بىر چاغلاردا كۆڭلۈم ناھايىتى خۇش بولۇپ خۇدۇمنى يوقىتىشقا باشلىدىم .

رېستوراندىن قانداق چىققىنىم ئېسىمدە يوق . بىر چاغدا كۈچلۈك يورۇقلۇققا چىدىماي كۆزۈمنى ئاران ئاچسام ، يات بىر ئۆيدە ، يات بىر كارىۋاتتا يېتىپتىمەن . دەرھال ئەتراپىمغا قاردىسام ، يېنىمدا خېلىل خىر - خىر كىيىملىرىنى سېلىۋاتقانىكەن .

— بۇ قەيەر ؟ — دەپ سورىدىم بوش ئاۋازدا خۇدۇمنى سەل يىغىپ . ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ماڭا دەرھال قارىدى - دە :

— بۇ ، مېنىڭ ئۆيۈم ، — دېگەنىدى ، مەن شۇ ھامان جىددىيلەشتىم ۋە بېشىمنى كۆتۈردۈم .

— مېنىڭ ئۆيۈم ؟ مەن نېمىشقا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرىپ قالدىم ؟ سەمەر قېنى ؟ — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدىم . ئۇ ماڭا قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ :

— بەلكىم سىزگە بىلدۈرمىگەندۇ ، ئۇ ئاللىبۇرۇن ناكار بولغان ، ئۆزى سىزنى ماڭا تاپشۇردى . ئەمدى سىز مەندەك پۇ- تۇن- سۇرۇك ئەركەككە موھتاج ، — دېدى - دە ، مېنى قۇچاق- لاپ سۆيۈشكە باشلىدى .

ئۇنىڭ كۈچلۈك قۇچاقلاشلىرى ۋە سۆيۈشلىرى بىلەن بەدى- نىمنى شېرىن بىر خىل ھېسسىيات چىرمىدى . مەن بۇنداق ھېسسىياتقا ئۇزۇن مەزگىل تەشنا بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ چوغدەك لەۋلىرى مېنى تېخىمۇ بەك بىھوش قىلىشقا باشلىدى ...

شۇ كېچىسى ئۇنىڭ قۇچىقىدا ياتتىم . ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرغاندا مېنى خىجىلچىلىق بېسىۋالدى . شۇنداقتىمۇ ئىلاجىسىز-

لىق ئىچىدە قايتىشقا تەمشەلگىنىمدە ، ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ :

— ھەممىدە ، نەگە بارىسىز ؟ بولدى كەتمەڭ . مەن سىز بىلەن تويي قىلاي دەيمەن ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ .

— مەن ئەمدى تويي قىلمايمەن . يالغۇز قالغان ئانام بار ، شۇنىڭ يېنىغا كېتىمەن ، — دېدىم ئۇنىڭغا . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى دەرھال ئۆڭدى .

— ھەممىدە ، قىز ـ يىگىتلەر بىر كېچە بىرگە بولسا بىر ـ بىرىدە يۈز كۇنلۇك مېھرى قالىدۇ دەپتىكەن . مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . كەتمەڭ ! — دېدى ئۇ قولۇمنى قويۇپ بەرمەي .

— ئالدى بىلەن سەمەردىن سۆزۈمنى ئېلىپ ئاجرىشاي ، تويي قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن تويي قىلايلى ، — دېدىم ئۇنىڭغا . راستىنى ئېيتسام ، ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالغانىدى .

— سەمەر بۈگۈن سەھەردە ئىچكىرىگە ماڭىمەن دېگەن . بولدى ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ ، بۇ ئۆيدە مەن بىلەن تۇرۇۋەرسىڭىزمۇ ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ ، — دېدى ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن .

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدىم . ئىچىمدە بولسا سەمەرنى راسا تىللىدىم . شۇنداق قىلىپ ئىلاجسىز خېلىل خىر ـ خىرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم .

بىر ئەتىگىنى خېلىل خىر ـ خىر ناشتىدىن كېيىن :

— ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىلىمۇ خېلى بوپتۇ . زېرىكىپ كەتتىڭىز ، مەنمۇ ھەم شۇنداق . يېقىنلا جايدا بىر ھامما ئاچام بار ، بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەيلىمىكىن ، — دېۋىدى ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا تازا خۇشياقتى :

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدىم ئۇنىڭغا .

بىز ئىشىكنى تاقاپ يولغا چىقتۇق . موتىسىكلىت بىلەن ئالا ھازەل يېرىم سائەتكىچە يول يۈرگەندىن كېيىن ، خېلىل خىر ـ خىر كوچىنىڭ بىر بېشىدىكى بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا

كېلىپ توختىدى . ئۇ موتسىكلىتنى يان تەرەپكە قويغاندىن كېيىن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى . بىردەمدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ۋە ئىشىكنىڭ زەنجىرى شاراقشىپ ، دەرۋازا ئېچىلدى ۋە سىمىزلىكىدىن ئەمچەكلىرى لىغىرلاپ تۇرغان ، ئېگىز بوي ، سىدام قاپاق بىر ئايال ئالدىمىزدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالەتتە پەيدا بولدى .

— ھەمىدە ، بۇ ئاچىمىزنىڭ ئىسمى پەيزىگۈل . بىز ئۇنى پەيزەم دەپمۇ چاقىرىمىز ، — دەپ تونۇشتۇردى .

— تىنچ - ئامان تۇردىڭىزمۇ ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدىم ئۇنىڭدىن ، ئۇ سېمىز يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ :

— قېنى ، ئىچكىرىگە كىرىڭلار ، — دېدى بىزنى ھويلىغا تەكلىپ قىلىپ . بىز ھويلىغا كىرگەندە ، ئۇ ئايال دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن زەنجىرلىدى .

مەن بۇ ھويلىدىكى يەتتە - سەككىز ئۆيدە بىرنەچچە ئايالنىڭ پاراڭلىشىپ كۈلۈۋاتقان ئاۋازىدىن مەڭدەپ قالدىم . پەيزەم خىلىل خىر - خىر ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ھاما ئاچىسىغا ئوخشايدىغاندەك قىلمايتتى .

— بۇ قېتىم مالنىڭ چىرايلىقىنى تېپىپ كەپسەن . ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم . چىرايلىقكەن ، راستتىنلا چىرايلىقكەن .

پەيزەم ئىسىملىك بۇ ئايالنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان گەپلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم . خېلىل خىر - خىرغا قارىسام ، ئۇ ماڭا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ، پەيزەمگە بۇرۇلۇپ :

— بۇ تۇمۇچۇق بىلەن تازا خۇماردىن چىققۇچە ئوينىۋالدىم . شۇڭا ئانچە يۇقىرى ھەق ئالمايمەن ، — دېگەنىدى ، غەزەپتىن پارتلاپ كەتتىم .

— ھۇ ، پەسكەش ! ··· ئالدامچى ! ··· ، — دەپ ۋارقىرىدىم-

دە ، ئۈنىڭ ياقىسىغا چاڭگال سالدىم . پەيزەم دەرھال كېلىپ مېنى ئاجرىتىۋەتتى .

— ھاي ... ھاي ! ... ئۇ سېنىڭ كۆڭۈل خۇشۇڭ ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشتىن بىرنى قىلدى . ئۈنىڭدىن نەپرەتلەنمەي ، بەلكى ئۈنىڭغا ھەشقاللا دېسەڭ بولىدۇ . ناۋادا توي قىلساڭ بىر ئەرگە قۇل بولاتتىڭ ، بۇ يەردە مىڭ ئەرگە گۈل بولىسەن ، — دېۋىدى ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم .

بىر چاغدا قارىسام ، ھەرقايسى ئۆيلەردىن چىققان چىرايى سولغۇن ئون نەچچىدەك ئايال ماڭا قاراپ تۇرۇشۇپتۇ . خىلىمۇ خىل - خىر كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئايالالار ئىچىدىن چىرايلىقراق بىرنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈشكە باشلىدى . شۇ چاغدا يەنە تۆت - بەشى ئۈنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ :

— بىزنىمۇ سۆيۈپ قويۇڭە ! — دەپ نازلىنىشقا باشلىدى . مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خىجىل بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ دۈم يېتىۋالدىم . ئەمما تەقدىرنىڭ بۇنداق چاقچىقىغا بويسۇنماي بولمىدى .

خىلىمۇ باشلاپ كەلگەن بۇ يەر بۇزۇقچىلىق ئورنى ئىكەن . پەيزەم بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى ، شۇنداقلا خوجايىنى ئىكەن . ھەر كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن بۇ ھويلىغا ئەرلەر يىغىپ كېتەتتى . ئىپلاسلىق قاپلىغان بۇ جايدا قانچىلىك ياشىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . بىر كۈنى كېچىدە ئون نەچچە ساقچى بۇ ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى . ھەممىمىز دېگۈدەك قىپيالىڭاچ ئىدۇق . ئۇلار بىزنى ئۆي - ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىشتى . ھويلىغا چىقىپ قارىسام پەيزەمنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپتۇ ، ئەمما ساقچىلار بىزنىڭ قولىمىزغا كويزا سالمىدى . كىيىملىرىمىزنى كىيىشنى بۇيرۇدى . كىيىملىرىمىزنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىزنى يالاپ ماشىنىغا چىقاردى ۋە ساقچىخانىغا ئاپاردى . ھەممىمىز نۆۋەت بويىچە سوراق قىلىندۇق . مېنى سوراق قىلغان ساقچى

ئىسمىمنى ۋە يۇرتۇمنى سورىغاندىن كېيىن:

— نېمىشقا بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىغاندى، كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— مېنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغۇم يوق ئىدى. خېلىل خىر-خىر دېگەن دەللال ئالداپ ئەكېلىپ پەيزەمگە تۇتۇپ بەردى. مەن بۇ يەردىن قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلالمىغانىدىم. تەلىيىمگە يارىشا سىلەر مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭلار، — دەپ ھەممە ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ساقچى يىگىت ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ:

— يۇرتىڭىزغا ئاپىرىپ قويساق خۇشال بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، ناھايىتى خۇشال بولىمەن، — دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. ساقچى يىگىت كۆڭلۈمگە تەسەللى بەردى. ئەتىسى ساقچىلار ماشىنا بىلەن مېنى مەھەللىگە ئاپىرىپ قويدى. بىچارە ئانام مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. مەن ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدىم. بىر ئۆي دېگەننىڭ چىقىمى ھەر تەرەپتىن بولغاچقا، ئاز-پاز پۇل تېپىپ ئانامنىڭ رەھمىتىنى ئالاي دېگەن نىيەتتە پاختا تېرىشكە كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى سىلەر بىلەن تونۇشۇپ سۆھبەتلىشىپ تۇرۇۋېتىمەن.

* * * *

ھەمىدەنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى.

ئۇلارنىڭ پاختا تېرىش ئىشلىرى دەل ئوتتۇز كۈندە قولدىن چىقتى. پاختىكارلارنىڭ چىرايى كۆيۈپ قارىدىغان، قوللىرى چاك-چاك يېرىلىپ ئېتىلغانىدى. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىككى ۋاخ قۇرۇق ناننى يېگەچكىمۇ ئىشتىھالىرى تارتىلىپ كەتكەن، كىيىملىرى كىرلەشكەن، بەتىنكىلىرىنىڭ رەختى مايسىراپ ئاقارغان، پاشنىلىرى يېرىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى-

رىنىڭ باشلىرىنىڭ ناگان ـ ناگاندا قېيىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھېچكىممۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقۇدەك كېسەل بولمىدى. ئۇلار خېلىلا تېتىك كۆرۈنەتتى .

خاسىيەت پاختىزارلىقنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن :

— بىرەر چىش پاختىمۇ قالماپتۇ . پاكىز تېرىپسىلەر . مەن سىلەردىن كۆپ مىننەتدار ، — دېدى ناھايىتى خۇشال ھالدا .

— ئەمىسە قايتايلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى نۇيىە خاسىيەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ .

— ۋاي قايتامدىغان ، ئەمدى سىلەرنى بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇزمايمەن ، — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ .

ئاياللار خاسىيەتكە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . ئۆيگە كەلگەندە خاسىيەتنىڭ قىزى قازانغا چۆچۈرە سېلىۋاتاتتى . ئاياللار ھېرىپ كەتكەنىدى . ئۇلار خاسىيەت سۇنۇپ بەرگەن مۇزدەك سوغۇق سۇنى ئىچىشىپ ئۇسسۇلۇقلىرىنى قاندۇرۇشقاندىن كېيىن ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى .

— مەن ئىش ھەققىڭلارنى ھېسابلاپ چىقاي ، پۇلنى قولۇڭلارغا بېرىپ كۆڭلۈڭلارنى تىندۇراي . سىلەرچە قانداق ، — دەپ سورىدى خاسىيەت ئۇلارغا قاراپ . ھېنىمبانۇ :

— بولسا شۇنداق قىلسىلا ، بىز ئەتە سەھەردىرەك يولغا چىقمىساق بولماس ، — دېدى ئۇنىڭغا .

باشقىلارمۇ ئۈن ـ تىنسىز كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشتى . خاسىيەت ھېنىمبانۇنى چاقىرىپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى . باشقا ئاياللار پىننە سېلىنغان مەززىلىك چۆچۈرىنى بىر چىنىدىن ئىچىشىپ ئورۇنلىرىدا يانپاشلىنىپ يېتىشتى . ئۇلارنى ھاردۇق لايدەك ئېزىۋەتكەنىدى . ئۇلار ياتقان يەرلىرىدىلا ئۇخلاپ قالغاندى . ھايال ئۆتمەي خاسىيەت بىلەن ھېنىمبانۇ قايتىپ كىرىپ ئۇلارنى ئويغاتتى . ئاياللار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقىنىچە ئۆرە بولۇپ

ئۇلتۇرۇشتى . خاسىيەت ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىشقا باشلىدى .

— نىۋىيە ، بۇ سىزنىڭ ئىش ھەققىڭىز ، — خاسىيەت ئۇنىڭغا بىر تۇتام يۇز كويلۇق پۇلنى سۇنۇپ بەردى . نىۋىيە ناھايىتى خۇشال بولۇپ پۇلنى قولغا ئېلىپ سانىغاندىن كېيىن :

— ئوتتۇز كۇنلۇك ئىش ھەققىم ئىككى مىڭ ئەللىك كوي بوپتۇمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر پۇلغا ، بىر خاسىيەتكە قاراپ .

— قانداق ، رازى بولدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى خاسىيەت كۈلۈپ .

— رازى بولدۇم . بۇ پۇل بىرنەچچە ئاي خەجلىشىمگە يېتىدىغۇ ، — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ . خاسىيەت ئارقىدىنلا زۇپتۇمەگە بۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەندە ، ئۇمۇ ساناپ كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە پۇلنى بىر يانچۇقىغا سېلىپ جايلاشتۇردى . خاسىيەت ئاياللارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن :

— ئالدىڭلاردا تولىمۇ خىجىلمەن . سىلەرنى ياخشى كۈتەلمىدىم ، — دېگەندى ، ھېنىمبانۇ :

— ئۇنداق دېمەڭ . سىزگە ئېغىرچىلىقىمىزنى سالدۇق . بىزنى ئۇن ، گۆش ، ماي قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدىڭىز . تېخى بىز خىجىل بولۇۋاتىمىز ، — دېيىشىگە ، زۇپتۇمە :

— ھېنىمبانۇ راست دەيدۇ . ئۇنداق دېمىسىلە ، بىز بەك خىجىل بولىدىكەنمىز ، — دېدى ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قوشۇمچە قىلىپ . خاسىيەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش يۇگۇردى .

— سىلەردەك مىجەزى ئېسىل ئاياللارنى كۆرمەپتىكەنمەن . كېلەر يىلى يەنە پاختا تېرىشكە كەلسەڭلار ئالدىمغا ئۇدۇللا كېلىڭلار . مەن سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۈتۈپ ، ئىش ھەققىڭلارنى يۇقىرى بېرىمەن ، — دېدى ئۇ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ . ئاياللارمۇ خاسىيەتنىڭ بۇنداق ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ يىغلاپ كېتىشتى . ئۇلار يەنە ئازراق ئاش سۈيى ئىچىشىپ ئۇسسۇزلۇقلى-

رىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن بالدۇرراق ئۇخلاپ سەھەر تۇرۇپ يولغا چىقىش ئۈچۈن ياتاقلىرىغا چىقىپ كېتىشتى .

ھېنىمبانۇ توخۇلار بەس - بەستە چىللاشقاندا ھەمراھلىرىنى بىر - بىرلەپ ئويغاتتى . ئۇلارنىڭ ئېسىگە يۇرتى ۋە ئائىلىسى كېلىپلا ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى ھەمدە يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇردى . ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ، خاسىيەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئۆيگە كىرىڭلار ، ناشتا قىلىۋېلىپ ئاندىن مېڭىڭلار ، — دېدى . ئاياللار يۈك - تاقلىرىنى بەردە قويۇشقاندىن كېيىن :

— ناشتا قىلساق قىلىۋالايلى ، — دېيىشىپ خاسىيەتنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى . خاسىيەت ئۇلارغا داستىخان سالدى ۋە قېنىق چاي قۇيغاچ :

— سىلەر ناشتا قىلىپ تۇرۇڭلار ، قوشنىمىزنىڭ مىنىبۇسى بار ئىدى . قوشنام سىلەرنى يۇرتۇڭلارغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولغان . شوپۇر بالا ئورنىدىن تۇردىمۇ ، يوق ، قاراپ باقاي ، — دېدى .

زۆھرە قولىدىكى چاينى داستىخانغا قويۇپ :

— بەك ياخشى بولدى . مۇمكىن بولسا ئاشۇ ماشىنىدا كېتەيلىچۇ ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ . بۇ گەپ باشقىلارغىمۇ خۇشياقتى .

خاسىيەت چىقىپ كەتتى . ئاياللار لەۋلىرىنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىق چاينى ئوتلىشىپ ئولتۇرغاندا ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىشىكتىن چىقتى ۋە يۈك - تاقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى - دە ، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى . ھاۋارەڭ مىنىبۇس دەرۋازا ئالدىدا توختىغانىدى . خاسىيەت ئۇلارغا :

— ئاق يول بولسۇن ، ئامان بولۇڭلار ، كۆڭلۈڭلارنى ئاغرىتقۇدەك گەپ - سۆز قىلىپ سالغان بولسام مېنى كەچۈرۈڭلار ، — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، ئامان بولسىلا ، پات - پات تېلېفون ئېلىپ تۇرسىلا ، — دېدى ھېنىمبانۇ .
— مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار ، تېلېفون ئېلىپ تۇرۇڭ-لار ، — دېدى خاسىيەت ئۇلارغا قاراپ .
— شۇنداق قىلىمىز ، خوش ! ... ، — دېيىشتى ئۇلار ئور-تاق ئاۋازدا .
خاسىيەت ئۇلار مىنىبۇسقا چىقىپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغان-لارغا قاراپ :
— خوش ! ... ، — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا .
مىنىبۇس قوزغالدى . خاسىيەت ئۇلارغا قول پۇلاڭلىتىپ قالدى . ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدىن بارا - بارا يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى .
مىنىبۇس تاشلىق يولدا كېتىپ بارماقتا ئىدى ... كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى دېرىزە كۆزنىكىدىن كىرىپ تۇراتتى... مىنىبۇس شۇ ماڭغانچە بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈردى . قۇياش نۇرى كۆز پەسلىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى . ھېنىمبانۇ دوستلى-رىغا تەكشى بىر نەزەر سېلىپ :
— ئۇدۇل بېكەتكە بارامدۇق ياكى شەھەر ئىچىدە قالامدۇق ؟ — دەپ سورىدى . زۆپتۇمە :
— ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرەيلى . مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي ، — دېدى . ھەمىدە :
— گەپلىرى راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ .
— راست ، — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ .
— ئۇستام ، ئۇنداقتا بىزنى شەھەر ئىچىدىكى بېكەتتە چۈشۈ-رۈپ قويۇڭ ، — دېدى زىۋىدە شوپۇرغا .
ئۇلار شەھەر ئىچىدىكى بېكەتكە يېتىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى . زۆپتۇمە ئۇلارنى ئاۋات ئاشخانىغا باشلاپ كىردى . ئۇلار پولۇ بىلەن تويغۇچە غىزالاندى . ئۇلار ئېغىزلىرىنى سۈرتۈپ

www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن ، ھېنىمبانۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ :

— ھە راست ، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى . يۇرتۇڭلاردا ئۆيىڭلارغا يېقىن يەردىكى ئاممىۋى تېلېفون نومۇرلىرىنى يېزىۋالاي . ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرايلى ، بولامدۇ ؟ — دېۋىدى ، ئاياللارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپ ، ھېنىمبانۇغا ئۆزلىرى بىلىدىغان ئاممىۋى تېلېفونلارنىڭ نومۇرلىرىنى دەپ بېرىشتى . ھېنىمبانۇمۇ دەپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا تېلېفون نومۇرلىرىنى يېزىۋېلىشتى ـ دە ، ئاشخانا ئالدىغا چىقىپ بىر ـ بىرىگە قىيالمىغان ھالدا ئايرىلىشتى .

ھېنىمبانۇ ئەمدى ئۆزى يالغۇز قالغانىدى . ئۇ يۈك ـ تاقلىرىنى بىر مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە ئۆزى بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋېلىشنى ئويلاپ قالدى . ئۇ كوچىلارنى ، رەستىلەرنى ئارىلىدى . بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئېگىز بىر ئىمارەتكە چۈشتى . ئىمارەتنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە «يېڭى دەۋر مودا كىيىم ـ كېچەك مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى» دەپ ئېسىلغان ۋىۋىسكىدىكى چوڭ خەت ئۇنى قىزىقتۇردى . ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ شىركەت بىناسىنىڭ ئىچىگە كىردى . بىنا ئىچىدە خېرىدارلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بەس ـ بەستە مال سېتىۋالماقتا ئىدى . ھېنىمبانۇ بىنانىڭ ھەممە قەۋىتىنى ئارىلاپ چىقتى . بىنانىڭ ھەربىر قەۋىتىگە باشقا ـ باشقا تۈردىكى ماللار سېلىنغانىدى . «توۋا ، — دەپ ئويلاپ قالدى ھېنىمبانۇ ، — بۇ شىركەتنىڭ ئىگىسى تازا باي ئوخشايدۇ جۇمۇ . يەتتە قەۋەتنى مالغا لىق تولدۇرۇپتۇ . خېرىدارلىرىمۇ شۇنچە بەك كۆپكەن . ماللىرىمۇ كۆپكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

ئۇنىڭ كۆزىگە خورما رەڭ بىر پەلتو ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈندى ـ دە ، ئۇ پەلتونى تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدى .

— كىيىپ باقامسىز ؟ — دەپ سورىدى مال ساتقۇچى ئۇنىڭدىن . ھېنىمبانۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن

كېيىن ، مال ساتقۇچى پەلتونى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى . ھېنىمبانۇ پەلتونى كىيىپ ئەينەككە قارىۋىدى ، ئۆزىنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدى . مال ساتقۇچى ئۇنىڭغا :
— توۋا ، سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوبدان كەلدى . بەك ياراشتى ، — دېدى كۆلۈپ تۇرۇپ ، ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا قاراپ :
— قانچە پۇل بېرەي ؟ — دەپ سورىغاندى ، مال ساتقۇچى :
— بىر مىڭ سەككىز يۈز يۈەن ، — دېدى . ھېنىمبانۇ بۇ باھانى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى .
— نەچچە دېدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى مال ساتقۇچى خاتا دەپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ ھېنىمبانۇ . مال ساتقۇچى يەنىلا باياتىنقى باھانى تەكرارلىدى . ھېنىمبانۇ مال ساتقۇچىغا خىجالەتچىلىك بىلەن :
— كەچۈرۈڭ ، مەن بۇ پەلتونى ئالالمىغۇدەكمەن ، — دەپ پەلتونى سېلىپ تۇرۇشىغا ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەرنىڭ :
— سىز ئۇ پەلتونى ئالالايسىز ، پۇل بەرمىسىڭىزمۇ ھەقسىز كىيەلەيسىز ، — دېگەن ئاۋازىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران قال-دى .
— دانىيال ! ... ، — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ . دانىيال ئۇنىڭغا قاراپ :
— ھېنىمبانۇ ! — دېگىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ھې-نىمبانۇمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ، بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى .
— ھېنىمبانۇ ، بۇ شىركەتنىڭ ئىش باشلىغىنىغا بىر ئايدەك ۋاقىت بولدى . يۈرۈڭ ، ئىشخانامغا چىقايلى . ئىشخانام ئۈستۈنكى قەۋەتتە ، — دېدى دانىيال ھېنىمبانۇنىڭ ئوتتۇندەك يىرىك قولىنى پاختىدەك ئىسسىق ئالىقىنىغا ئېلىپ چىڭ سىقىپ تۇرۇپ .
ھېنىمبانۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ دانىيالغا باشتىن - ئاياغ كۆچلۈك مېھىر بىلەن نەزەر تاشلىدى . ئۇنىڭ سارغۇچ چاچلىرى ئارقىغا تارالغان ، قارامتۇل چىرايى سەمرىپ تولغان ، قاشلىرى ئۇ بىللە ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

چاغدىكىدەك قارا ھەم ئەگىم بولۇپ ، چوڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئۇ قىزغۇچ شىم ـ كاستۇم ، كاستۇم ئىچىگە كۆل رەڭ يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ، چىپار گالىستۇك تاقىغانىدى . ئۇستۇبـ شىدىن ئەتىرنىڭ خۇش ھىدى تارقاپ تۇراتتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە تويماي قاراشتى ، كۆزلىرىدىن سەممىي مېھىر تارقىدى . بۇنداق ھالەت ناھايىتى قىسقىلا داۋام قىلدى . دانىيال ئۇنى ئۇستىگە باشلاپ ماڭدى .

— قېنى كىرىڭ ، بۇ مېنىڭ ئىشخانام ، — دېدى دانىيال ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىۋېتىپ ناھايىتى قىزغىن ھالدا . ھېنىمبانۇ ئازادە ، يورۇق ۋە كۆركەم جابدۇلغان ئىشخانا ئىچىگە كىرىپ دانىيالنىڭ تەكلىپى بىلەن ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان دانىيالغا قاراپ :

— دانىيال ، بىز بىللە ئوقۇغان ئاشۇ چاغلارنى ئەسـ لەمسىز ؟ — دەپ سورىدى دانىيالنىڭ ئۆزىگە بەكلا تونۇش بولغان خۇش چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ .

— ئوقۇغان چاغلارنىلا ئەمەس ، سىزگە كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن چاغلارنىمۇ ھەرقاچان ئەسلەۋاتىمەن ، — دېدى دانىيال ئۇنىڭغا جاۋابەن . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېنىمبانۇ قۇلىقىغىچە قىزىـ رىپ كەتتى .

— كەچۈرۈڭ ، ئۇ چاغدا مەن ئامالسىز قالدىم ، — دېدى ھېنىمبانۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .

— ھېنىمبانۇ ، — دېدى دانىيال ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانـ لىقىنى كۆرۈپ ، — مەن سىزنىڭ ئىز ـ دېرىكىڭىزنى سۈرۈشـ تۈرەي دەپ تۇراتتىم . بۈگۈن قارىسام ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان . مەن سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم . ھازىر قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز ؟

— بولىدۇ ئىشقىلىپ ، ھەر ھالدا يامان ئەمەس تۇرـ دۇم ، — دېدى ھېنىمبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ .

دانىيالنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى .

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس تۇردۇم دەيسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېنىمبانۇدىن . ھېنىمبانۇ ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىندى - دە :

— مېنىڭ بەختسىزلىك بىلەن باشلانغان كۆنلىرىم ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ . مەن ھازىر يېرىم يولدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بىر ئايال .

— نېمە ؟ ھازىر ئېرىڭىز يوقمۇ ؟ ئاجرىشىپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — ئالدىراپ سورىدى دانىيال . ھېنىمبانۇ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي ، ئۈن - تىنسىزلا ئولتۇردى . دانىيال ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ :

— مەنمۇ ئۈچ بالا بىلەن يالغۇز قالدىم ، — دېدى بوش ئاۋازدا . ھېنىمبانۇ كۆزىنى يەردىن يۆتكەپ دانىيالغا قارىدى .

— نېمە ؟ سىزمۇ بەختسىزمۇ ؟ ئايالىڭىزدىن ئاجرىشىپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — ھېنىمبانۇ ئۇنىڭدىن سورىدى . دانىيال :

— ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتمىدىم . قازا قىلىپ كەتكىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى ، — دەپ جاۋاب بەردى . ھېنىمبانۇ :

— ئۈچ بالىڭىز مېنىڭ بالىلىرىمدەك يېتىم بوپتۇ ، — دېگەنىدى ، دانىيال ئۇنىڭدىن :

— سىزنىڭ قانچە بالىڭىز بار ؟— دەپ سورىدى . ھېنىمبانۇ :

— ئىككى قىزىم بار . چوڭى ياپونىيەدە ئوقۇيدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . دانىيال ئارقىدىنلا سورىدى .

— بەك ياخشى بوپتۇ . سىز بىر ئايال تۇرۇپ قىزىڭىزنى چەت ئەلدە قانداق ئوقۇتالىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ . ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارىغاندىن كېيىن :

— بەك ھەيران قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى. دانىيال كۈلۈپ تۇرۇپ:

— راستتىنلا ھەيران قالدىم. ھازىر دېگەن بىر بالىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا نۇرغۇن پۇل كەتكەن يەردە، چەت ئەلدە ئوقۇتۇشقا ئەلۋەتتە كۆپ پۇل كېتىدۇ ـ دە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادتا بەكلا قىينالغانسىز ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئانا ـ بالا تەڭلا كۈچىدۇق. ئۇ ئوقۇغاچ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپتى. مەن باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىپ، پاختا تېرىپ پۇل تاپتىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دانىيال ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ سورىدى، — سىز قەيەردە پاختا تېرىمەن دەپ يۈرگەنسىز؟

— نەدە پاختا تېرىش ئەمگىكى بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تەردىم. قىزىمنىڭ ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈن بىر پۇڭ پۇلنىمۇ تېجىدىم. ئىشقىلىپ، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق پۇل تېپىشقا بولىدىغانلىكى ئىش بولسا ھەممىنى قىلدىم، — دېدى.

— بەك كۆپ جاپا چېكىپسىز، ھىنىمبانۇ. بولدى، قىزىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش چىقىمىنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق جاپالارغا ئۆزىڭىزنى ئۇرماڭ، — دېدى دانىيال ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ ... بۇنداق قىلسىڭىز ... ، — ھىنىمبانۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، دانىيال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ مەن سىزنى ئىشخانامغا نېمىشقا باشلاپ كىردىم؟ سىز بۇنى بىلمەيسىز. مەن سىزنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىنلا بۇ شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاپ قويغاندىم. تەقدىر بۇگۈن سىزنى مەن بىلەن دەل ۋاقتىدا

ئۇچراشتۇردى . ئەمدى مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قېلىڭ . سىز بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيسىز . مەن ئۈرۈمچىدىكى باش شىركەتتە ئىشلەيمەن . ئەگەر سىز بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن دەپ تەكلىپىمنى رەت قىلسىڭىز كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ . نېمىشقا دېسىڭىز مەن سىزگە قەرزدار ··· چۈشەندىڭىزمۇ ؟ مەن سىزگە قەرزدار . مېنىڭ بۇ قەرزىمنى قايتۇرۇۋېلىشىمغا ئىمكانىيەت بې-رىڭ . شۇڭا تەلىپىمنى شەرتسىز قوبۇل قىلمىسىڭىز بولماي-دۇ ، — دېدى دانىيال ئىشخانىسىدا ئۇيان - بۇيانغا ماڭغاچ .

ھېنىمبانۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ھەيران بولۇپلا قالدى . چۈن-كى ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ چۈشتەكلا بىر ئىش بولۇۋاتاتتى . ئۇ دانىيال-غا قاراپ :

— دانىيال ئېيتىڭە . سىز بۇ سودا ساھەسىگە قانداق كىرىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى . دانىيال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئول-تۇرغاندىن كېيىن :

— ھېنىمبانۇ ، دادىڭىز ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا قوشۇل-ماي ، سىزنى مەجبۇرىي ياتلىق قىلغاندىن كېيىن ، مەن بۇ ئەلەم-گە چىدىماي ئوقۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتىم . دادام ئازراق دەسمايە سېلىپ بەرگەنىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ گازىر-چىلىق قىلدىم . دەسمايەم كۆپەيگەنسېرى يېڭى - يېڭى تىجارەت-لەرگە يۈزلەندىم . شۇ مەزگىللەردە ئامىنە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىپ ، ئۇزۇن مەزگىل ئۈرۈمچى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئارىلىقىدا يۈرۈپ تىجارەت قىلدىم . ئۈرۈمچىدە بىر دۇكىنىم بار ئىدى . ئۇنى ئامىنە باشقۇردى . ئۇ ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز تۇغدى . ئوزاقى يىلى ئۇ رەھمەتلىك يۈرەك كېسىلى بىلەن تۇيۇق-سىز تۈگەپ كەتتى . چوڭ ئوغلۇم تۈركىيە نوپۇسىغا ئۆتۈپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى . يەنە بىر ئوغلۇم ئۈرۈمچىدە بىر بانكىدا خىزمەت قىلىدۇ . قىزىم بولسا تېبابەتچىلىك كەسپىدە ئوقۇۋېدۇ . مەن ئۈرۈمچىدىكى باش شىركەت بىلەن بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

تارماق شىركەت ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرۈيمەن ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ .

ھېنىمبانۇ بىردەم گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— دانىيال ، سىز بۇ شىركىتىڭىزگە خىزمەتچى خادىم قوبۇل قىلامسىز ؟ — دەپ سورىدى . دانىيال ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن ئۇزۇن تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن :

— نېمە ؟ ئىشسىز قالغان بىرەر ئادىمىڭىز بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى . ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك نەزەردە قاراپ :

— دانىيال ، مېنىڭ ئىشسىز قالغان تۆت دوستۇم بار ئىدى . ئۇلار ماڭا ئوخشاشلا دەرد ـ ئەلەم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقانلار . ناۋادا مۇمكىن بولسا ئۇلار بىلەن بۇ يەردە بىللە ئىشلىسەم ، ئۇلارمۇ مۇقىم ئىش ئورنىغا ئىگە بولغان بولاتتى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىرىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتمىگەن بولاتتى ، — دېدى .

دانىيال شۇ ھامانلا :

— ئۇلار سىزنىڭ بىر يۇرتلۇق دوستلىرىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى . ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا ئەنسىز نەزەردە قاراپ :

— بىر يۇرتلۇق ئەمەس . مەن ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ بىرگە پاختا تەرگەن . ماڭا ئىشىنىڭ ، ئۇ ئاياللارنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن ، ئۇلارمۇ ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان ئاق كۆڭۈل ئاياللار . مۇمكىن بولسا سىز ئۇلارغا ياردەم قىلىپ ، ئۇلارنى شىركىتىڭىزگە قوبۇل قىلغان بولسىڭىز بەكلا ئوبدان بولاتتى .

دانىيال ھېنىمبانۇغا قاراپ قويغاندىن كېيىن :

— بۇ شىركەتنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى سىزگە بەردىم . ئۇلارنى ئۆزىڭىز خالىغانچە بىرەر ئىشقا قويسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى .

ھېنىمبانۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە :

— دانىيال بۇ راستمۇ ؟ بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ ؟ سىز

راستىنلا قوشۇلدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى . دانىيال كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ :
— مەن دېدىمغۇ ، بۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى بۇنىڭدىن كېيىن سىز تۇرسىڭىز ، مېنىڭ قوشۇلماسلىقىقا ھەددىممۇ ؟ — دېدى چاقچاق ئاھاڭدا .
شۇ تاپتا ھېنىمبانۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى . ئۇ دانىيالنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ ، مېھرىبانلىقىنىڭ ۋە خۇش چاقچاق مىجەزىنىڭ پەقەت ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى .
شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دانىيال راست دېگەندەك ، شىركەتنىڭ بارلىق ھېسابىنى ۋە ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى ھېنىمبانۇغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئەتىگىنى ھېنىمبانۇ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .
شۇنداق قىلىپ ھېنىمبانۇ شىركەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى بىر مۇساپە ئەنە شۇنداق باشلاندى .
ئۇ بىركۈنى ئەتىگەندە زۇپتۇمە ، زىۋىدە ، نۇۋىيە ، ھەممىدە قاتارلىق ھەمراھلىرى بىلەن تېلېفوندا ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى ۋە بىرگە كۆرۈشىدىغان جاينى دېيىشىۋېلىشتى . ھېنىمبانۇ ئىككى كۈندىن كېيىن ۋەدىلەشكىنى بويىچە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلاندى . شوپۇرىنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە دېيىشكەن ئورۇنغا قاراپ ماڭدى .
بۇ كۈنى ھاۋا خېلىلا تۇتۇق ئىدى . سوغۇق بەدەنگە نەشتەردەك سانجىلاتتى . ھېنىمبانۇ ئۈستىگە ھال رەڭ قاما پەلتو كىيىۋالغانىدى . ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن دېيىشكەن ئاشخانىغا كىردى ۋە ئايرىمخانىدىكى بىر يۇمىلاق شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە چاي ئىچكەچ ھەمراھلىرىنى كۈتتى .
ئالاھازەل يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خانىنىڭ

ئىشكى ئېچىلىپ، نىۋىيە كىرىپ كەلدى.

— ھېنىمبانۇ!...

— نىۋىيە!...

ئۇلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھايال ئۆتمەي باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. ھەممەيلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ ۋە بىر - بىرىنىڭ يۇزلىرىگە يۇزلىرىنى يېقىشىپ كۆرۈشتى. ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى كۈنلىرىدە بولغان ئىشلارنى سۆزلەشتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېنىمبانۇگە ھەيران ئىدى. زۈپتۇمە:

— ھېنىمبانۇ، ساڭا خىزىر يولۇقتىمۇ، نېمە؟ كىيىملىرىڭ بەكلا ئېسىل ھەم چىرايلىق، ئۆزۈڭ باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ. ھېنىمبانۇ ھەممەيلەنگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— راست ئېيتتىڭ زۈپتۇمە. ماڭا راستتىنلا خىزىر يولۇقتى، — دېيىشىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ - تاڭ بولۇشتى.

نىۋىيە ئۇنىڭغا:

— دېگىنە، ئاڭلاپ باقايلى. ساڭا قانداق خىزىر يولۇقتى؟ — دەپ سورىدى.

ھېنىمبانۇ كۈتكۈچىگە دەپ ئاۋۋال تاماق كەلتۈردى، ئاندىن كۆپچىلىكنى تاماققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— جېنىم دوستلىرىم، مەن سىلەرگە دانىيال ئىسىملىك بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى، ئەمما ئاتا - ئانام ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا قارشى تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنىم ئېسىڭلاردىدۇر. مانا ئەمدى خۇدا ئۇنى ماڭا قايتىدىن ئۇچراشتۇردى. بۈرۈن ئۇنىڭغا قىلغان بەزى ياخشىلىقىم ئۇچۈن، ئۇ مەن سىزگە قەرزدارمەن، سىزگە ئاشۇ قەرزنى قايتۇرمىسام بولمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن كەتمەڭ دەپ مېنى بۇ شەھەردە-

كى كىيىم - كېچەك شىركىتىگە دىرېكتور قىلىپ تەيىنلەپ قويدى. بۈگۈن شۇڭا سىلەرنى مەن بىللە ئىشلىسەكەن، دېگەن ئۈمىدتە چاقىرتتىم. سىلەر مۇمكىن بولسا مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنى رەت قىلماي مەن بىلەن ئىشلىسەڭلار. ئايلىق مائاشىڭلارغا هازىرچە هەر بىرىڭلارغا بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن بېرىمەن، — دېدى.

ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاڭ - تاڭ بولغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن هاياجىنىنى باسالماي قېلىشقاندى. نىۋيە:

— جېنىم دوستۇم، ساڭا مۇبارەك بولسۇن! تېخىمۇ پەيزى ياشاپ كەت! — دەپ ئۇنى مەهكەم قۇچاقلىدى. باشقىلارمۇ:

— ياشاپ كەت دوستۇم! ···، — دەپ تەڭلا چۇرقىراشتى هەمدە ئۇنى ئورىۋېلىشتى. هەممەيلەننىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى.

هېنىمبانۇ ئۇلار بىلەن قانغۇچە مۇڭداشتى، ئۇلارنى تازا مول، تازا ئوبدان مېهمان قىلدى.

ئۇلار شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن، هېنىمبانۇ ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەهۋالىغا ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ناهايىتى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا شىركەتتىن پۇل چىقىرىپ هەربىرىگە بىر يۈرۈشتىن ئۆي تەييارلاپ بەردى. هېنىمبانۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئائىللار ئۇزاققىچە هاياجىنىنى باسالمىدى. هەممەيلەننىڭ تۇرمۇشىدا ۋە هاياتىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ياخشى كۈنلەر ئەنە شۇنداق داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دانىيال هېنىمبانۇنىڭ ئىشخانىسىغا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. هېنىمبانۇ ئۇنى هەم هەيرانلىق، هەم خۇشاللىق ئىچىدە قىزغىن قارشى ئالدى.

دانىيال ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكـ
دەك داۋاملىشىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى . ھېنىمبانۇ :

— ناھايىتى ياخشى ، — دېدى ئۇنىڭغا ھۆرمەتتە .

— جايىڭىزدا ئولتۇرۇڭ ، — دېدى دانىيال كۈلۈپ تۇرۇپ
ئۇنىڭغا . ئۆزى بىرىپ ساپادا ئولتۇردى .

دانىيال ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى :

— قانداق ، ھەممە ئىشلار ياخشى يۈرۈشۈۋاتامدۇ ؟ —
ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا قاراپ :

— ياخشى ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ۋە سۆزىنى داۋام
قىلدى ، — سىزگە گېپىنى قىلغان ھېلىقى ھەمراھلىرىمىز
شىركەتكە كېلىپ ئىشقا چۈشۈپ بولدى . ئۇلار ھازىر بەكلا
خۇشال ،— دېدى شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ
بولغاندىن كېيىن .

— شۇنداقمۇ ؟ ئاخىر ئارزۇيىڭىزغا يېتىپسىز ـ ھە ! —
دېدى دانىيال ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىگە
ھۆرمەت بىلەن قاراپ .

— سىز بولمىغان بولسىڭىز ، مېنىڭمۇ ھەم ئۇلارنىڭمۇ
بۇنداق زور بەختكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، — دېدى
ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەتتە . دانىيال ھېنىمبانۇگە مۇلايىملىق
بىلەن قاراپ :

— ھېنىمبانۇ ، مېنىڭمۇ بىر تىلەك ـ ئارزۇيۇم بار ئىدى .
بۇ قېتىم سىزنىڭ مېنىڭ ئاشۇ ئارزۇيۇمنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشـ
ىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىم ، — دېدى دانىيال ئۇنىڭغا . ھېنىمـ
بانۇ ئۇنىڭغا سۈرەتتەكلا قاراپ قالدى ۋە دەرھاللا ئەسلىگە كېلىپ
سورىدى :

— ئېيتىڭە ، ئاكلاپ باقاي ، بۇ گويا ئاتا ـ ئانا كىچىك
بوۋاقتىن ماڭا قانداق مېڭىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز دېگەندەك بىر
ئىش بولدىغۇ ، — دېدى ھېنىمبانۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھەييارلىق

بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ . دانىيال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇستىلى-
نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېيتتى :

— ھېنىمبانۇ ، قەلبىمنى ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ ئوت بىر ھا-
زىرغىچە كۆيدۈرۈپ تۇرۇپتۇ ... ئىشىنىمەن ، بۇ ئوتنىڭ يەنە بىر
ئۇچقۇنى سىزدە . ئاشۇ ئۇچقۇن يالقۇنغا ئايلانمىسا بەلكىم سىزنى-
مۇ ھەم مېنىمۇ بىر ئۆمۈر قىيناپ چىقىشى مۇمكىن ... بىز ئۆز
ۋاقتىدا بىر - بىرىمىزنى ئەڭ سەمىمىي ۋە پاك سۆيگۈ بىلەن
ياخشى كۆرۈشكەن . ئەمما توي قىلىش بىزگە نېسىپ بولمىغان .
ئۇ ئۆتمۈشكە ئايلاندى . ئەمما ئۇ ئوتنىڭ سىز بىلەن قايتا كۆرۈش-
كەندىن كېيىن يۈرىكىمدە كۈندىن - كۈنگە يېلىنجاپ ، يېڭىلىنى-
ۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن . تەقدىر بىزنى قايتىدىن ئۇچراش-
تۇردى . ئەمدى بىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ
يوق . توي قىلىش شارائىتىمىز ھازىر تامامەن پىشىپ يېتىلدى .
بىز تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ئوچاقلىرىدا ياخشى تاۋلاندۇق . ئەمدى
ئىككىلىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق . مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن ،
بىز ئۇچۇن بۇنىڭدىن كېيىنكى يول تېخىمۇ داغدام . ئىككىمىز
ئەمدى توي قىلايلى . ئاتىسىز ھەم ئانىسىز يېتىم باللارغا ئاتا
ھەم ئانا بولايلى .

ھېنىمبانۇنىڭ چىرايىدىكى بىر قىزىللىق ئىككى بولدى .
دانىيال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتتى ۋە چىڭ
سىقتى . ھېنىمبانۇ ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان مېھرىبان چىرايىغا
قاراپ ئىچىدە : «دانىيال ، سىز مېنىڭ قەلبىمدە ھەقىقىي بىر
ئەركەكسىز... » دەپ پىچىرلىدى ۋە دانىيالنىڭ ئىسسىق ئالقى-
نىنى بارلىق مېھرى بىلەن قىستى . دانىيالنىڭ قوللىرىدىن بىر
خىل ئوتلۇق ھاياجان تارقىلىۋاتقاندەك ئىدى . ھېنىمبانۇ بېشىنى
ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى . دانىيال ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە
چاچلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن سىلىدى .

ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇرۇمچىدە توي قىلدى .

ھېنىمبانۇ رېستوران زالىدا ئۇچىغا ئەتلەستىن تىكىلگەن تۈي كۆڭلىكى كىيگەن بولۇپ ، بېشىغا ئارتقان قىزىل رومالى ئۇنىڭغا بەكلا ياراشقانىدى . ئۇنىڭ يېنىدا چىرايلىق كىيىنگەن زۇپتۇمە ، زىۋىدە ، نىۋىيە ھەمدە خاسىيەت قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ھېنىمبانۇنىڭ بەختلىك مىنۇتلىرىغا تەڭ شېرىك بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن تەنتەنە قىلىشتى .

ئۇلارنى ئۇزۇندىن بېرى تەلمۈرتكەن ئوتلۇق سۆيگۈ ۋىسالى ، ئويغاقلىقتىكى شېرىن چۈش ، قايتا تۇغۇلغاندەك چەكسىز بەخت ھېسلىرى ··· ئۆز قوينىغا ئالغانىدى . «كىشى ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمىسە ھامان ياخشى كۈنلەر نېسىپ بولىدىكەن ··· » ھېنىمبانۇ دەشت ـ چۆللەرنى ئاخىر تاماملاپ ، گۈزەل بوستانلىققا قۇچاق ئاچقان كارۋاندەك چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى···

图书在版编目(CIP)数据

彩色生活:维吾尔文/图尔逊·霍加阿卜拉著;一乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2009.3
ISBN978-7-5371-6126-8

Ⅰ.彩… Ⅱ.图… Ⅲ.长篇小说一中国一当代
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 162035 号

uyghurkitap.com

责任编辑：阿布里克木·艾山
阿米娜·买合苏提
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

# 彩色生活（维吾尔文）

（长篇小说）

图尔逊·霍加阿卜拉　　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　8.625印张
2009年3月第1版　2009年3月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN978－7－5371－6126－8 定价：18.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换